«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

شادلىققا چۆمگەن قورۇ

رەسسام: غازى ئەھمەد



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6
2008
新疆文化

ISSN 1008-6498
11>

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يازغۇچى، ژۇرنالىست، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «راست ئىشلار خاتىرىسى» ژانىرىدىكى ئېسىل ئەسەرلىرى بىلەن ئىجادىيەتتە يول ئېچىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئەدىب ئەزىز ساۋۇت ئەپەندى.

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «مۇھەببەت ناخشىسى»، «مېدالىئون»، «گاچا قىزنىڭ قەلبى»، «ئالتۇن پەردە قالمايدۇ»، «گۈزەللىك يۇلتۇزى»، «ھەسەل سېتىۋېلىش» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلاملىرى؛ «نۇرخان ئاچام»، «ۋاپادار ئىت» (راست ئىشلار خاتىرىسى) نەشر قىلىنغان؛ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلەردىن «ئەمىر تېمۇر كۆرەگان ھەققىدە قىسسە»(چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن نەشرگە تەييارلىغان)، «مەسنەۋى خاراباتىي»، «دىۋان قارىي»؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە تەييارلىغان.

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## سەھرا سۈرەتلىرى


سەھرادىكى ھېكايە...............(ھېكايە) ..... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 2


## روھ چۇقانلىرى


دىمۇزلۇك ئەخلاقنىڭ كېلىپ چىقىشى...(ئەبجەشنامە)......ئابدۇقادىر جالالىددىن 10


## «ئەدىبلەر چايخانىسى»دىكى پاراڭلار


ئۈچ ئەدىب بىلەن سۆھبەت ... تەييارلىغۇچىلار:... ن. ئۆمەر ئۇچقۇن قاتارلىقلار 13

«يۇرەكتاغ»نىڭ ئەپسانىۋى قاتىلمى............نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 34


## ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ ـــ ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ


ھاراق...........(ھېكايە)............ ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 40


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............... غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك قاتارلىقلار 46


## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


نەزىرىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى ۋە رېئاللىقىمىز.....دىلئارام قۇربان ئايتۇرك 57

«تۇغۇتتا ئۆلگەن» قازانلار.........(فېليەتون) ......... ئابدۇرەھىم ھەكىمي 62


## تەقدىرنىڭ تەدبىرىگە


ئەقىل- پاراسەت، مەۋجۇدلۇق ۋە مەھكۇملۇق.........تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 64


بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا تەكشۈرگۈچى: قۇربان مامۇت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 6- سان
( ئومۇمىي 294- سان )

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشلىقىدا دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سەھرادىكى ھېكايە

(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

## 1

بۇ مەھەللىدىكىلەر ئاخىرى كۆۋرۈك سېلىشقا كىرىشتى.

مەھەللىنى شور جاڭگالغا تۇتاشتۇرىدىغان ئوكغول ـ دوكغول توپىلىق مەھەللە يولى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا قومۇش ـ پېيزەكلەر ئۆسۈپ، توزغاقلار ئۇچۇپ تۇرغان زەيكەشكە بېرىپلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۈزۈلۈپلا قالمايتى. زەيكەشتىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يول بار ئىدى. قومۇش ئورغان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى كولىغان، تۇز يىغقان، يۇلغۇن ئوتۇنى يىغقان، مال باققان، قوشنا ناھىيگە تۇغقاندارچىلىققا ماڭغان يولۇچىلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىدىن ھاسىل بولغان يىلان باغرىدەك ئەگرى ـ بۈگرى مەھەللە يولى بار ئىدى. بۇ يولدا چىرايلىرى ئاپئاپتا كۆيۈپ كۆمۈردەك بوپكەتكەن تۇزچىلار لوپ ـ لوپ ماڭغان تۆگە ھارۋىلىرىنى ئەزمىلىك بىلەن ھەيدەپ، چىلەكتەك يوغان چويۈن كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ كۈندە ئىككى ۋاخ قاتناپ تۇراتتى. ئۆيلىرىدىكى ماللىرىغا يەم ـ خەشەك يېتىشمەيۋاتقان مالچىلار جاڭگالدىن قومۇش، جىگدە ـ ياتاق يىغىپ مۇشۇ يول بىلەن جاھاندارچىلىق قىلاتتى. پادىچىلارمۇ ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ ئىسقىرتقىنىچە مۇشۇ يولدىن كېلىپ ـ كېتەتتى. ئىشقىلىپ بۇ يول مۇشۇ مەھەللىدىكىلەر ۋە قوشنا يېزا ـ مەھەللىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىكىدە بەك مۇھىم ئىدى. لېكىن بۇ يول پېيزەكلىك زەيكەشكە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالاتتى. زەيكەش نەچچە يىل ئىلگىرى زېمىننى زەي بېسىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن چېپىلغان بولۇپ، خەقلەر كەڭلىكى تۆت مېترچە كېلىدىغان بۇ زەيكەشكە ئەگرى ـ بۈگرى بادىرا ـ شاللارنى تىزىپ، ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا، چاۋار ـ چاتقاللارنى تاشلاپ توپا بىلەن باسۇرۇپ قويياتتى ـ دە، ئۆتۈۋېرەتتى. ھەر قېتىم قار ـ يامغۇر ياغسا ئۈستى لاي ـ پېتىق بولۇپ تېشىلىپ كېتەتتى. قوي ـ ئۆچكىلەر تۆشۈكتىن ئۈركۈشۈپ يامان تەسلىكتە ئۆتۈشەتتى. لېكىن جاھىل ئېشەكلەر تۆشۈكنى كۆرگەن ھامان مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇۋالسا، ئىگىسىنىڭ ئاغزى «خىت!» دەۋېرىپ تېلىپ، كۆپۈك بوپكېتەتتى. ئاستىدىن زەي سۇ ئېقىۋېرىپ ، ئۈستىدىن تۆشۈك ـ كامارلاردىن توپا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۇلياۋ ـ يالتىراقلارنى يېپىۋېرىپ، نەم توپا تاشلاۋېرىپ كۆۋرۈكنىڭ ياغىچى تېزلا سېسىپ كېتەتتى. ياغىچى سېسىغان كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئۇلاغ ـ ھارۋىلار چۈشۈپ

سەھرا تىسۇرەتلىرى

كېتىپ ئادەملەر يارىلانغان، ئۆلاغلار ئۆلگەن ۋەقەلەر تولىراق يۈز بېرىدىغان بولغاندىن بېرى مەھەللىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز يانلىرىدىن ئاز-تولا مەبلەغ يىغىپ ھەمكارلىشىپ بىر بېتون كۆۋرۈك سېلىپ، زەيكەشتىن يۈرەكئالدى بولۇپ ئۆتۈشكە خاتىمە بېرىشكە بەل باغلاشقانىدى.

«ئەلنىڭ ئىشىدا ئەللىك يۇتاق» دېگەندەك، مەسلىھەت تېزلا بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، ئىش باشلايدىغان چاغدا گەپ-سۆز كۆپىيىپ قالدى. ئۈستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، كېتەرلىك مەبلەغنى يىغىش، يۇرۇشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بىر خالىس باش بولغۇچى تەيىنلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان كەنت كادىرى ئەيسا موتىسكىلتتىن چۈشمەي بىر پۇتىدا يەر تىرەپ، ئولتۇرغانلارغا قارىدى:

— ئولتۇرۇپ قاپسىلەغۇ؟

— جاڭگال چېكىسىدىكى ئۇۋۇ زەيكەشكە بىز كۆرۈك سالايلى دېيىشىۋاتىمىز، — دېدى مەھەللە ئاقساقىلى ھامۇت ھاجى، - كۆرۈك سېلىشقا باش بولىدىغان، خىراجەت ژىغىدىغان ئادەم بېكىتىشىۋاتىمىز.

— ھە، بولاپتا، - دېدى ئەيسا خەقلەرگە قاراپ، - مەبلەغنى ژىغىپ نەق قىلىڭلا، نامەت كاسسي ھېسابنى باشقۇرۇپ بەسۇن.

— « ياغ پۇراتقاندا ئەرۋاھ ئولىشىپتۇ» دەپ، ھەممە بىزمە نەق بوسا ھېساب باشقۇغۇڭلا كېپقاپتۇ ئىيسىراخۇن! - دېدى سىم ساقاللىرى يۈزلىرىنى تۇگەل باسقان كۆكۈش كۆز ھەيدەر ئەلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق دەپتىرىنىڭ ۋارىقىدىن يىرتىلغان قەغەزگە ئورالغان تاماكىسىنىڭ چۇۋۇلغان يېرىنى تۈكۈرۈك بىلەن نەمدىگەچ، — دىخانلا تەشكىلگە ئېغىرىمىزنى سامماي بىز ئىش قىپياقلى دېسەك نامەتنى، مەممەتنى، ئەممەتنى ئارىلاشتۇغۇڭلا كېۋاتامدا؟

— نىمداغ تە بولسەن؟ بۇنداق ئىش دېگەنگە زېھىن كېتىدا. ئۈششاق گەپ تولا بولىدا. شۇڭا دەيمە.

— پۇل بوسلا تەييا ھېساپنى كىچىك بالمۇ باشقۇرالايدا.

ئولتۇرغانلار ئەمدى باش بولغۇچى كىشىنى تەيىنلەشكە كىرىشتى.

— ئەمدى، بىزئىشنى باشقا ئېچىقالايدىغان خالىس بىزەيلەننى بۇ كۆرۈككە باش قىلىلى.

— شۇنداغ، ئالدىرىماي كېڭەشكۈلۈك. « كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دەپتىكەن.

— مېنىڭچە، — ھەيدەر ئەلى چۇۋۇلۇپ قولاشمىغان تاماكىسىنى چۇرۇۋېتىپ سۆزگە ئارىلاشتى، — خەللا خۇننى قويىلى. ئۆزىنىڭ خېلى دىتى با. ئەستايىدىل...

— چىك. قويە ئۇ ژىلمانى، - دېدى جۇماخۇن ئىشتىنىنىڭ يىرتىقىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ پۇتلىرىنى چىڭ جۈپلەپ ئولتۇرغىنىچە، — دەنشى كۆسە ئېلاندىن تاتىپ چالا قويماي كۆرىدىغان ئادەم ئەستايىدىل بولامدا. بۇنداغ ئىشقا خام كېلىدا.

— تۇداخۇنمۇ بولىتى.

— بىز جايىدا شۇك تۇمايدىغان ئاقسا گۆي شېغىل تاشنى ئېكىپ قوياپ بېشى قېيىپ كەتسە قايداغ قىلىمىز؟

— ئوبۇلھاشىمچۇ؟

— ئادەم تاپامىغانىدەك ئىشۇ گۆيغا پۇل تۇتقۇزغىلى بولامدا. جازا مۇددىتى توشاپ ئەمدى تۇرمىدىن چىققان گۆي باش بوممىسا ئىشۇ كۆرۈك پۇتمەسما.

— ناسىران ئۇستام بولامكى-يا.

— بىز باشنىڭ چېچىنى ئېپىوغىچە «مىڭبىر كېچە»نىڭ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ بولىدىغان ئەزمە ئادەم ئۇ. كۆرۈك سېلىش چاچ چۇشۇگەنگە ئوخشىمايدا.

— شۇ، تاش دېگەنگە تاشتەك تۇمسا بومايدا.

— ھەلىم بايۋەچچىنى قويامدۇق؟

— خەق ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىپ ماڭسىمۇ تېرە باما دەپ بىژ ئايلىق ژىراقتىن قوغلاپ بارىدىغان بىژمە بىلەن ئاچا قورۇق يەگە چىمەيدا.

— ھە ئە، ئۇ مۇشۇ كۆرۈككە ئاتاپ پۇل بەگىلى چىدىسىمۇ چوڭ گەپ جۇما!

خەقنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ھەلىم بايۋەتچى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن دەس تۇرغانچە خاپا بولدى:

— ئالدى-ئاقاڭلىغا قايلاپراق گەپ قىلىڭلا جۇما. ھەجەپ دېدىڭلا ئادەمنى قايلىتىپ قوياپ. سىلى چىدىغانىغا مەنمۇ چىدايمە.

خەقلەر يېنىك كۈلۈشتى.

— ئەڭ ياخشىسى ھەيدىراخۇن قىلسۇنمىكىن. ئۆزىمۇ كەسكىن ئادەم.

— راس، سەنلا بىز باشقا ئېچىقە، ھەيدىراخۇن.

ئۇ ئۇياققا تارتىپ، بۇ بۇياققا تارتىپ، ئاخىرى كۆۋرۈك سېلىش ئىشى ھەيدەر ئەلىگە يۈكلەندى.

## 2

مەھەللىنىڭ ئۇزۇن-توغرا كوچىلىرىدىكى ئۆيلەرنى بىر باشتىن قىدىرىپ كېلىۋاتقان ھەيدەر ئەلىنىڭ بۇ ئىشى كېڭەش سورۇنىغا قاتنىشالماي قالغانلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. ئەڭ دەسلەپ ھەيدەر ئەلىنىڭ ئالدىغا چىققان ھاۋاز ئاخۇن:

— باشقا خەخنىڭ ئۆيىگە چىرىڭلا. مەندىنلا ژىغامتىڭلا، يالغۇز مەنلا ئۆتەمدىميا ئۇ كۆرۈكتىن؟ — دېدى چېچىلىپ.

— سىلىنىلا ئۆتىدۇ دېمىدىم. مۇشۇنداغ بىژ باشتىن ژىغىۋاتىمە.

www.uyghurkitap.com

ــ چۈگىلەپ بى كېلىڭلا ئاۋىلام.

ــ بازادا سائىلغا گەپ قىغاندەك گەپ قىمماڭلا، ھاۋزاخۇن. مەن تىلەمچى ئەمەس، ــ دېدى ھەيدەر ئەلى تېرىكىپ.

يەنە بىر ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن رەمەت زاكونچى ھەيدەر ئەلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا تەرىنى تۈردى:

ــ مۇشۇنداغ ئىشلانى قىلامىكى دەپ ئىساخانىنى باشلىق سايلىغان. ئىساخان ياسسا بومامدىكە ئۇ كۆرۈكنى؟ خەقتىن پۇل ژىققىچە.

ــ ئۇمۇ يېزىدىكىلەرگە دەپتىكە، يېزىدا ھازىر مەبلەغ قىس، بىرە ژىل تۇپ تۇرۇڭلا، مەبلەغ جۇغلاپ قىپ بېرلى دەپتۇ. ئاڭغىچە قايلاپ تۇساق ئۇ كۆرۈكتىن تولا چاتاغ چىقىۋېرىدىكەن. ئۆزىمىز ئۆتىدىغان كۆرۈك بوغاندىكىن، بۇنداغ ئۇششاق ئىشلارنى ھۆكمەتكە ئىغىرىمىزنى سامايلا قىلىۋېتەيلى دېدۇق. ئۆزىمىز ماڭىدىغان يولنىڭ كۆرۈكى ئەمەسما.

ــ ئۆزىمىز ماڭىمىز دەپ يېنىمىزدىن پۇل بەسەك ئىساخان ئاۋۇ جامي مەيدانىدىكى بىنەمنىڭ باشقۇرۇش ھەققىدىن ئىشككى كوي كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ ـ دە.

يەنە بىر ئۆيدىن چىققان، توڭكاي چىشلىرى ساپسېرىق سارغىيىپ كەتكەن پاكىنەك ئايال ھەيدەر ئەلىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپلا قاپىقنى سۈزدى:

ــ كۆرۈك سامىسسامۇچا، ساۋاپ بولىدىغان ئىشنى جىق قىۋاتىمە. يانا قايلىسام، خەخلە ئىدەمگە يۈز خاتىرە قىمماي « قېرى جۇگان، ئەر ئالماس» دەپ سۆز ـ چۆچەك قىپتۇ. ئۇ كۆرۈكتىن مال ھايداپ ئۆتىدىغان بالامۇ يوق. ئايدا ـ ژىلدا ئۆتەپ قامايمە. چىمدىن ژىغسىلا ـ ژىغسىلا. ئىشقىلىپ مەن بەمەيمە.

ــ « كاناي ياغلىغلى ياغ يوق سۇناي ياغلىغلى ياغ نەدە» دېگەنىدەك، ئىشك ئالدىدىكى چۇۋۇق كۆرۈكۈمنى ئوڭشىيامايۋاتسام، شو جاڭگالدىكى سېسىق زەيگە چىمنىڭ چولى ـ پۇلى؟

ــ سىلىزە پۇل ژىغىدىغان، دەپتە تۇتىدىغان ئىشقا سېزىك بولاپ قاپتىلە ــ ھە ھەيدىراخۇن؟! نامەت كاسسىنىڭ ئۇنىغا ئالمىشامسىلە ـ يا؟

ــ بىكاچىلىقتا ئىچىڭلا پۇشۇپ قىۋېتىپتۇ ھە ھەيدىراخۇن؟

بىرسى بىرنېمە دېدى . يەنە بىرسى بىر نېمە دېدى. ئىشقىلىپ كۆۋرۈككە پۇل بەرگۈسى كەلمىگەنلەر ھەيدەر ئەلىگە تاپا ـ تەنە قىلىپ خىجىل قىلدى. ھەيدەر ئەلىمۇ خەقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە زېرىكمەي ـ تېرىكمەي سوغۇققانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقتى. زەيكەشكە كۆۋرۈك سېلىشنى پايدىلىق تەرەپكە، ساۋابقا، يۇرتنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتىگە باغلاشتۇرۇپ سۆزلىدى. ياقا يۇرتلۇق يولۇچىلارنىڭ نەزىرىدە قاششاق، ھورۇن، پىخسىق، ئەسكى كىشىلەر بوپقالمايلى. بىزدىن كېيىنكىلەرگە بىر كۆۋرۈك نەمۇنە بوپقالسۇن. كېيىنكىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ جاڭگالغىمۇ مېھىر ـ مۇھەببىت باغلاپ، تەر ئاققۇزۇپ كەپتىكەن دەپ ئۆرنەك ئالسۇن، دەپ سۆزلىدى. پالانى جاڭگالدىكى زەيدىن ھارۋىسى غۇلاپ چۈشۈپ يارىلىنىپتۇ، ئۇلاغلىرى ئۆلۈپتۇ دېگەن ئاتنى كۆتۈرمەيلى. ھەممەيلەن بەردەم، چىرايلىق، قاۋۇل ئادەملەر بولغاندىكىن يۇرت ـ ۋاقىمىزمۇ بەردەم، رۇست، يول ـ كۆۋرۈكلىرىمىز پۇختا ـ بەلەن بولسۇن دەپ سۆزلىدى. ۋەتەننى، دۆلەتنى، مىللەتنى، يۇرتىمىزنى قۇرۇق پو، پاخپاق پاراڭلار بىلەن ئەمەس، جاڭگالدىكى زەيكەشكە سالغان ئاشۇ كۆۋرۈك بىلەن ئەمەلىي سۆيەيلى، دېدى. ھەممە ئىشتا ھۆكۈمەتكە تايىنىۋالماي ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەمكارلىشىدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرەيلى. قۇربىمىز يەتكەننى ئۆزىمىز قىلىپ باقايلى. ئۆزىمىزگە پايدىلىق، زۆرۈر ئىشلارنى ئالدىن قىلايلى، دەپ سۆزلىدى. «كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر»، ھەممىمىز بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقارساق ئىشلىرىمىز ئاسان بولغۇسى. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنىدە ھەممەيلەننىڭ يۈزىمىز يورۇق، كۆڭلىمىز ئازادە بولۇپ، ماڭغان يولىمىز ئاسان ۋە راۋان، خەيرلىك، قىلغان ئىشلىرىمىز بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى.

پۇلى بار، ھال ـ ئوقتى ياخشى كىشلەرگە قارىغاندا يەنىلا قول ـ ئىلكىدە بولمىغان سېرىق نەم دېھقانلارنىڭ قولى ئوچۇق بولدى.

ــ ئوبدان ئىش بولاپتا. بۇنداق ساۋاپلىق ئىشقا بىمىسەك قايداغ بولىدا، ــ دېيىشىپ ئاز ـ تولىدىن تاپقان ـ تەرگىنىنى چىقىرىپ ھەيدەر ئەلىگە بېرىشتى. قولىدا موتسىكلىت، ئاستىدا تراكتور ـ ماشىنا، دەرۋازىلىرى يوغان، ئايۋان ـ سارايلىرى چوڭ كىشلەر ھەدېسىلا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھەيدەر ئەلىگە دوققا ـ سوققا گەپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇۋەتتى.

3

جاڭگال يولى بىرنەچچە كۈندىن بېرى باشقىچە ئاۋاتلىشىپ قالدى.

پۈتكۈل يۇرت بويىچە ئۆي يېڭىلاش دولقۇنى قوزغىلىپ، خەتەرلىك، كېسەك، سالا ـ رەتكە كەلمەيدىغان كونا تام، كونا ئۆيلەر بىردەك چېقىلىپ رەتلىنىۋاتاتتى. بۇ دولقۇن يالغۇز بۇ مەھەللە، بۇ يۇرتتىلا ئەمەس پۈتكۈل ناھىيە بويىچە بولۇۋاتقاچقىمىكىن، خىشنىڭ باھاسى بىراقلا ئىككى ھەسسە ئۆسۈپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە قىسىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھەتتا كىرا ھەققىمۇ ماس ھالدا ئۆسۈپ، ئۆي سالىدىغانلارنى قىيىن ئەھۋالدا قويدى. خەق ئولتۇرسا ـ قوپسا مۇشۇ ھەقتە كوتۇلدىشاتتى:

ــ مال باھا ئىدارىسى نېمىش قىلىدىغاندۇ؟ ئىككى ماشىنا

قىشنىڭ پۇلىغا بىز ماشىنا قىش كېلىدىغان بولاپ قالدى...

— خۇمدانچى بىلەن شوپۇرلا قار ياغقاندا قۇشقاچ تۇتۇۋاتىدا. بۇنداغ ئىشلانى رەتكە سامىمادىغاندۇ.

— قوي ئەرزان، گۆش قىممەت. پۇلنىڭ كۈچى يوق. سېمونت بىلەن قىش قىممەت. ئەگەر ھۆكىمەت تولۇقلىما بەمەيدىغان بوسا ئىشىمىز تەسكەن.

— شۇڭا دىخانلا ھۆكىمەتتىن تولۇقلىما ئېلىپ پايدا ئېپكەتتى دەپ خوجايىنلانىڭ ئىچى قايناپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالدىمىكى دەيمە جۇما باللا.

— شۇ. شەيتاننىڭ ئىشىدىن پەرىشتە قىزغانغاندەك.

— بازا قالايمىقان بوپكەتمىگەن بوسا، تولۇقلىمىنىڭ پايدىسىنى ھەققى كۆرە ئىدۇق.

— شۇنى دەيمە. بازادىكى قىممەتچىلىك ھۆكۈمەت بەگەن تولۇقلىمىنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋاتىدۇ.

— ھۆكىمەت بازانى بىز رەتلىسە بولىتى، شۇڭا...

خەقنىڭ ئاغزىدىكى دىققەت مەركىزىدىكى پاراڭلار ئاشۇنداق داۋاملىشىۋاتقاندا بىرەيلەن قوشنا ناھىيىنىڭ مۇشۇ مەھەللە بىلەن قوشنا كېلىدىغان يېقىنلا جايدىكى بىر ئورۇندا بىر يېڭى خۇمدان پۈتۈپ ئىشقا كىرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئارىلىق يېقىن بولغاچقا بۇ مەھەللىدىكىلەر سوپەك-تراكتورلىرى بىلەنمۇ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالايتتى. شۇڭا ئۆي-ئۆيدىن سوپەك، قول تراكتورلار تارتىلداپ، قوشنا ناھىيىدىكى خۇمداندىن خىش ئەكېلىشكە ئاتلىنىشتى. مەھەللىنىڭ جاڭگالىغا چىقىدىغان ھېلىقى يولى خۇمدانغا ھەم ئۇدۇل، ھەم يېقىن بولغاچقا كىشىلەر تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن مۇشۇ يولنى تاللاشتى.

ئەمدى كىشىلەرگە زەيكەشتىكى ئەسكى كۆۋرۈك پۇتلاشتى. تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى زەيكەشنىڭ ھېلىقى كۆۋرۈكى ياغاچلىرى پورلاشقان، ئۇ يەر-بۇيېرى تېشىلىپ، توپىلىرى شىرقىراپ چۈشۈپ تۇرغان ۋەيرانە ھالەتتە تۇراتتى. «ياز يۇرۇش، كۈز كۆرەش» دېگەندەك، كۈز يېقىنلاشقانسېرى ئىشلىرى ئاقساپ قېلىشتىن ۋايىم يېگەن خەقلەر ئەسكى كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرىنىڭ قۇرۇق تراكتورنىمۇ كۆتۈرەلمەسلىكىنى ھېس قىلىشىپ چۈۋۈشتى-دە، زەيكەشنى يول بىلەن تەڭ توپا تاشلاپ تىندۇردى. ئەمدى ھەيدەر ئەلنى تەڭقىسلىق-خىجالەتچىلىكتە قويغان كۆۋرۈكنىڭ جىدىلى توختاپ تۇرغاندەك قىلغانىدى. خەقلەر چوڭ-كىچىك تراكتورلاردىن تارتىپ چوڭراق ئات-ھارۋا، تۆگە ھارۋىلىرىغىچە قۇربىتىگە يارىشا خىش توشۇپ ئىشلىرىنى تېزرەك پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىشاتتى. ئادەتتە پادىچى، تۇزچى ۋە ئوتۇنچىلار بىلەن جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ تۇرىدىغان بۇ جاڭگال ئەمدى قىزغىن، ئالدىراش ئەمگەك قاينىمىغا چۆمگەنىدى.

## 4

ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆز قائىدىسى ۋە پرىنسىپى بولىدۇ. ئاشۇ قائىدە-پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتسە ھامان چاتاق چىقماي قالمايدۇ. قىڭغىر ئىشنىڭ چاتىقى قىرىق يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ بىلىنىۋېرىدۇ. ئاۋۇ زەيكەشتىكى كۆۋرۈكنىڭ ئىشى قىرىق يىل ئەمەس، قىرىق كۈنمۇ ئەمەس، بەلكى تۆت كۈنگە بارار-بارماستىن، ئايىغى چۆل چىقتى. سۇ ئاقىدىغان يەردە چوقۇم كۆۋرۈك بولۇشى كېرەك. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى تېزلا تەتۈر نەتىجە كۆرسىتىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جۇۋىنىڭ يىڭچىلىك ئېقىۋاتقان كىچىك زەي ئېقىن كىشىلەر يول سالغىلى تۇزلىگەن توساققا ئاستا-ئاستا قېپىپ، زەيكەشنىڭ يۇقىرى تەرىپى لىق تولۇپ كەتتى. تولۇپ تۇرۇپ تۇرسىمۇ مەيلى ئىدى، قايغان سۇ تىندۇرۇلغان توپىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كىرىپ يول لۆمۈلدەپ كەتتى. تراكتور، ئات-تۆگە ھارۋىلىرى يۈك بىلەن ئۆتۈۋېرىپ يۈكنىڭ بېسىمى بىلەن لۆمۈلدىگەن جاي ئولتۇرۇشۇپ لاي-پېتىق بولۇپ، ئاخىرى بولمىغاندا، ھاۋاز ئاخۇننىڭ قىرىق ئات كۈچىگە ئىگە ئارا كوزۇپلۇق تراكتورى تۆت مىڭ خىش بېسىلغان كوزۇپ بىلەنلا لاي-پېتىق ئىچىدە سىڭارىيان بوپقالدى. چوڭ جۇپ چاقلار تۇرغان جاي ئويۇلۇپ، قايغان سۇ شىرقىراپ قۇيۇلۇپ، كۆتۈرمە يول ئاستا-ئاستا كولىنىشقا باشلاپ، يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا نەچچە كۈندە قايغان سۇ بىرلا دولقۇن ئۇرۇپ تىندۇرۇلغان توپىنى ئېقىتىپ كەتتى. خىش بېسىلغان كوزۇپ پەسلەپ-پەسلەپ بارغانچە زەيكەشنىڭ ئەسلىي ئۇلىدىكى قارا لايغا پېتىپ كەتتى. ئۇ ياقتىن يۈك بېسىپ، بۇياقتىن يۈكنى چۈشۈرۈپ قايتقان تراكتور-ھارۋىلار بۇ پېشكەلچىلىكتىن جىلە بولۇشۇپ، زەيكەشنىڭ ئىككى تەرىپىدە توسۇلۇپ قاتار تۇرۇپ كەتتى.

قالغانلارنىڭ جىلە بولۇشىغۇ تايىنلىق. تۆمۈر-تەسەكلىرى نېمىلا بولمىسۇن قۇرۇق يولدا. ھەممىدىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغىنى ھاۋاز ئاخۇن ئىدى. ئۇ، كوزۇپتىكى خىشلارنى بىردىن-بىردىن قىرغاققا تاشلاپ كوزۇپنى بىكارلىغىچە جېنى تۈمشۇقىغا كېپقالدى. ئىچىدە، كوزۇپ-ھارۋىلىرىنىڭ سايىسىغا ئەدىيال-چاپانلىرىنى تاشلاپ خىرامان ئۇخلاپ ياتقان شوپۇر-ھارۋىكەشلەرنىڭ كېلىپ ياردەم قىلىشمىغىنىنى يەتمىش پۇشتىغىچە تىللاپ، لەنەت ئوقۇدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارمۇ مۇشۇنداق پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا ئۆزىمۇ ئاشۇنداق خىرامان ئۇخلاپ ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە ئالدىن پۈكۈپ قويدى.

— ھۇخ خوتنۇڭنى! ... — دەيتتى ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ ئۆز-ئۆزىگە، — بىز مۇسۇلمان گۆي چىقىپ ھالىڭ قايداغ دېمەيدا؟ خەپ! ئەمدى كۆرىككە پۇل دەپ كېلىدىكە قېنى،

ئۆچىنى كېسۋالامسە، تۇۋۇنىمۇ دەۋىتىمە... قايلا، ئۇسىراق بۇراپ يېتىشقىنىنى ھېجىقىزلانىڭ. بوينۇڭ قاتلىشىپ ئۆلەسە، ئىلاھىم.

ھاۋاز ئاخۇن چاقىرتقان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى زەيكەش ئىچىدىكى تراكتورنى ئالدىچە، كەينىچە تارتىپ باقتى. ھەتتا پولات ئارقانمۇ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئاخىرى ھاۋاز ئاخۇن جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە بوز يەر ئېچىۋاتقان خەنزۇ خوجايىنىنىڭ توپا قېزىش ماشىنىسىنى قىممەت باھادا پۇتۇشۇپ چاقىرىپ ئەكېلىپ تراكتورنى چىقىرىۋالدى. زەيكەشتىن تارتىۋېلىنغان تراكتور پاتقاقتا قارىغۇسىز بوپكەتكەنىدى. ھاۋاز ئاخۇن قاپقارا لاي ئېقىپ تۇرغان تراكتورىغا بىر ئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بارلىق كۈچىنى تائېلىيغا يىغدى:

— خىق... تۇفقى!!!...

ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تراكتورىغا نەچچىنى تۈكۈرۈپ سەل دەردى چىققاندەك بولۇپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

5

مەھەللىدىكىلەر يەنە بىر قېتىم كۆۋرۈك سېلىشقا پۇتۇشۇشتى. ھاۋاز ئاخۇننىڭ تراكتورى پېتىپ قالغاندىن كېيىن خەقلەر بۇنداق پېشكەلچىلىكنىڭ يەنە ئايلىنىپ ئۆزلىرىگە كېپقېلىشىدىن قورقۇپ قېلىشقانىدى. ئەمدى نېمىلا بولمىسۇن ئاتىغىنىنى يىغىش قىلىپ بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشقا بەل باغلاشتى. ھەيدەر ئەلى يەنە بىر قېتىم ئۆيمۇئۆي سوكۇلداپ يۈرۈپ پۇل يىغىشقا ئاتلاندى. بۇ قېتىم خەقلەر گەرچە ياقتۇرمايۋاتسىمۇ بەش ـ ئالتە يۈەندىن بىرنېمە بېرىپ ھەيدەر ئەلىدىن تېزرەك قۇتۇلماقچى بولدى. تەتۈرلۈك قىلغىنى يەنىلا ھاۋاز ئاخۇن بولدى:

— ئۆتكەندە تراكتورۇم زەيگە پېتىپ قاغاندا بىرىكىم ماڭا ياردەم قىلمايدا. ئەمدى مەن ياردەم قىلامدىكەنمە؟

— يانا ئۆتكەنكىدەك بولاپ قالماسلىق ئۈچۈن ياردەم قىلىڭلا ئەمدى. بومىسا يانا خاپىلىق تاتىپ قالمىز.

— خاپىلىقنى يالغۇز مەنلا تاتامدىكەنمە؟ خەقنىڭ تراكتورىمۇ بىر پېتىپ باقسۇنا. ئاندىن پۇل بېرىمە!

— ھوي ـ ھوي، بۇ قايداغ گەپ ئۆزى، ھاۋازاخۇن. خەقنىڭ تراكتورى پېتىپ قالسا سىلىگە نېمە پايدىسى با؟

— ئۆتكەندە تراكتورۇم پاتقاقتا پېتىپ قاغاندا ھەقاسىڭلا تاماشا كۆرەپ ئۆتتاغان. مەن ئۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قاممىدىم.

— ئۇنتۇمىغان بوساڭلا پۇل چىقىرىڭلا. ئۆملەكلىشىپ كۆرۈكنى ياسىۋاللى.

ھاۋاز ئاخۇن ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ يۈرۈپ پىشكى يۈەنىدى. بەش يۈەننى ھەيدەر ئەلىگە قىيالماسلىق بىلەن ئۇزاتتى.

— شۇنچە يوغان تراكتور بىلەن ئۆتىدىغان كۆرۈككە ئاران بەش كوي بېرىپ قايلاپ تۇدۇڭلىيا. ـ دېدى ھەيدەر ئەلى نارازى بولۇپ.

— ئەسلى بەمەيتتىم. سائىلدەك ئىشك ئالدىمدىن كەتمەي بوسوغامنى تېشىۋەتمىسۇن دېدىم جۇما. ياراتمىساڭلا ئېككېلىڭلا!

ھەيدەر ئەلى ئۇنىڭدىن بەش يۈەن بولسىمۇ چىققىنى ئۈچۈن پۇلنى ئاستاغىنە يانچۇقىغا سالدى.

ھەيدەر ئەلى ئۇزاپ مېڭىۋېدى، ھاۋاز ئاخۇن ئۇنى قايتا چاقىرىۋالدى:

— ھەيدىراخۇن، مەكەڭلا.

ھەيدەر ئەلى ئۇنى قايتا پۇل بەرگۈسى كېپقالغان چېغى دەپ ئىتتىك مېڭىپ ھاۋاز ئاخۇننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلىگە يەنە بىز ئامال كۆستەي دەپ توۋلىدىم.

ھەيدەر ئەلى ھەيران بولۇپ ھاۋاز ئاخۇننىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— دەڭلا، قېنى.

— بۇ كۆرۈكتىن خۇدانىڭ يورۇق كۈنى ئۈچ ـ تۆت نۆۋەت ئۆتەپ تۇز ژىغىدىغان ياپچانلىق قاسىم تۇزچى، ژۇلغۇن ژىغىدىغان ئاراللىق سوپى ئارىچى دېگەندەك گۇيلىدىن جىق ـ جىق ژىغىڭلا تازا. كۆرۈكنى بىز ساساق، كۆزنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ خانلەيلۇننى تولاپ سەمرىيدىغان گۇيلا ئۇلا ئەمەسما.

— تۇزۇك گەپ قىلىڭلا، ھاۋازاخۇن. مەن ئاشۇ قوشنا يېزىلارغا بېرىپ كۆرۈككە پۇل ژىغامتىم.

— نېمداغ نادان ئاداشتۇ ماۋۇ. بامساڭلىمۇ بولىدۇ. جاڭگالدىكى زەيكەشنىڭ بويىدا ئوتتۇراپ ئۇلا كەگەن زامات ماندىغ ـ ماندىغ گەپ دەيسىلە.

ھەيدەر ئەلى ئەمدى رەسمىي خاپا بولدى:

— مەنزە ئىدەم قىمايدىغان قىلىقنى قىلىپ قاراقچىدەك يول توسايمۇ ئەمدى! شۇنچىۋالا بىز مەھەللىلىك كىشى ئۆملەكلىشىپ بىژ كۆرۈكنى سالالماي يول توساپ ئوتتۇراش نى ئات، نى نومۇس! بۇ كۆرۈكنى سامىساق مەيلىكى، ئانداغ يول توسىدىغان ئىشنى مەن قىمايمە جۇما!

ھەيدەر ئەلى پېشنى قېقىپلا كېتىپ قالدى. ھاۋاز ئاخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ غودۇڭشىدى:

— قايداغ ئاداش ماۋۇ؟ پۇل ـ پۇل ـ پۇل دەپ ئىشك ئالدىمدىن كەتمەيدا. بىژ بەلەن چارە كۆسەتسەم قىغان گېپىنى... قايداغ قىساك قىممامسەناۋا. كۆرۈكتىن مەنلا ئۆتەمتىم.

6

ھەيدەر ئەلى بىرسى بىلەن كاجلىشىپ، بىرسى بىلەن خاپا

بولۇشۇپ، بىرسىنى ئالداپ، بىرسىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئىككى يۈز يۈەن يىغدى. پۇلنى ساناپ كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولدى. بۇنچىلىك پۇل كۆۋرۈكنىڭ شىغىل تېشىغىمۇ يەتمەيتتى. يەنە تېخى سېمونت، پولات چىۋىق دېگەنگىمۇ خېلى جىق پۇل كېتەتتى. كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىن يەنە پۇل دەپ خەقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ھەيدەر ئەلى سېمونت، پولات چىۋىق قاتارلىقلارنىڭ باھاسى قانچىلىكلىكىنى،يەنە نەچچىلىك مەبلەغ كەملەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن بازارغا بېرىپ بېشىدىن تۇتۇن چىقىپلا كەتتى. بۇ يىلقى ئۆي قۇرۇلۇشى دولقۇنى تۆمۈر-تەسەكنىڭ باھاسىنى ئاسمانۇ-پەلەك ئۆرلىتىۋەتكەنىدى. بۇ كۆۋرۈككە ئاز كەم مىڭ يۈەنلىك پولات چىۋىق، بەش يۈز يۈەنلىك سېمونت ئىشلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق ھېسابلىغاندا كەملىگەن پۇلنى قانداق يىغارمەن دەپ ھەيدەر ئەلى ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى.

ھەيدەر ئەلى بۇ تەڭلى-خىجالەتچىلىكى يامان ئىشنى قولىغا ئېلىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ ئەسلى كۆۋرۈك دېگەن كۆپ ئۆتىدىغان، كۆۋرۈك سالسا گۇناھى قارا ئۈجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدىغان خەيرلىك ئىش، خەقلەر چوقۇم ئاكتىپ-تەشەببۇسكار پوزىتسىيىدە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ باشتا بۇ ئىشقا ماقۇل دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىشنىڭ ئۈنچىۋالا ئوڭاي بىر باشقا ئاچىقىلى بولىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ئۇ، غەم ۋە خىياللار ئىلكىدە يوغان ۋە قوپال ئورالغان تاماكىسىنى كۆچەپ شورىغىنىچە قايتىپ چىقىۋېتىپ، دۆلەت يولىنىڭ بويىدىكى يوغان كۆنلۈك تارتىۋېلىپ ئادەم ئولاشقان جايدىكى قىقاس-سۈرەننى ئاڭلاپ توختىغۇسى كەلدى. يېقىن كېلىپ بويۇنداپ قارىۋېدى، ئايال كىشىنىڭ گىرىم ئىشكاپىغا ئوخشايدىغان بىر جاھازنىڭ تەكشى يۈزىدە پاتېفون تەخسىسىدەك بىر تەخسىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تەخسە ئۈستىدە بىر دانە بىليارت تېشى تەخسىنىڭ قارشى تەرىپىگە دومىلاۋاتاتتى. تەخسە ئايلىنىشتىن توختاپ بىليارت تېشى تۇرغۇن ھالەتكە كەلگەن چاغدا جاھازنىڭ تىك يۈزىگە ئورنىتىلغان چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان رەڭلىك لامپۇچكىلارنىڭ مەلۇم بىرى ياناتتى. ھەر بىر لامپۇچكا ئۇدۇلىدا تاق ۋە جۈپ نومۇر يېزىلغانىدى. بۇ ئەسلى ئاددىي لاتارىيە ئويۇنى بولۇپ، تاق ۋە جۈپ نومۇرغا دوتىكىپ ئوينايدىغان ئويۇن ئىدى. تەخسە ئايلاندۇرۇلۇپ بىليارت تېشى تەخسە ئۈستىدە تۇرغۇن ھالەتكە كەلگەندە بىليارت تېشى توختىغان جاي تاشنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ مەلۇم بىر چىراغ يانسا ، شۇ چىراغ نومۇرىنىڭ تاق ۋە جۈپلىكىگە قاراپ ئۇتتۇش-ئۇتتۇرۇش ھاسىل بولاتتى.

بۇ جايدا ئادەم كۆپ ئىدى. چىراغچى يىگىت ئالدىراش ئىدى. خەقلەرنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالاتتى. دو تىككەن نومۇرنى خاتىرىلەپ، تەخسىنى ئايلاندۇراتتى.

ھەيدەر ئەلى ئۆزىمۇ سەزمەي قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرغاندا ئولاشقانلار تەۋرەپ كەتتى. جۈپ نومۇرغا دو تىككەن بىر كىشى ئۇتقانىدى.

ئۇتقانلارنى كۆرۈپ ھەيدەر ئەلىنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. «ماۋۇ بولىدىغان نەرسە ئوخشايدۇ. بىر قول ئويناپ كۆرەيمۇ-يا. ئەگەر ئۇتۇپ قالسام كۆۋرۈكنىڭ پۇلىغا قوشۇپ قويىمەن. ساۋاب بولار...»

ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ خۇمارلىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەن چىراغچى ئۇنىڭغا بۇرۇلدى:

— ئاكا، بىز قول سىناپ كۆرەمال؟

— مەيلى، — دېدى ھەيدەر ئەلى ئىككىلىنىپ. - ژىگىمە كوي تىكىپ باقاي.

— ژىگىمە كويلۇق يوق، — دېدى چىراغچى ھەيدەر ئەلىگە مەنسىتمەي قاراپ ، — ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى يۈز كوي. بايا كۆرگەنلا. ئۇتسىلا بىراقلا ئۇتىلا شۇ.

ھەيدەر ئەلى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇتسىغۇ بىراقلا ئۇتار. ئۇتتۇرسىمۇ بىراقلا ئۇتتۇرار ھەقىچان؟

ئۇ ئويلىنىپ تۇرغاندا چىراغچى ئۇنى سىلكىشلىدى:

— ئاكا ھوي، ئوينىسىلا ئوينىسىلا. پۇللىرى بومىسا ئىيانىغا ئۇتسىلە.

— نېمانداغ ھەيدەيلا؟ بازا بۇ، — دېدى ھەيدەر ئەلى تېرىكىپ.

— ھەيدىمىدىم. بۆلەك ئوينايدىغان ئىدەمنى توساپ تۇسىلا بومايدا. سىلى ئوينىمىغاندىكىن ئىيانىغا ئۆتەپ تۇسىلا بى.

— چىم ئوينىمايمە دەيدا! — ھەيدەر ئەلى تېخىمۇ تېرىكتى، — يۈز كويدۇ ناھايىتى. ماڭدۇرە بىژمەڭنى.

ھەيدەر ئەلى شاققىدە يۈز كويىنى چىراغچىغا بېرىپ تاق نومۇر تاللىدى. قىلغان گېپىنىڭ تېزلا ئۈنۈم بەرگىنىگە مەمنۇن بولغان چىراغچى پۇلنى ئېلىپ نومۇرنى خاتىرىلىدى.ئاندىن تەخسىنى ئايلاندۇردى. بىليارت تېشى تەخسە ئۈستىدە غۇيۇلداپ دومىلاشقا باشلىدى. بىليارت تېشى قانچە تېز ئايلانغانسېرى ھەيدەر ئەلىنىڭ يۈرىكى ھەم تېز سوقۇپ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ، مۇشۇ كەمگىچە قىمار ئويناپ باقمىغانىدى. كۆزى دەم بىليارت تېشىدا، دەم چىراغلاردا ئىدى. تاش دومىلاپ-دومىلاپ ئاستىلىغانچە توختىدى. جاھازنىڭ تىك يۈزىدىكى چەمبىرەكتە «18» دېگەن سانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېشىل چىراغ لاپپىدە يېنىۋېدى، ھەيدەر ئەلىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى.

www.uyghurkitap.com

بىسمىللا دېمەستە يۈز يۈەنىي ئۇتتۇرغىنىغا يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى.

ــ ئەسلى جۈپ نومۇرغا تىكەتتىلە، ــ دېدى بايا ئۇتقان كىشى ھەيدەر ئەلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يول كۆرسىتىپ، ــ ئۇۋۇ چىراق بىز دو تاق نومۇردا، بىز دو جۈپ نومۇردا توختايدىكە. مەن بايام ئاشىنداغ ئۇتقان. قايىلاپ تۇرۇپ ئۇتتادىلا يۈز كويىنى. بۇدا بىز قېتىم ئويناپ ئا يۈز كويىنى بوسمۇ جايىغا ئەكىۋاسىلا جۇما. ئاز پۇل ئەمەس ئۇ.

ئۇنىڭسىزمۇ ئىچى قايناپ ئاران تۇرغان ھەيدەر ئەلى يانچۇقىدىن يەنە يۈز يۈەن ئېلىپ تەڭلىدى:

ــ يەنە تىكىمە!

تەخسە ئايلاندى. بىليارت تېشى دومىلاشقا باشلىدى. ھەيدەر ئەلىنىڭ يۈرىكىمۇ تەڭ دومۇلىغاندەك بولدى. تاش دومىلاشتىن توختاپ چىراغ يانغاندا ھەيدەر ئەلىنىڭ جېنى چىقىپلا قالدى. ئۇ يەنە ئۇتتۇرغانىدى!

ھەيدەر ئەلى ھېلىقى يول كۆرسەتكەن كىشىگە ئاچچىق بىلەن قارىۋېدى، ئۇ ئادەم ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. ھەر تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قارىسىنىمۇ تاپالماي، ئۇنىڭ چىراغچىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قىزىقتۇرۇشقا قۇربان بوپكەتكەنلىكىنى بىلگەندە بولسا سەگەكلىشىپ كەتتى.

ــ خاپومماي بايامقى پۇللىرىمنى ياندۇرۇپ بەسلە، ــ دېدى ئۇ چىراغچىغا.

ئولاشقانلار پاراقىدە كۈلۈشتى.

ــ مەس بوپقالدىڭمۇ ـ يا؟ ــ دېدى چىراغچى ھەيدەر ئەلىنى مەسخىرە قىلىپ، ــ ئۇتقان پۇلنى ياندۇرۇپ بېرەمدىمە؟

ــ قالىسىلا، بۇ بەك زۆرۈر پۇل ئىدى دېسىلە. بايام قىزىقچىلىقتا...

ــ پۇل دېگەن زۆرۈر بومامىتىكى! ئىنداغ تۇسىلا دەيمە.

ــ قايىلىسىلا ، ئۇ ئەسلى كۆرۈككە ئىشلىتىدىغان پۇلتى.

ــ ھەرەمگە بارىدىغان پۇل بوسىمۇ ئۇخشاش. ئۇتتى ــ كەتتى دېگەن شۇ!

ــ ئۇنداغ قىممىسىلا ئۇستام...

ــ چىك ـ ئاي! ئىنداغ تۇسىلا دەۋاتىمەن سىلىنى، خوتۇن كىشىمۇ يا سىلى!تېقىمغا سىيىدىغان ئىدەم باشتىلا ئوينىمايدىغان!...

بۇ گەپ ھەيدەر ئەلىنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ جاھازنى ياندىپ ئۆتۈپ چىراغچىغا ئېسىلدى:

ــ ئەمدى نېمەدېدىڭ؟ يانا بىر دېگىنە!

ــ ياقامنى قويايىە چىدىماس!

ــ ئىشككى يۈز كويامنى بە ئاۋلام.

ــ نېمىشقا بەگۇدەكمە. ئەكىشمۇ سەن نىما؟

ــ مەن مۇنداغ كىشى، ــ دەپلا ھەيدەر ئەلى چىراغچىنى جاھازغا ئۇستۇردى.جاھاز سىلكىنىپ توختىدى.

ــ يوغان كىشىكەنسە، ــ دېدى چىراغچى ھەيدەر ئەلىگە ئېسىلىپ، ــ يولسىز جېدەل چىقادىڭ. ھېلى پەيچۇسوغا خەۋە قىلىۋېتىمە.

ــ سەنما! ـ ھەيدەر ئەلى چىراغچىنى كۈچلۈك سىلكىدى، ــ يول بويىدا خەقنى قىماغا قىزىقتۇرۇپ يانا پەيچۇسوغا خەۋە قىلامسە تېخى؟ قايلا ماگۇيىنىڭ ئاقسالىقىنى...

ــ ئاقسالىق دەمسە. كۆدۈڭما ئا ھۆكمەت بەگەن تىجارەت كېنىشكىسىنى.

ھەيدەر ئەلى چىراغچى كۆرسەتكەن جايغا قاراپ، جاھازنىڭ بىر چېكىسىگە ئېسىپ قويۇلغان كېنىشكىنى كۆردى. كېنىشكىدە چىراغچىنىڭ سۈرىتى تۇراتتى.

ــ قىماۋازغا كېنىشكا بېرىدىغان قايداغ ھۆكمەتكەن ئۇ ! كېنىشكام با دەپ كۆزەمنى بويىما جۇما. ھېلى ھۆكمەت چىقىپ قالسا ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدا.

ــ قىماۋاز دېمە جۇما، بۇ دېگەن لاتارىيە.

ــ ئاناڭنىڭ بىر يېرى بوسىمۇ كارىم يوق. ئوخشاش ئىدەم ئالدايسە. ئېككە پۇلامنى.

ــ مەن سېنى زولاپ ئوينا دېدىمما؟ بېشىڭغا ياغلىق سېلىپ كەسەڭ ئاندىن بېرىمە پۇلاڭنى.

ئۇلار ئاشۇنداق تالىشىپ ـ تۇرتۇشۇپ كەتتى. خەقلەر بۇ ئىككىيلەننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاماشا كۆرۈشكە باشلىدى.

7

كۆۋرۈكنىڭ ئىشلىرى يەنە شۇ پېتى توختاپ قالدى.

ھەيدەر ئەلى تالا ـ تۈزگىمۇ كەمدىن ـ كەم چىقىدىغان بولدى. تالاغا چىقسىلا بىرسى « كۆۋرۈككە ئاتاپ يىغقان پۇل قېنى؟»دەپ سوراق قىلىدىغاندەك خۇدۇكسىرەپ ئارقا كوچا ، ئېتىز قىرلىرىنى ئارىلاپ ماڭاتتى. سەيشەنبە كۈنى بازاردا ئۇتتۇرغان ئىككى يۈز كويغا ئىچى پىژىلداپ ئېچىشاتتى. ھېلىقى «قانۇنلۇق قىمارۋاز»نىڭ بوزەك قىلىپ كەتكىنى ئاندىن ئۆتە ئەلەم بولۇپ ئۇيقۇسى كەلمىگەننى ئاز دەپ، ئەلدىن ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن يىغقان پۇلنى ئۇتتۇرغانلىقىنىڭ گۇناھىغا قانداقتۇر بىرەر پېشكەللىك كېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. كېۋەزلەر ئېچىلغان ھامان بىر خالتا كېۋەز سېتىپ پۇلنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

بىر كۈنى كىشلەر ئادەتتىكىدەكلا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. شەھەر تەرەپتىن مەھەللە يوللىرىنى تىترىتىپ توپا تورۇتۇپ كەلگەن يوغان يۈك ماشىنىسى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شوپۇرنىڭ يېنىدا كىرەم نوگاي ئولتۇراتتى. ئۇ ھەدەپ قولى بىلەن بىر تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ يول باشلىغاندەك قىلاتتى. دېگەندەك ماشىنا ئۇدۇل زەيكەش تەرەپكە قاراپ

كەتتى. خەقلەر ھەيران بولۇشۇپ ماشىنىغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. كېرەم نوگاي ئەسلى مۇشۇ مەھەللىدىن چىققان تىجارەتچى بولۇپ، كونا پۇل، خاتىرە ئىزناك، قەدىمى بۇيۇملار ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلاتتى.

يېقىندىن بېرى رەسسام ـ خەتتاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قاپاق ـ نوگاي تىجارىتى قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خەقلەر ئۇنىڭغا «نوگاي» دېگەن لەقەمنى قويۇشقانىدى. كېرەم نوگاي سەيشەنبە كۈنى ھەيدەر ئەلىنىڭ چىراغ لاتارىيە ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويغىنىنى ئاڭلاپ ۋە جىدەل ئۈستىگە كېلىپ ئاجرىتىپ كەتكەنىدى. ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تېپىپ كۆۋرۈكنىڭ ئىشنى ئۇقۇپ، ئاشۇ كۆۋرۈكنى ياساشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ شېغىل تاش ئېلىپ كەلگەنىدى.

كېرەم نوگاي شوپۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تاشنى تۆكۈدىغان جاينى پىلانلاشقاندىن كېيىن شوپۇر ماشىنىنى ياندۇردى. شۇ ئارىلىقتا زەيكەش بويىغا بىردىن ـ ئىككىدىن ئولاشقان جامائەت بىلەن كېرەم نوگاي بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى:

ــ قالىسام، جامائەت ــ يۇرت زەيدىن ئۆتكىچە قىزنىلىپ قاپتۇ. خۇدا ئاتا قىلغان بەرىكەتنى خۇدا يولىدا سەرپ قىلاي دەپ ئىش باشلاۋاتىمە. خۇدا خالىسا ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەممە ماتېرىيال كېپ بولىدۇ. ئەڭ ئۈستىنا كۆۋرۈك سالغۇچى تەكلىپ قىلىپ 14مېتىر كەڭلىكتە ، كېيىن مۇشۇ يوللا ياخشىلىنىپ ماي ـ ئاسفالت بوپقالسىمۇ ماس كېلىدىغان كۆرۈكتىن بىرنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراۋاتىمە. ئىشىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن جامائەت دۇئا بېرىشكەيلا.

ئولىشىپ تۇرغانلا تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. يانچۇقتىن پۇل چىقىشقا قارىغاندا قول كۆتۈرۈش كۆپ ئوڭاي بولسا كېرەك. جامائەت كېرەم نوگاينىڭ خەيرلىك ئىشىغا قولى تېلىپ كەتسىمۇ چىداپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلىشتى. ئاندىن كېرەم نوگاي جامائەت بىلەن خوشلىشىپ كابىنكىغا چىقتى ـ دە كېتىپ قالدى.

ماشىنىنىڭ قارىسى يىتىپ بولغىچە تارقىشىۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىچە مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. باشتا ئېغىز ئاچقىنى ھاۋاز ئاخۇن بولدى:

ــ پۇچۇق نوگاي ژىغىدىغان ھۆپىگە ھەجەپ كۆرۈك سېلىشقا قىزىپ قاپتۇيا.

رەھمەت زاكونچى ھاۋاز ئاخۇنغا قاراپ بېشىنى گىلدىڭشىتتى:

ــ بۇ دېگەن ئېنىق. بۇ گۆي بىرە ناتوغرا يول بىلەن چۈنتىكنى توملاپ قاغان چېغى. بوممىسا باكا پۇل باما خەقتە.

ــ تېخى نەچچە ژىلنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش يەيتتى بۇ پىشتىلىق، ــ دېدى توڭكاي چىش، پاكىنەك ئايال.

ــ ئەسلى، ــ دېدى ناسىراخۇن ئۈستام بىرسىنىڭ چىچىنى ئالغان جايدىنلا كەلگەچكە يىغىشتۇرمىغان ئۈستىرا كاپلىغۇچنى قاتلاپ يانچۇققا سالغاچ، ــ بۇ گۆي بىژ يەدە نوگاي ـ قاپاق ئاپتىكە. بىر تۈل خوتۇندىن ئالغان نوگايدىن تۇخۇمدەك بىژنەسە چىقىپ قاپتىمىش!

ــ نېمىكەن ئۇ؟

ــ ئالتۇن!

ــ ۋاھ! ئالامەت...

ــ پۇللىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتامدىكى دەيمە، ــ دېدى توڭكاي چىش، پاكىنەك ئايال، ــ ما ئىش خەقنىڭ كۆزىگە يوغان كۆرۈندۇ ئەمەسما.

ــ يوغان كۆرۈنگىدەك ئىش ئەمەس بۇ، ــ دېدى ھاۋاز ئاخۇن، ــ مەيلى، يوغان كۆرۈكتىن بىرنى سالدىم دەپ كېرىلىپ، ماختىنىۋالا تايىنلىق...

ــ سەھرادىن چىقماي قۇدۇقتىكى پاقىدەك بوپقاغان خەقسىلە، ــ دېدى ھەلىم بايۋەچچى بىلەرمەنلىك چىقىپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرىنى ھەممەيلەنگە بىر سىيرى يۈتكەپ، ــ ژىتىق پۇل، پۇچۇق ئىزناك، ئەسكى نوگاي ـ قاپاق ئېلىپ ـ سېتىپ شۇنچە باي بولاپ كېتەمدا كىشى؟ ھازىر دېگەن شەدە خروئىن دېگەن بىژمە با. ئاق تاماكا دېگەننى ئاڭلىغانما؟ ھە، شۇ. ئاشىنداغ بىژنەسە ئېپساتقان ئادەملا ئىشتىنك باي بولاپ كېتىدا. ما كېرەم نوگاي ئاتتا قاپاق ـ نوگاي ئېپساتقىنى بىلەن، نوگاي ـ قاپاقنىڭ ئىچىدە بىژنەسە بامىكى دەيمە.

خەقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

ــ شۇنداغمىدۇ؟

ــ شەدە ئىش تولا.

ــ ئەسلى مانداغ دەيلى.

ــ ئىدەمنىڭ تېشىغا ئەمەس، ئىچىگە قاياش كېرەك.

ــ كۆۋرۈك ساغان بولاپ ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكنى يوشۇرماقچىكەندە؟

ــ كۆز بويامچى خاۋارىج!

ــ قالىغاندا، مۇشۇ يولدىن ئا نايىگمۇ ئاشۇ بىژمىنى يۆتكەپ پۇل تاپسام دەپ كۆرۈك سالغۇسى كېپقاغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ ھەي ئېست، ئاشىنداغ يامان نىيەتتە دۇئا تەلەپ قىلسا بىژمۇنچە دۇئا قىلىپ گۇناغا شېرىك بولاپتىمىز!

ــ ئۇلۇغ ئاللاھ، گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسە.

خەقلەر ئۈنى ـ بۇنى بىلىشكەن بولدى، دېيىشكەن بولدى. خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، بۇ كۆۋرۈك ئاخىرى پۈتىدىغاندەك قىلاتتى.

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى(M1)

# دەيۈزلۈك ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى

(ئەبجەشنامە)



ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئىنسانلارنىڭ پەرۋازى زېمىن، ھاۋا ۋە سۇلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاسماننىڭ يىراق بۇرجىدىكى يۇلتۇزلار... سۇنئىي ھەمراھلار يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىرىنى چارلاپ، يەر يۈزىنىڭ ئەلپازىنى نىشانلىدى.

ئەسۋابلار شۇ قەدەر نازۇك، يۈرەكنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرى، ئىچ- باغرىمىزدىكى ئاينىشلار، قان تېپلىرىمىز، گېن تۈزۈلۈشىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشكارا. ھەربىر بوسۇغا، ھەربىر دوقمۇش ئارخىپىمىزغا يېڭى بىر مەزمۇننى قوشىدۇ. بارغانسېرى كارتىلارغا ئايلاندىم، كارتىلار مېنى توشۇماقتا.

تېلېفون... تېلېفونلاردا پارغا ئايلاندىم. كىملەردۇ مېنى سۈزمەكتە لېكىن مەشۇقۇمنىڭ كارى يوق.

يالغۇزلۇق، ھېچكىمگە چۈشەندۈرەلمىگەن گەپلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن سوغۇق يالغۇزلۇق بازارغا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزۈمگە قېپقالدى.

مەنپەئەت مۇرەسسەلىرى ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇردى. يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن بىر توپ ئادەم بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشتى، ئاندىن پاي چېكى، مۇھىت كرىزىسى، تېررورىزم ھەققىدە گەپ قىلىشتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوقۇش يېشىدىكى گېزىتچى باللار تېررورىزمنى باش ماقالە قىلغان گېزىتنى توۋلاپ سېتىشۋاتاتتى.

روھ چۇقانلىرى

دەل شۇ كۈنى بىر مايلامچى بالا قۇياشنى دوقمۇشتا كۈتۈۋېلىپ، يەنە شۇ دوقمۇشتا ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆرۈپ يېتەلىگىنى ئاياغلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، چەملەرنىڭ ئاستىدىكى يوللارنى كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى.

كىتاب كۆتۈرۈپ رەستىدە كېتىۋاتقاندىم، رەستە بويىدىكى بىر تىلەمچى يېنىدىكى بىر تىلەمچىگە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇلار كىر چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلدى. مەن ئۇلارغا ھومايدىم.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، باج ئالمىغاندىكىن كۈلۈۋەردۇق.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئۇلارغا قاراپلا قالدىم.

— بىز ئەرزىمەس ئادەملەر،— دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — ئەرزىمەس ئادەملەرنىڭ ئالىجانابلار ئۈستىدىن كۈلۈش ھوقۇقى بولار!؟

— ئەمىسە نېمىگە كۈلدۈڭلار؟

— كىتابمۇ كۆپىيىپ كەتتى، بىزمۇ كۆپىيىپ كەتتۇق. سىز بۇنى كىتاب ئارقىلىق داۋالىيالامسىز؟

مەن يەنىلا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

— كىتاب ئالغان پۇلغا بىزدەك تىلەمچىدىن نەچچىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولار؟— دېدى يەنە بىرى.

ئۇلار تىلەمچى بولغاچقا مۇتەپەككۇر بولغانمۇ ياكى مۇتەپەككۇر بولغاچقا تىلەمچى بولغانمۇ، بۇنى ئايرىيالمىدىم. دەماللىققا گاڭگىراپلا قالدىم. قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ئۇلارغا يېقىنلاشتۇردى.

— يۇرتىمىزدىن ئېقىپ چىقتۇق. تىلەمچىلىك قىلىپ تەقدىرنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق قايتۇرىۋاتىمىز، — دېدى بىر تىلەمچى.

— هار ئېلىۋاتقانسىلەر، ھەقىچان؟— سورىدىم مەن.

— هار ئېلىپ قانداق قىلاتتۇق. ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى!

— ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دېگەن گەپ بار، — دېدىم مەن.

— نومۇس!؟ — دېدى بىراقلا ئىككى تىلەمچى،— بىز نومۇس دېگەن گەپنىڭ نېمىلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتۇق. بىزنىڭ نومۇسىمىز يۇرتىمىزدىن ئايرىلغاندىلا ئۆلگەن.

ئەندىكىپ كەتتىم. نومۇسنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خىتابنامىنى تار رەستىدىكى مۇنۇ تىلەمچىلەردىن ئاڭلاپ قېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

بۇ مەن ئاڭلىغان ئاچچىق، ئەمما دىلكەش بىر پاراڭ بولدى. ھەشەمەتلىك داستىخانلار سىپايە گەپلەر، ئەدەپ، تەكەللۇپ، تەۋازۇ بىلەن توشۇپ كېتىپ، نەق گەپلەرنى تاپقىلى بولماس بوپكەتتى. شېرىن تائام، شېرىن كالاملاردا نە كۆڭۈلنىڭ رىزاسى، نە قىسمەتنىڭ داۋاسى، نە ئازادىلىك ھاۋاسى!!!

كىرىزىسلىك خىياللارغا پېتىپ يۈرگىنىمگە ئۇزاق بوپكەتكەندى. سائەت- سائەت ئولتۇرۇشلاردا قەلب دېگەن نېمە يوق، پەقەتلا تەخسىدە ئىسكىلىتى كۆرۈنۈپ قالغان بېلىق. تەبەسسۇملاردا مېھىر يوق، پەقەتلا ئۇ بىر ئادەت. سەممىي قەلب ئىزدىگەنلەر كور، ئۇلار سېنىڭ سەممىي قەلبىڭنى دەسسەپ ئۆتۈپ هارامدىن لوقما ئىزدىشىدۇ. كۆز يېشىغا باي ئايالار ھەرگىزمۇ ئالدىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىنى كۆزلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىقارار كۆزلىرى يىراق- يىراقلارغا تەلمۈرۈپ جۇلاسىدىن كېتىدۇ. سۆلەتلىك يىگىتلەرنىڭ لەۋزىدە سالماق يوق، باتۇرلارنىڭ ئەرۋاھى يىراقلارغا كۆچمەكتە.

ئېرىشىش قىيىن، ئېرىشلگەننىڭ قىممىتى يوق. زامان مۇئەككەللىرى چېكىتى يوق تارازىلارنى كۆتۈرۈپ بازار ئارىلاپ يۈرۈشىدۇ. جانانلارنىڭ بوگۈنكى كۈلكىسى سېنىڭ ئەتىكى ئوغاڭ، مۇھەببەت خەتەرلىك ئويۇن... شائىرلىقىمغا سوئال قويۇۋېدىم، ئۇ، سۆزلەرنى سەپكە تىزدى:

شۇنچە ئاختۇرسام تۇزۇك قايلى يوق،
بىراڭ بىراڭغا ئوخشىماي قالدى.
ھېچكىم لەۋزىدە ئەھدى ۋايا يوق،
بىراڭ بىراڭغا ئوخشىماي قالدى.
تىرە ئوت يالقى كۆيگۈل كۆزىگە،
سالام سالامغا ئوخشىماي قالدى.
كۆزگىرىپ تۇردى يارنىڭ قارارى،
جانان جانانغا ئوخشىماي قالدى.
مېھرابتىن جايلىن چىققىنى قىزىق،
يالان يالانغا ئوخشىماي قالدى.
دەلدۇش تۇرۇپمۇ بېھرەر بېتتۇار،
ساراڭ ساراڭغا ئوخشىماي قالدى.
ئىشىكنى يېپمۇ بېشىكنى يېپمۇ،
بالاڭ بالاڭغا ئوخشىماي قالدى.

ئۆيگە يېتىپ باردىم. كېچە، ھەممە ياق جىمجىت، ئۆزۈمنى تىڭشاپ ئولتۇرىمەن. ئېسىمگە بىر جۈملە سۆز كېلىۋېدى، شۇ پېتى خاتىرىلەپ قويدۇم:

نومۇسنى بىلمەسلىك قورقۇنچلۇق، لېكىن نومۇسنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، نومۇس قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق.

بۇ، تىلەمچىلەرنىڭ سۆزىدىن كېيىن مېڭىمدە ئويلىنىپ تاپقان يەكۈن بولدى. ئويلاپ باقسام، كوچىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ يىلتىزى بىر ئىكەن. قارىغاندا، نومۇسنى قايرىپ قويۇش ئەخلاقى راۋۇرۇس مودا بوپقاپتۇ.

قىزىمنىڭ بىر سوئالى ئېسىمدىن كەچتى. ئۇ تۇرغان توختەموفنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئوقۇۋېتىپ، شۇنداق سورىغانىدى:

— نوزۇگۇمنى چىڭ لەشكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ ھېيتگاھ ئالدىدىن ئېلىپ ماڭسا، كىشەنلەنگەن نوزۇگۇمنى كۆرگەن ئون مىڭلىغان ئامما قاراپ تۇرىدىكەن، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش پەقەت ئۇنىڭ ئاشىقى باقىنىڭلا ئىشى بوپقالىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئەسىرلەر سىپىي ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، ئىلىغا بارغىچە داۋاملىشىدىكەن. پەقەت ئۇلارغا ئىچى ئاغرىغان نەچچە ئون دەرۋىشلەرلا ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. بىچارە نوزۇگۇمغا ياردەم قىلىدىغان تۈزۈك ئادەم چىقمايدىكەن. دادا، زادى تارىخنىڭ ئۆزى شۇنداقمۇ ياكى يازغۇچى شۇنداق يازغانمۇ؟

سوئال ساددا، لېكىن تەبىئىي ئىدى. بۇ تەبىئىيلىكتە تەپەككۇرۇمنى ھالسىرىتىدىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلۇق باردەك قىلاتتى. بۇ سوئالنى بىر باكىرە قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساپ ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ دۇردانىسى دېيىشكە بولاتتى. ئىنسانىيلىق بىلمىدىن ئەلا دېگەن گەپ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

قىزىمنىڭ سوئالى نوزۇگۇمنىڭ بىر قوشىقىنى ئېسىمگە سالدى:

ئېگىز تاغدىن سۇ چۈشتى،
سۇزۇپ ئىچەر يەر بارمۇ؟
نوزۇك باشقا مۇڭ چۈشتى،
ئېلىپ كېتەر ئەر بارمۇ؟

نوزۇگۇمنىڭ سوئالى بىلەن قىزىمنىڭ سوئالى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر سوئال ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قەلەمكەش ئۆز ئالدىغا يالغۇز جاۋاب بېرەلەيدىغان سوئال ئەمەس ئىدى. نەق شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، بىر نېمىلەرنى دەپ قىزىمنى رازى قىلدىم. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن مەن شۇ سوئالغا ئەسىر بولغىنىمچە ئىزچىل خىيال قىلدىم. ئۇشتۇمتۇت شۇ سوئالغا مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق بىر تەجرىبىنى بىر ماتېرىيالدىن ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر ئادەمنىڭ ئەقلى چەكلىك، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاقىللار بار. كۆرگىنىمنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ بېقىشنى لايىق تاپتىم:

تەجرىبە خادىملىرى بەش مايمۇننى قەپەسكە سولاپ، بىر ساپاق بانانىنى قەپەسنىڭ ئۈستۈنكى شادىسىغا ئېسىپتۇ. ناۋادا مايمۇن بانانىنى ئېلىشقا ئۇرۇنسا، سۇ پۈركۈلۈپ، مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ھۆل بوپكېتىدىكەن. بۇنى ئەقىللىق ئالىملار ئەنە شۇنداق لايىھىلىگەنىكەن. دەسلەپتە بىر مايمۇن بانانىنى ئېلىپ يېيىشكە ئۇرۇنۇپتىكەن، نەتىجىدە، بەش مايمۇننىڭ ھەممىسى بىردەك ھۆل بوپكېتىپتۇ. مايمۇنلار نۆۋەت بىلەن ئەشۇنداق ئۇرۇنۇشتا بولۇپ، ئوخشاش ئاقىۋەتنى كۆرۈپتۇ. ئاخىرىدا مايمۇنلار ھۆل بوپكېتىشتىن قورقۇپ، بانانىنى ئېلىپ يېيىشكە ئۇرۇنمايدىغان بوپتۇ.

كېيىن، تەجرىبە خادىملىرى بىر مايمۇننى قەپەستىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر مايمۇننى سولاپتۇ. يېڭى مايمۇن بانانلارنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپتۇ، نەتىجىدە، قالغان تۆت مايمۇندىن راسا دۇمبا يەپتۇ. چۈنكى ئۇ تۆت مايمۇن ئۇ بىزنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ دەپ ئەنسىرەيدىكەن. يېڭى مايمۇن ئاخىرى ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

تەجرىبە خادىملىرى ئەسلىدىكى تۆت مايمۇننىڭ بىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بىر يېڭى مايمۇننى كىرگۈزۈپتۇ. بۇ مايمۇنمۇ بانانىنى كۆرۈپ، ئېلىپ يېمەكچى بوپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ بىرىنچى يېڭى مايمۇنغا ئوخشاش دۇمبا يېيىش بوپتۇ. قىزىق يېرى شۇكى، بىرىنچى يېڭى مايمۇن كېيىنكىلەردىن ھەممىدىن بەكرەك كۈچەپ ئۇرۇپتۇ. ئىككىنچى يېڭى مايمۇن قانچە قېتىم ئۇرۇنسا، ھەمراھلىرى تەرىپىدىن شۇنچە قېتىم تاياق يەپ، ئاخىرى بولدى قىپتۇ.

مايمۇنلار ئەنە شۇنداق تەرتىپتە ئالمىشىپتۇ، ئاخىرى، ھېچكىم بانانغا چېقىلالمايدىغان بوپتۇ. ئۇلار بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن، پەقەت بانان يېيىشكە ئۇرۇنسا، باشقا مايمۇنلاردىن دۇمبا يەيدىغانلىقىنىلا ئۇقىدىكەن.

يۇقىرىقى تەجرىبە بايانىنى قىزىمغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ:

ــ مايمۇنلارمۇ قىزىق ئىكەن، ھۆل بوپكەتكەنگە نېمە بولاتتى؟ــ دەپ ئىنكاس قايتۇردى.

ــ ھۆل بوپكېتىشنىڭ ھېچقىسى يوقلۇقىنى پەقەت تەجرىبە خادىملىرىلا بىلىدۇ. مايمۇنلار ئۇنى بىلسە، دۇمبانىڭ ئورنىغا بانان يېگەن بولاتتى،ــ دېدىم مەن جاۋابەن.

مايمۇنلارنىڭ يېڭى ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك بولدى. بىراق، تەجرىبە خادىملىرىنىڭ ئەخلاقىنى چۈشىنىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئىككى خىل ئەخلاق باردەك قىلاتتى، لېكىن بىر ئەخلاق يەنە بىر ئەخلاقنىڭ مېۋىسى ئىدى.

شېكىسپىر دادىللىق بىلەن «ئەمەلىي كۈچ ئەخلاقتۇر» دېگەنىكەن. ئۇ بۇ خىل ئەخلاقنىڭ مەنبىئىنى دېمەپتۇ. چۈنكى، دادىللىق ۋە ئەمەلىي كۈچنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي مەنبىئى بولىدۇ.

كىشىلەر ھەقىقەتنى ئۆزلىرىنىڭ نەپس ـ خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇش يولىدا بىخۇدلارچە ئىلگىرىلەۋەردى. شېكىسپىر ئېيتقان ئەمەلىي كۈچ ئېھتىياجلارغا ھاكىم بولۇشنى ئىستىگەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئەخلاق خاراب بولدى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسورى (M1)

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى ــ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 22 ــ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




يېتەكچى: ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان (پروفېسسور، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، مۇھەممەتجان ھەسەن، ئابابەكرى ئابدۇرەشىد، مۇھەممەتنىياز توختى، كامىلە ئابدۇمۇلۇك (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى)

# ئۆزگىچىرەك يول تۇتاي دېدىم

## — يازغۇچى مەتتەھىر ھوشۇر بىلەن سۆھبەت

ۋاقتى: 2007- يىل 25- نويابىر.
ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى.

**سۆھبىتىمىزنى ھايات پائالىيىتىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەش ئارقىلىق باشلىساقمىكىن؟**

مەن 1944-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتا - ئانام كىچىك ۋاقتىمدىلا تۈگەپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، شۇ چاغلاردا

**«ئەدىبلەر چايخانىسى» دىكى پاراڭلار**

غۇلجىدىكى «ئىلى مەكتەپ»تە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغانمەن. 1962- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. لېكىن ئۈچ يىل ئوقۇ- ئوقۇمايلا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. كېيىن يېزىغا «قايتا تەربىيە»گە چۈشۈرۈلدۈم ھەم ئىلىدىكى يول ئوچاستكىسى(大路队)دا تۇردۇم. يەنى 1975- يىلغىچە شۇ يەردە بولدۇم. 1979 - يىلغا كەلگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىقلار بېسىقىپ، ئىشلار تەرتىپكە چۈشكەندەك بولدى. شۇ چاغلاردا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى ۋە بۇ ژۇرنالغا مۇھەررىرلىككە تەكلىپ

www.uyghurkitap.com

قىلىندىم. بۇرۇن بىر نەرسىلەرنى يازغانىدىم، كېيىن ـ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قەلەم تۇتقانلارنىڭ بېشىغا جىق كۈلپەت چۈشكەچكە، قەلەمنى تاشلىۋەتتىم. كېيىن ژۇرنالدا ئىشلەش جەريانىدا باشقىلارنىڭ ھېكايىسىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە مەندە بۇرۇنقى ئىلھاملار قايتا قوزغىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىگە تۇتۇش قىلدىم. 1995 ـ يىلغىچە ئاساسەن غۇلجىدا بولدۇم. 1995 ـ يىلى سايلامدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە رەئىس بولۇپ سايلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۈرۈمچىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتۈۋاتىمەن.



**ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، يەنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باققانمىتىڭىز؟**

ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىگە شېئىر يازغان، يەنى دەسلەپتە شېئىر يازغان. 1959 ـ يىلى 7 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا «مېنىڭ ئانام» دېگەن تېمىدا يازغان ئوچېركىم «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلدى. شۇ چاغلاردا يازىدىغانلار ئاز بولغاچقىمۇ، بۇ ئوچېركىم خېلى تەسىر قوزغاپ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتقا قەدەم باستىم. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن «ئالما»، «قىز قەلبى»، «ئاخىرقى سىناق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازدىم. شۇ چاغلاردا مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر «بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى»، «جەمئىيەتنى، ياشلارنى زەھەرلەيدۇ» دەپ قارالغاچقا، مەتبۇئات يۈزىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەيتتى. لېكىن ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرىدىن سوراپ خاتىرە دەپتەرلىرىگە كۆچۈرۈۋالاتتى. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كىرىپ كەتتۇق ھەمدە ئەسەر يازغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى كۆرۈپ، «بۇ، قىلىدىغان ئىش ئەمەسكەن» دەپ يېزىقچىلىقنى تاشلىۋەتتىم. كېيىن ژۇرنالدا ئىشلەش جەريانىدا قايتىدىن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتىم.

**بىزدىكى ئالدىنقى بىر ئەۋلاد يازغۇچى ـ شائىرلارغا سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ تەسىرى زور بولغانىكەن. سىزمۇ بەلكىم ئوقۇۋاتقان مەزگىلىڭىزدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئەسەرلەرنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز شۇ ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىرى بولدى دەپ ئويلامسىز؟**

مەن شەرقىنىڭكىنى كۆپ ئوقۇمىغان. شۇ چاغلاردا سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىن كىرگەن بىر قانچە كىتاب بولىدىغان. ئاتا ـ ئانام كىچىك ۋاقتىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەچكە ياتاقلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇدۇم. بۇنداق جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدىكەن، قىيىنچىلىقىمۇ بولىدىكەن، بىراق دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن قايتىدىغان ئۆي، قىلىدىغان ئىش ـ كۈش، مېنى ئىشقا بۇيرۇيدىغان ئادەم بولمايدىكەن. شۇڭا دەرستىن چۈشۈپلا كۇتۇپخانىغا كىرىۋالاتتىم، كىتاب ئوقۇيتتىم. كۇتۇپخانىدا تاشكەنت، ئالمۇتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئېسىل كىتابلىرى بار ئىدى. ماڭا تەسىر قىلغان، كېيىنچە يېزىقچىلىقىمغا تەسىرى بولدى دېگەن كىتابلاردىن «ھىندى يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرى»، «ئەرەب پروزىسى»، «مۇھەببەت، دوستلۇق، بۇرچ توغرىسىدا» قاتارلىقلار بولدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن بىزدە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشردىن چىقتى. بۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭمۇ ئىجادىيىتىمگە تەسىرى زور بولدى.

قارىشىمچە، يېزىقچىلىق دېگەن بىر ھۈنەر! مەلۇم يازغۇچىنىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ دېگىنىنى كۆچۈرۈۋالىدىغان ئىش يوق بەلكى ھۈنىرىنى ئۆگىنىدىغان گەپ. ياخشى ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇسا تىلغا پايدىسى بولىدۇ. ئاپتور تىلىدىكى نۇرغۇن ماھارەت ئۆزلىشىپ قالىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ كۆپ كىتاب كۆرۈشى بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، يەنى يازغۇچىنىڭ ئەسەرگە قانداق تىل ئىشلىتىپ، ئۇنى قانداق ھۈنەر بىلەن يورۇتۇۋاتىدۇ دېگەننى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. مەن «دۇنيا ئەدەبىياتى»دىكى ئۆزۈم ياخشى دەپ قارىغان ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيمەن. مېنىڭچە، ئەسەر قانچە ياخشى بولسا تىلى شۇنچە ئاددىي، چۈشىنىشلىك، راۋان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق يازماقنىڭ ئۆزى تەس.

**ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلىدا ئېلى چاقچاقلىرىدىكى يۇمۇرىستىك خاھىش ئەكس ئەتكەن. ئەسەرلىرىڭىزنى**

**ئوقۇغان ئادەم ئىسمىڭىزنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ تىلىدىن سىزنىڭ ئەسىرىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. سىز تىلنى قانداق كۆزىتىپ، ئەسەرلىرىڭىزدە قانداق ئىشلىتىسىز ؟**

بۇ نۇقتىنى ئەدىبلەر، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرىمۇ كۆپ تەتقىق قىلدى . بىزمۇ باشتا باشقىلارنى دوراپ يازدۇق، كېيىن ئۆزگىرىپ قالدۇق. نېمىشقا ئۆزگەردۇق دېگەندە، بىز بۇرۇنقىلارنىڭ يولىدا ماڭغاندا ئۇلارنىڭ يولىنىڭ تارلىقىنى ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلەش شەكلىنى قويۇۋېتىش كېرەك، قويۇۋەتكەندە كۆپ نەرسىنى ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن دەپ ئىپادىلەشتە سەل ئەركىنرەك بولدۇق. مېنىڭ تەجرىبەمدە ئەدەبىيات دېگەننى ئوقۇپلا بىلگىلى بولمايدۇ، مەسىلەن، مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەدەبىياتتا ئوقۇغاندا بىز ئىككى سىنىپ بالا ئىدۇق. ھازىر شۇ بالىلاردىن ئۈچكە يەتمىگەن ئادەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مېنىڭچە، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئاساسى پۇختا بولسا، كۆپ كىتاب كۆرگەن بولسا ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، مۇھەممەت باغراش قاتارلىق بەزى يازغۇچىلىرىمىز تۈزۈك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، لېكىن ئۇلار كۆپ كىتاب ئوقۇيدۇ. تۇرمۇش ئاساسى پۇختا. شۇڭا تۇرمۇش ئۆگىنىشنى بەزىلەر ئاددىي چاغلىغان بىلەن، تۇرمۇش ئۆگەنمىگەن، تۇرمۇشنى پىششىق بىلمىگەن ئادەم ئېسىل ئەسەرلەرنى يازالمايدۇ. مەسىلەن ئەينەكنى مىسالغا ئالساق، ئەينەكتە ئەكس ئېتىدىغان نەرسە بولسا ئەينەككە چۈشىدۇ، بولمىسا چۈشمەيدۇ. ئەدەبىياتتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەكس ئېتىدىغان نەرسە، يەنى تۇرمۇش بولۇشى كېرەك.

كۆپلىگەن يازغۇچىمىزغا قارىساق، تۇرمۇشتا دەردمۇ، جاپامۇ تارتقان، مۇشەققەتتە ئۆتكەن. تۇرمۇشتا لەيلەپلا يۈرگەن ئادەمدىن ئەسەر چىققىنىنى كۆرمىدىم. مەن غۇلجىدا ئۇزاق تۇرغاچقا، ھەم شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە ئىلىنىڭ چاقچاق سورۇنلىرىغا كۆپرەك قاتناشتىم. چاقچاقلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى گەپلەر دېيىلىدۇ. دەللىكى ناھايىتى جايىدا بولىدۇ. ئۇلارنى قىسقا ئەدەبىيات، يەنى ناھايىتى كىچىك قۇرۇلمىلىق ئەدەبىيات دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ جەريانلاردا شۇ چاقچاقلاردىكى دەللىك ئەسەرلىرىمنىڭ تىلىغا كۆپ تەسىر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. كىتاب ئوقۇشتا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا پەننىي بىلىملەرگە ئائىت كىتابلارنى كۆرۈش كېرەك. بەزىدە مەن ساتىراشلىققا ئائىت كىتابلارنىمۇ شۇنداق قىزىقىپ ئوقۇپ كېتىمەن. ئۇنىۋېرسال بىلىملەرنى ئۆگىنىش ــ ئوقۇش نېمىگە ئەسقاتىدۇ دېگەندە، يازغۇچى ئەسەر يازغاندا ئەسەردىكى مەلۇم پېرسوناژنى ئىپادىلىگەندە، مەسىلەن ھۈنەرۋەننى يازغاندا شۇ ھۈنەرگە ئائىت ئوقۇغان كىتابلىرى ئەسقاتىدۇ ۋە ياراتقان ئوبرازىمۇ چىن ـ ھەققىي چىقىدۇ. يازغۇچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغاندا، بايان ۋە ئىپادىلەشتە قىينالمايدىغان گەپ.

يۇقىرىدا دېگىنىمدەك يازغۇچى تۇرمۇش ئۆگىنىپ، كۆپ كىتاب كۆرگەندىن باشقا، كۆپرەك يېزىپ مەشق قىلىشى كېرەك. بەزى كىشىلەر «نۇرغۇن ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغاندا ناھايىتى يېنىك ـ تېتىملىق. مانا مۇشۇنداق ئەسەرلىرىڭىزنى ئولتۇرۇپ بىراقلا يېزىۋېتەمسىز؟» دەپ سورايدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. بەزى ئەسەرلەرنى بىراقلا بىر يولدىلا يېزىۋەتكىلى بولىدۇ، لېكىن بەزى ئەسەرلەرگە كەلگەندە راۋان يازغىلى بولمايدۇ، قەلەم تۈزۈك ماڭمايدۇ. قەلەمنىڭ ماڭماسلىقى، راۋان يولغا چۈشمەيۋاتقانلىقى ۋەقەلىكنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەم شۇ راۋان يولنى تاپالماي خېلى قىينىلىدۇ. شۇڭا كۆپ مەشق قىلغاندا يېزىش يولىغا ئاسان چۈشكىلى بولىدۇ. ئادەتتە، بىزمۇ بەزىدە نۇرغۇن ئەسەرنى باشقا چىقىرالماي قويۇپ قويىمىز، كېيىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن قول سالىمىز .

**1980 ـ يىللاردا «ساراڭ»دىن باشلاپ بىر يۈرۈش ھېكايىڭىز ئېلان قىلىندى. بۇ ھېكايىلىرىڭىز ئالدى بىلەن ئاپتوردىن، يەنى ئۆزىڭىزدىن باشلىنىدۇ. ئۆزىڭىزگە ئەسەردە مۇشۇنداق سورۇن قالدۇرۇشتا قانداق زۆرۈرىيەت بىلەن شۇ خىل ئۇسۇلنى تاللاپ قالدىڭىز؟**

زۆرۈرىيەتقۇ يوق. «ساراڭ» دېگەن ھېكايەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ كىشى قىزىقىپ ئوقۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇمۇ بولىدىكەن دەپ قاراپ شۇ ئۇسۇلدا بىر يۈرۈش ھېكايە يازدىم. كېيىن چەت ئەللەرنىڭ مودېرنىزم ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى ئاڭلىدىم. لېكىن ئۇلارنى دوراپ يازمىدىم. ماتېرىياللارنى كۆرسەم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە مودىدىن قالغان نەرسىلەر ئىكەن. لېكىن ئاتالغۇسى يېڭى ۋە بىزگىمۇ يېڭىچە تۇيۇلغاچقا، ئەدەبىياتىمىزغىمۇ كىرىپ شۇ ئۇسلۇبتا ئەسەرلەر يېزىلىپتۇ. لېكىن ماڭا ئەڭ ياقىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزدىكى رېئالىزم. بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، رېئالىزم ئۇسۇلىنىلا قوللىنىپ يازسا بەزى مەزمۇنلارنى ياخشى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇ ئاساستا باشقا ئۇسۇللارنىمۇ ئىشلەتسە ئەسەر تېخىمۇ ياخشى چىقىدۇ. مەنمۇ مودېرنىزم ئېقىمى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بىر قانچە ھېكايە يېزىپ باقتىم. لېكىن پەقەتلا قاملاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە يېزىۋەردىم.

**«بۇرۇت ماجراسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىڭىزدە دەل جايىغا چۈشكەن بىمەنىلىك مەۋجۇد. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان زىددىيەتلەر دەل ۋاقتىدا بايقالغان. ھەتتا بەزى بايانلار شۇ قەدەر بىمەنە، بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشسىز تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئەسەردە تولىمۇ تەبىئىي باغلىنىش ھاسىل قىلىپ كەتكەن. ئەدەبىياتتا بۇ خىل تۇرمۇشنى قانداق بايقايسىز؟**

تۇرمۇشىمىزدا ئاجايىپ ـ غارايىپ نۇرغۇن ۋەقە بار. بۇلارنىڭ بەزىسىگە دىققەت قىلىمىز، بەزىسىگە دىققەت قىلمايمىز.

شۇ دىققەت قىلغانلىقىمىزغا، بىزگە تەسىر قىلغان ۋەقەلىكلەرگە قىزىق، خەلق ھۇزۇرلىنالايدىغان ۋە ئۇلارنى كۈلدۈرەلەيدىغان شۇ كۈلكە، كىنايە بىلەن ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالايدىغان قىلىپ ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باغلىق. بەزى قەلەمكەشلەر ئىنتايىن قىزىق گەپلەرنى بايان قىلغاندا ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ ـ دە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى قوزغىيالمايدۇ. يەنە بەزى قەلەمكەشلەر ئاددىي ۋەقەلىك بولسىمۇ بايانغا ئىشلەپ، ئۇنىڭغا قىزىق ھەزىل تۈسنى بېرىدۇ. ئەمدى، تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يازغىنىمىزدا بۇ تېما چەكلىك ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرى خەلق قەلبىدە شەكىللىنىپ بولغان ئوبرازلار بولغاچقا، ۋەقەنىڭ چىنلىقى ۋە ئوبرازنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىغا ماس ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق يېزىش كېرەك. لېكىن تۇرمۇش ۋەقەلىكى چەكسىز ۋە ناھايىتى ئۇششاق. بۇ ۋەقەلەرگە بەدىئىي توقۇلمىنى ماس ھالدا بىرلەشتۈرگەندە ئوخشاشلا ياخشى ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

**ھېكايىلىرىڭىزنى «ئەنئەنە تىپىدىكى ھېكايىلەر»، «ساراڭ» تىپىدىكى ھېكايىلەر ۋە «ئاڭ ئېقىمى» تىپىدىكى ھېكايىلەر قاتارلىق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈش بولىدۇ. سىز بۇ خىل بۆلۈشكە قانداق قارايسىز؟**

ھېكايىلىرىمدىن «ئايخان»، «كۆز يامغۇرى» قاتارلىقلار ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ ھېكايىلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى ھېكايىلىرىمنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە باشقا خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ يېزىپ باقتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا يارايدىغانلىرىمۇ بار، بىر قىسما تۇيۇلىدىغانلىرىمۇ بار. لېكىن ئەسەرلىرىمنى بۆلۈپ باقمىدىم، ھەم يازغاندا بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ ماۋۇ ھېكايەمنى ئاڭ ئېقىمى بويىچە، بۇنىسىنى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا يازاي دەپ يازمايمەن. بۇنداق يازغاندا ئەسەر ياخشى چىقمايدۇ. ئايرىم ئەسەرلەرنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يازىمەن دەپ يازالمايسىز. يېزىپ بېقىپ چۈشۈرەلمەي قالىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىپادىلەش دېگەن مەلۇم مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولى.

**بەزى ھېكايىلىرىڭىزدە شېئىرىي پارچىلار ئۇچرايدۇ. مىسالەن «قارا قورساق سەركە»، «قىرلىق ئۇستاكان» قاتارلىق... سىز بۇ شېئىرىي پارچىلارنى ئۆزىڭىز توقۇمسىز ياكى توپلىۋالغان ـ ئاڭلىۋالغانلىرىڭىزنى ئىشلىتەمسىز ؟**

بەزىلىرىنى قاتىمەن، لېكىن بەزىلىرىنى ئۆزۈم توقۇيمەن. بەزىدە ماڭىمۇ شېئىرىي ئىلھام كېلىپ قالىدۇ. «تەييا باي» (بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 ـ يىل 2 ـ ، 3 ـ (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەن ھېكايەمدىكى شېئىرىي بايانلارنى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىن پايدىلىنىپ يازغان. «قىرلىق ئۇستاكان»دىكى شېئىرلارنى ۋە بىمەنە سۆزلەرنى ئۆزۈم توقۇغان. لېكىن فىلىم ئىشلىگەندە يەنە نۇرغۇن نەرسە قېتىلىپ كېتىپتۇ.

**ھېكايىلىرىڭىز فىلىم قىلىپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئەسلىي ئەسەر بىلەن فىلىم ئارىسىدا بەلگىلىك پەرقنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بۇ پەرققە قانداق قارايسىز؟**

«قىرلىق ئۇستاكان» ياخشى ئىشلەنگەن. ئۆزىنىڭ ۋەقەلىك لىنىيىسى، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغان. «بۇ، چۈش ئەمەس»نىڭ ئىشلەنگەن فىلىممۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمىسى كۆپرەك ساقلاپ قېلىنغان. لېكىن ماڭا «چار خوراز»، «داپ» قاتارلىقلار ئانچە ياقمىدى. بۇلارنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھەرىكەتنى، يەنى پېرسوناژ ھەرىكىتىنى كۆپ قېتىۋەتكەن. مىسالەن، «داپ»تا پېرسوناژنىڭ يۈگۈرۈش ھەرىكىتىنى كۆپەيتىۋەتكەن. بۇنىڭدا ئەسلىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا فىلىم ئىشلىگەندە ئاپتورنىڭ پىكرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن .

**خېلى بولدى، مەتبۇئاتلاردا ئەسەرلىرىڭىزنى كۆپ ئۇچرىتالمايۋاتىمىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈمىز بار ئىدى؟**

ئۇزۇن بولدى بىر نەرسە يازمىدىم. بىرسى، ياشمۇ چوڭىيىپ قالدى، ھۇنەرمۇ قېرىيدۇ، قاملاشمىغان نەرسىلەرنى يېزىپ قويىمەنمىكىن دەپ قالدىم. ئىككىنچىدىن، «ئىلى ناخشىلىرى ھەققىدە تارىخىي بايان» دېگەن تەتقىقات كىتابىغا تۇتۇش قىلىپ، شۇ كىتاب بىلەن بوپ قالدىم. تارىخىي تەتقىقات پاكىتنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ھېكايىگە ئوخشىمايدىكەن. ھېكايە دېگەننى ئولتۇرۇپ بەزى يەرلىرىگە كەلگەندە بەدىئىي توقۇلمىنى قېتىپ يېزىۋەتكىلى بولىدۇ. لېكىن تەتقىقاتتا ناھايىتى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق كۆزىتىپ يېزىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابنى ئىككى يىلدا پۈتتۈردۈم. ئۆزۈمنىڭمۇ يېزىش خىيالىم يوق. ياش چوڭايغانسېرى ئىلھاممۇ تۈزۈك كەلمەيدىكەن.

**ئەسەرلىرىڭىزدە چاتما ۋەقەلەر خېلى كۆپ، سەكرەپ ـ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ۋەقەلەرنى ئالدىن ئويلاپ بېكىتىۋالامسىز ياكى يېزىش جەريانىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەمسىز؟**

يازغۇچى ئەسەر يېزىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن نەرسىنى ئويلايدۇ. يازغاندا بەزىدە ئۆزۈم ئويلىغان ۋەقەلەر بىر يەردە قېلىپ، باشقا ۋەقەلەرنى يېزىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. يازغۇچى پېرسوناژلار بىلەن يۇقۇشىدىغان ۋەقەلەرنى تاللاپ يازسا، بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ دەپ قارايمەن. يېزىش جەريانىدا بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنى تەپسىلىي يازىمەن. بەزىدە يېنىك ـ يېنىك تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىمەن. لېكىن

www.uyghurkitap.com

ئوقۇرمەن تاشلىماي تەپسىلىي ئويلايدۇ. بۇنداق قىلغانلىق ئوقۇرمەننىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئويلىنىش پۇرستى يارىتىپ بەرگەنلىك دەپ قارايمەن.

**ئەسەرلىرىڭىزدە يۇمۇرىستىك تۈيغۇ ناھايىتى قويۇق. مۇنداق كۆلكە ـ چاقچاق، ھەزىل تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان بايان، قىستۇرما، گەپ ـ سۆزلەرنى ئالدىن ئويلىشىۋالماسىز ياكى يېزىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز كاللىڭىزدا پەيدا بوپقالامدۇ؟**

ئەسلىدە مەن مۇشۇنداق قىزىقارلىق يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنى كۈلدۈرەي دەپ ئويلايمەن. بۇرۇن مەن نۇرغۇن قىزىقارلىق ۋەقەنى ئاڭلىغان، ئۇ چاغلاردا خاتىرەم ناھايىتى ياخشى بولغاچقا ئېسىمدە ساقلىغاندىم. كېيىنچە بەزىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەزىدە ئەسەر يېزىۋاتقاندا ئەينى ۋاقىتتا ئاڭلىغان ۋەقەلەرنى ئەسىرىمنىڭ مۇشۇ يېرىگە تازا ماس كېلەتتى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بۇرۇن ئالاھىدىن دەپ بىر قوشنام بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى يۇمۇرىستىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. «داپ» دېگەن ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاشۇ قوشنام سۆزلەپ بەرگەنىدى. كېيىن كۆرسەتسەم :«بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى يېزىپسىزغۇ» دېگەنتى. «سەن ئۆزۈڭ سۆزلەپ بەرگەن» دېگەنىدىم. دېمەك، ئەگەر قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئەسەرگە ماس كەلسە، چوقۇم قىستۇرۇپ يېزىش كېرەك. چۈنكى مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىقمۇ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات كىشىنى كۈلدۈرۈپ ئىلھام بېرىدۇ. مەلۇم تەرىپىدىن زوقلاندۇرىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا سېلىپ مەلۇم پىكىرگە كەلتۈرىدۇ. مىسالەن، «مەنمۇ قىزاردىم» دېگەن ھېكايەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئاشۇنداق قىزىقارلىق چاقچاقلارنى دەل جايىدا ئىشلەتكەنلىكىمدىن دەپ قارايمەن. بۇ ھېكايەمنىڭ ۋەقەلىكىنىمۇ بىرسى ماڭا دەپ بەرگەنىدى. باشقىلار دەپ بەرگەن بەزى قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز پېتى ئەسىرىمگە قىستۇرۇپ يازىدىغان چاغلىرىممۇ بار. ئەگەر يازغان ئەسەرلىرىمىز يۇمۇرىستىك ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، ئوقۇرمەنلەرمۇ ناھايىتى خۇشھال بوپكېتىدۇ. بەزىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ كېتىمەن.

**«قۇم باسقان شەھەر» رومانىڭىزنى قانداق بىر ئىلھام ۋە تەسىرنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىشنى ئويلاپ قالغانتىڭىز؟**

بۇرۇن ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ماناپ قادىر دەپ بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولىدىغان (ئۆز ۋاقتىدا ئۇ نۇرغۇن خەيرلىك ئىش قىلغان ئادەم ئىكەنتۇق). بۇرۇن خوتەنگە بارغاندا شۇ يەردە بىر ۋەقەنى ئاڭلاپتىكەن، كېيىن ئۇ ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقىمىكىن، ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە رومان يېزىپ بېقىشنى ئويلاپ قالغانتىم. نۇرغۇن ئادەم «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى تارىخ قاچان، قايسى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ دەپ سورىغان. مەن بۇنى تارىخ دېسىمۇ، ئەدەبىي ئەسەر دېسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

**رومانىدىكى جاھانكەزدى سوپۇرگە ئوبرازىنى يېزىشتا قانداق ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن پايدىلاندىڭىز؟**

بۇ ئوبرازدا خوجا نەسرىددىن ئوبرازىنىڭ تەسىرى بار دەپ قارايمەن. بۇ رومانىم سەل چۆچەككە مايىلراق يېزىلدى. بۇنىڭدىكى ۋەقەلەر بىر قارىسا بىر ـ بىرىگە ئۇلانمىغاندەك قىلغان بىلەن، يەنىلا بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان ۋەقەلەردۇر. يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدە بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسى بار دېسىمۇ، يوق دېسىمۇ بولىدۇ.

**روماندا بىر خىل چۆچەكلىك خاراكتېرنى ئالغان رىۋايەتلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن باياننى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ يازغانمىدىڭىز ياكى كۆزىتىش ئاساسىدا ئۆزىڭىز توقۇغانمىدىڭىز ؟**

بۇرۇن ئابلىز ھوشۇر «نوزۇگۇم» توغرىسىدا بىر پوۋېست يېزىپ، نوزۇگۇمنىڭ سۆيگىنى باقەمنى تەسۋىرلىگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئوبرازنى ئانارنىڭ شېخىغا چىقىپ ئۈزىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوقۇرمەنلەر كۆرۈپ، نەدىمۇ ئانارنى شېخىغا چىقىپ ئۈزىدىغان ئىش بار، دەپ يازغۇچىغا خەت يازغانىكەن. چۈنكى ئاپتور جەنۇبقا بېرىپ باقمايلا، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە يازغانىكەن. مېنىڭ يازغانلىرىممۇ شۇنداق كۈلكىلىك بىر ئىش بولمىسۇن دەپ خوتەنگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن خوتەندىكى يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنى تېپىپ، ئۆزۈمنىڭ تەكلىماكان توغرۇلۇق ئەسەر يازماقچى بوپقالغانلىقىمنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تەكلىماكاننى كۆرۈپ كېلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتىم. نۇرمۇھەممەت توختى مېنى باشلاپ بېرىپ يەنە بىر ئادەم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئادەم ئەسلىدە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئەكىرىپ چىققان تەجرىبىسى بار ئادەم ئىكەن. مەن ئۇ ئادەمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تولۇق تەييارلىق قىلىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كۆرۈشكە باردىم. بىز كىرگەن يەردە توغراقلار شالاڭراق ئىكەن. توغراقلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارىسام، يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، سۆگەتنىڭ يوپۇرماقلىرىدەك ئىنچىكە يوپۇرماقلىقلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاشۇ يەردە كېتىۋېتىپ بىر يەرگە قارىسام، بىر ئۇسسۇلۇك شۇنچىلىك چىرايلىق چېچەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. كۆڭلۈمدە، بۇمۇ بىر خىل ھاياتلىق ـ دە، دەپ ئويلىدىم. مەن تەكلىماكاندىكى ئاجايىباتلارنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندىم. شۇڭا رومانىدىكى بەزى نەرسىلەر خىيالىي يېزىلغاندەك تۇرغان بىلەن، ئەمەلىي كۆرۈپ يازغان ۋەقەلەردۇر. ئەلۋەتتە توقۇغان نەرسىلەرمۇ خېلى بار. مىسالەن، ئۈچ تۈپ توغراق تۇۋىدە بولغان ۋەقەلەر

قاتارلىقلار.

بىزدە ئادەم ھايۋانغا، ھايۋان ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدىغان چۆچەكلەر ۋە باشقىچە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر سۆزلىنىدىغان چۆچەكلەر ناھايىتى نۇرغۇن تېپىلىدۇ. شۇڭا چۆچەكلىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساق، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن .

**خېلى كۆپ ھېكايىڭىزدە ئىت، توخۇ، چوشقا، بۆرە ۋە ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايىنىپ ــ ئايلىنىپ كېتىش موتىفى كۆرۈلىدۇ. سىز مۇشۇ خىل ئۇسۇلدىكى ئىجادىيەتتە مەلۇم كىنايىلىك دارىتمىلاش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئويلامسىز؟**

بۇ جەھەتتە دەل چۆچەكلىرىمىزدىن ئىلھام ئالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئەسەر يازغاندا باشتا مەلۇم دارىتمىلاش، كىنايە قىلىش رولىنى ئويىنسۇن دەپ يازمايمەن، ئەسەر پۈتۈپ چىققاندا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىكى بەدىئىي ئۈنۈمگە قارايمەن. بۇ مېنىڭ شەخسىي كۆز قارىشىم. بەزىدە يازغۇچىمۇ ئۆزى ئويلىمىغان مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدىكەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوبزورلىرىغا قاراپ بۇ تەرەپلەرنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلماپتىكەنمەن دەپ قالىمەن. مەسىلەن، « ئالتۇن چىشلىق ئىت » ناملىق ھېكايەمگە يېزىلغان بەزى ئوبزورلارنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ شۇنداق ھېس قىلغانتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يازغىنىنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. گەپ يەنىلا ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىگىچە بېرىشى مۇمكىن.

**بەزى ئەسەرلىرىڭىزدە «مەن» ئوبرازى، ھەتتا «مەن» ئىچىدىكى «مەن» ئوبرازىمۇ ئۇچرايدۇ. سىز ئادەتتە ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى خالامسىز ياكى پېرسوناژلىرىڭىزنىڭ مۇستەقىل ھالەتتە بىر ـ بىرى بىلەن دىئالوگلىشىشنى خالامسىز؟**

مەن ئادەتتە بىرىنچى شەخس تىلىدا يازسام ياخشى يازالايدىكەنمەن. يەنى، بىرىنچى شەخستە يازغان ۋاقتىمدا ۋەقەلىك يېنىك ۋە راۋان يېزىلىدۇ، ئىككىنچى شەخس تىلىدا يازغان ۋاقتىمدا باشتا سەل تەس تۇيۇلىدۇ، كېيىن راۋانلىشىدۇ. يۇقىرىدا دېگەنلىرىم، نوقۇل مۇشۇ خىل ئۇسۇللاردا يازسا ياخشى دېگىنىم ئەمەس. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايسى خىل ئۇسۇل مۇۋاپىق بولسا، شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان تۈزۈك دەپ قارايمەن.

**بىز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچە ۋەقەلىكىنى غۇلجا تۇرمۇشىدىن ئالغان دەپ قارايمىز. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ غۇلجىغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىۋاتامسىز ؟**

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بىر قانچە پارچە ئەسەر يازدىم. بۇ ئەسەرلىرىمنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ئاساسەن ئۈرۈمچى تۇرمۇشىدىن ئالدىم دېسەم بولىدۇ. ئادەتتە مەن ئاۋام ـ پۇقرالار ئارىسىدا يۈرۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئۇيغۇرلار تويلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دۆڭكۆۋرۈك، سەنشىخاڭزا قاتارلىق جايلارنى ناھايىتى كۆپ ئايلىنىمەن. بۇ جەرياندا مەن نۇرغۇن نەرسىنى كۆزىتىمەن. يازغۇچى بولغان ئادەم تۇرمۇشنى كۆزىتىشى ۋە تۇرمۇش ئۆگىنىشى لازىم. مانا بۇ، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

**ياشلاردىن كىملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرىسىز؟ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قانداق قارايسىز؟**

ياشلارنىڭ بىر قىسمى يېزىۋاتقان ئەسەرلەر خېلى ياخشى، ئۈمىد زور. لېكىن ھەممىسىنى كۆرۈپ بولالمىدىم. مەسىلەن، رىزۋانگۈل يۈسۈپ ۋە ياسىنجان سادىقلارنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بولىدىكەن، بولۇپمۇ رىزۋانگۈل يۈسۈپ يازغان ئەسەرلەردە ئۈمىد خېلى چوڭدەك قىلىدۇ.

**پېشقەدەم مەرھۇم يازغۇچىلىرىمىزدىن ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇپ تۇرامسىز ؟**

زوردۇن سابىرنىڭ خېلى كۆپ ئەسىرىنى ئوقۇغان. قەييۇم تۇردىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇغاندىم. لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ماڭا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى باشقا، ماڭا ئوخشىمايدۇ. قەييۇم تۇردى ناچار يازغۇچى ئەمەس. لېكىن ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا ئىجادىيەت ئەركىنلىكى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. كېيىن سىياسەت ياخشىلانغاندا قەييۇم تۇردىنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. زوردۇن سابىرنىڭ كېيىن يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى ياخشى چىققان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ياخشى يېزىلغان شېئىرلار بولسا سۆيۈپ ئوقۇپ، تولىمۇ يايراپ كېتىمەن. چۈنكى شېئىر دېگەن سۆزنى ناھايىتى تېجەپ، ئىخچام يېزىلىدىغان ژانىر ھېسابلىنىدۇ.

**قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى چىڭغىز ئايتماتوف، ئەزىز نەسىن، ياشار كامال قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ تۇرامسىز؟ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قانداق قارايسىز ؟**

ئەزىز نەسىنگە ناھايىتى قىزىقىمەن ۋە ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن. چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بولىدىكەن. ياشار كامالنىڭ چوڭ ـ چوڭ رومانلىرىنى كۆرۈپ بولالمىدىم. ماڭا «ھىندى ھېكايىلىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە كىتابنىڭ تەسىرى ئەڭ زور بولغان. ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى، تىلى، ئۇسلۇبى ناھايىتى ياخشى چىققان دەپ قارايمەن. ھازىر بىر قىسىم تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى شالغۇتلىشىپ كەتتى. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا تىل ئالاھىدىلىكى

ۋە گۈزەللىككە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خاھىش يۈز بېرىۋاتىدۇ.

**«ئۈت كەتكەن دەريا» دېگەن ھېكايىڭىزدە ماۋزۇ تازا روشەن تىلغا ئېلىنمىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. مۇشۇ ئەسىرىڭىزنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

«ئۈت كەتكەن دەريا» (بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) نى يېزىشتىن بۇرۇن ساراڭلار ساناتورىيىسىگە بارغانىدىم. ياسىنجان دېيىدىغان بىر ساۋاقدىشىم بولىدىغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسى ئىمام ساراڭلار ساناتورىيىسىدە ئىكەن. ئۇ يەرگە كىرىشىمگىلا ئۈچراپ قالدى. بىر ـ بىرىمىزنى قاراپلا تونۇۋالدۇق. ئۇ مېنى كۆرۈپلا «تاماكا بېرىڭ» دەپ قولىنى تەڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ تاماكا ئەكىرىپ بەردىم. بۇ جەرياندا ئۇ يەردىكى ھەممە ئىشنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى ئەھۋال گەرچە يازغانلىرىمدىكىدەك ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەملەر ئالاھىدە بىر دۇنيا ئىكەن. ساراڭلارنىڭ بەزى گەپلىرى ئالامەت، پىكىر قىلىشى باشقىچە، تەسەۋۋۇرى ناھايىتى جانلىق ئىكەن. ساراڭلىق دېگەن بىردەملىك ئىشقۇ. ئىككى رومكا ئىچىۋالسىلا ئۆزىنى كونترول قىلالماي، باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ، ساراڭدىن چوڭ پەرقى يوق بولىدىغان گەپ. «ئۈت كەتكەن دەريا» دېگەن ھېكايەمدە ساراڭلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئازراق يېزىپ باققانتىم.

**ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئەدەبىيات تەنقىدىنىڭ سەۋىيىسى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىۋاتامدۇ؟ ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىگە قانداق قارايسىز؟**

بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە سىياسىي گەپلەر بەك كۆپ ئىدى. ھازىر نەزەرىيىلەرمۇ خېلى يېڭىلاندى. بۇنىڭ تۆرتكىسىدە بىر قىسىم ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، تەنقىدچىلەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، مۇھەممەت پولات، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە سالماق بىر قوشۇن بارلىققا كېلىپ، خېلى سىستېمىلىق ماقالىلەرنى يېزىۋاتىدۇ. لېكىن بەزى تەنقىدچىلەر چەت ئەللەرنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرىنى دوراپ، ئۇنداق قىلىش كېرەك! بۇنداق قىلىش كېرەك! دەپ شوئار توۋلاپ ئەدەبىياتىمىزنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بىزنىڭ 1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزدە ئۇنچە كۆپ ئەدەبىي ئەسەر يوق ئىدى. بولۇپمۇ زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خېلى كۆپ نادىر ئەسەر بارلىققا كەلدى.

ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىمۇ ئەدەبىيات ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. تەنقىد بولۇپ تۇرسا خېلى دىققەت قىلىپ يازىدىكەنمىز. مېنىڭمۇ بىر پارچە ئەسىرىم تەنقىدكە ئۇچراپ چۈشۈپ كەتكەنىدىم. مەن مۇھەممەت پولاتنىڭ يازغان ئوبزورلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا قاسىم سىدىق دېيىدىغان بىر ئوبزورچى بولىدىغان، بىر قانچە پارچە ئوبزور يېزىپ خېلى زور تەسىر قوزغىغان، كېيىن ئوبزورچىلىقنى تاشلىۋەتتى. دېمەك ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىمىزمۇ خېلى ياخشى داۋاملىشىۋاتىدۇ.

**ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى ناھايىتى ئاددىي، ئەمما قىزىقارلىق ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. سىزچە، پېرسوناژلارغا ئىسىم قويۇشمۇ بىر سەنئەتمۇ ـ قانداق؟**

بىزدە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىغا، ھەتتا قوشۇمچە پېرسوناژلىرىغا ناھايىتى دەبدەبىلىك ئىسىملارنى قويىدىغان ئىش بار. بۇ خىل ئەھۋال يېقىندىن ئىجادىيەتكە كىرگەنلەردىمۇ ناھايىتى ئېغىر. ئۇلار ئەسەر پېرسوناژلىرىغا ئالامەت ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ. سىز ئىسىملارنى ئۇنچە تاللاپ قويمىسىڭىزمۇ، پېرسوناژلارنى ياخشى تەسۋىرلىسىڭىز ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تىلىمىزدا تاش، يانتاق دېگەندەك ناھايىتى تەبىئىي ۋە تارىخىي ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. گەرچە بۇ ئىسىملار ئاددىيدەك تۇرغان بىلەن، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەمدى، ئەسەرلىرىمگە قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك ۋەقەلەرنى كىرگۈزۈشۈم، ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈندۇر. لېكىن قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ ئاڭلىغان ـ كۆرگەن نەرسىلەرنى قالايمىقان يېزىۋەرسىڭىز، بۇ توغرا بولمايدۇ. ھەتتا قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ يېزىۋەرگەنلەرگە قىزىقچىلىقنى بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ، دەپ خەت كەلگەنلەرمۇ بار. شۇڭا قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپلا قىزىقچىلىق قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئەلۋەتتە يېزىش كېرەك، لېكىن بۇ ۋەقەلەر ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلالىشى ۋە ئويغا سالالىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

**بىر قانچە ھېكايىڭىزنى كەينى ـ كەينىدىن بىر ـ بىرىگە چاتما ھالەتتە ئېلان قىلدىڭىز. قانداقسىگە مۇنداق چاتما ھېكايىچىلىققا قىزىقىپ قالغانتىڭىز؟**

بۇنداق يېزىش بىر خىل شەكىل، بىر قانچە ئەسەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئۈچۈن شۇنداق يازغان. ئەسلىدە ۋەقەلەر بىر ـ بىرىگە چېتىلمايدۇ. «ساراڭ»نىڭ ئاغزىدىن بەزى نەرسىلەرنى دېسەك، تۇرغۇن نەرسىنى دەۋەتكىلى بولىدىكەن. شۇ ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىكەن. ئاشۇ ھېكايىلەردە ئەگەر ساق ئادەملەر شۇنداق گەپ قىلسا ھەرگىز ماس كەلمەيتتى. بۇنىڭدا بىر خىل ماھارەت ۋە ئۆزگىچىلىك بار. يەنى قانداق يازسا ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. باش ـ ئاخىرنى قانداق ماسلاشتۇرۇشتا يازغۇچى ماھارەتلىك بولۇشى كېرەك.

**ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، يازغۇچى مەيلى قانچىلىك مەسئۇلىيەتچان ـــ سەممىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەسەرنىڭ مەلۇم قىسمىدا، بولۇپمۇ بېشىمدە ئۇقۇرمەنلەرگە مەقسەتلىك ھالدا بىر خىل قىينىلىق ۋە غۇۋالىقنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، دەپ قارايدىكەن. سىزمۇ شۇنداق قىلامسىز ؟**

پىكرىنى بەك ئوچۇق ـ ئاشكارا يېزىۋەتسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئەسەر ياخشى چىقمايدۇ. بەزى تەرەپلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇپ قويساق، ئۇلار ئۆزلۈكسىز ئويلىنىدۇ ۋە تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەنلىك. بۇمۇ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ياخشى.

**«قۇم باسقان شەھەر»، «تەيپا باي» قاتارلىق رومان ۋە ھېكايىڭىزنى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ يازغان بولۇشىڭىز مۇمكىن دەپ قارايمىز. ئىجادىيىتىڭىزگە تارىخ ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رولى بولغانمۇ ـ قانداق؟**

بەزى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا موماملىرىن نۇرغۇن قوشاق، ئەپسانە ۋە چۆچەكنى ئاڭلىغانىدىم، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. مومام ماڭا ئۇنداق ئەپسانە ۋە چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئەمەس. بىراق مەن تارىخ ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىمىزغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرنى ئوقۇغان. ھەتتا غەيرىي ـ غەيرىي نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالسام كۆڭلەپ ـ كۆڭلەپ قانماي ئاڭلايدىغان قۇلاق موللىسى ئىدىم. گەپ ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىدىم. شۇنداق ئاڭلاش ۋە كۆرۈش جەريانىدا ئۆزۈممۇ چۆچەك توقۇيالايدىغان بوپكەتتىم. شۇڭا ئەسەرلىرىمدىكى بەزى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئاشۇلاردىن ئېلىنغان، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان، بەزىلىرى توقۇلغان.

**«قاش بويىدىكى ۋەقە»ھېكايىڭىزگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا رېئاللىق بىلەن ئەدەبىي توقۇلمىنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدىكى ئورنى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

مەن «قاش بويىدىكى ۋەقە»(بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ1999 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.ـــ مەسئۇل مۇھەررىردىن)نى يېزىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارغان. لېكىن بۇ ھېكايەم ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىدى. ئۆزۈمگە بۇ ھېكايىنىڭ بىر يەرلىرى ئېغىردەك تۇيۇلىدۇ. «كۆز يامغۇرى» دېگەن ھېكايەمنى باشتا يازغۇم كەلمەي، كېيىن قىزىقىپ يازغانىدىم. يېزىپ بولۇپ مۇھەممەت پولاتقا كۆرسەتسەم، «ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ» دەپ ماختاپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە يازغۇچى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسىكەن دەيدۇ. لېكىن ئۇنداق بولۇۋېرىشى ناتايىن. يۇقىرىقى ھېكايىلىرىمنىڭ بەزى ۋەقەلىرى ھەقىقەتەن راست بولغان ۋەقەلەر.

1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ياش يازغۇچىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش جەريانىدا 15 كۈن ھېكايە يېزىشقا قويۇپ بەردى. بۇ جەرياندا بەزى ھېكايىلەرنى يېزىپ ئەخەت تۇردى، ئابلىمىت سادىق ۋە مالىك كېۋىرلەرگە كۆرسەتسەم، بولماپتۇ، دەپلا باش چايقىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، باش قەھرىمانلار ئوبرازىنى ياخشى يارىتىمەن دەپ نوقۇل يالغان نەرسىلەرنى توقۇۋەرگەچكە، ياخشى چىقماپتۇ. ئەلۋەتتە ئەدەبىياتتا يالغان نەرسىمۇ نۇرغۇن. لېكىن ئەدەبىياتتىكى يالغان نەرسىلەر كىشىلەرنى خۇددى راستتەك ئىشەندۈرەلەيدىغان چىن يالغان نەرسىلەردۇر. مەسىلەن، «چوشقىلارغا بايرام» ھېكايىسىدىكى چوشقىلارنىڭ بازارلارنى ئۆكتەي ـ تۆكتەي قىلىۋېتىشى ئېنىقلا يالغان. توقۇلما ئەدەبىي چىنلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ خۇددى چىن نەرسىدەك يېزىلغاندىلا، ئوقۇرمەنلەر ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە بولسا ئوقۇرمەن زېرىكىپ ئوقۇماسلىقى مۇمكىن.

**بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىر ناھايىتى كۆپ. لېكىن ئەسەرلىرىڭىزدە تەسۋىر يوق دېيەرلىك. سىز تەسۋىرنى مەقسەتلىك يازمامسىز ياكى ئۇنى ئانچە مۇھىم دەپ قارىمامسىز؟**

كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، تەسۋىرنى ياخشى يازالمايمەن. پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيمەن. شۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بىر پىكرنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىمەن. بۇنىڭدا مەن يەنە جانلىق تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىمەن. چۈنكى پېرسوناژنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تونۇش بىر ئادەم سىرتتا گەپ قىلسا، گەرچە بىز كۆرمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كىملىكىنى پەرقلەندۈرۈپ بىلەلەيمىز. مانا بۇ ھەقىقىي جانلىق تىل ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىمۇ يۇقىرىقىدەك يازالىسا، بۇ ناھايىتى كاتتا ئىش، ئەلۋەتتە.

**ئەسەرلىرىڭىزدە بىر ياقتىن كۈلدۈرۈپ، بىر ياقتىن يىغلىتىپ ئازابلايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئەھۋال چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىدا «قارا يۇمۇر» دېيىلىدۇ. نېمىشقا بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاپ قالدىڭىز؟ بۇنداق ئىپادىلەشكە تۈرتكە بولغان ئامىل نېمە؟**

بۇنداق يېزىشىم، ئاساسلىقى ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن. لېكىن جەلپ قىلىمەن دەپ نوقۇل قىزىقارلىق ۋە كىشىنى ئازابلايدىغان نەرسىلەرنى يېزىۋەرسە بولمايدۇ. چوقۇم شۇ كۈلكە ۋە ئازابنىڭ ئارقىسىغا مەلۇم مەنە يوشۇرۇنۇشى كېرەك. كۈلكىلىك گەپلەرنى مەلۇم مەنە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىجادىيەت يولۇمدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە مەلۇم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ھەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ يەنىلا يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. مەن «قارا يۇمۇر ئەدەبىياتى»نى ئانچە

چۈشىنىپ كەتمەيمەن. بىلىشىمچە، بىزگە بۇ خىل ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر كۆپ كىرمەي، نوقۇل ئاتالغۇلا كىردى. تەتقىقاتچىلار ئەسەرلىرىمىزدىكى ئالاھىدىلىككە قاراپ ئاشۇنداق ئېقىملارغا كىرىدۇ، دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

**بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىز ھەققىدە ئاز-تولا بىر نەرسە دەپ بەرسىڭىز؟**

كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقىمىكىن، يېقىندىن بېرى ئانچە كۆپ يازالمىدىم. ئوقۇرمەنلەر جىقراق يېزىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ تىرىشىۋاتىمەن. بۇ يىل (2007-يىل) مۇزداۋانغا باردىم. ئۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىپ باقاي دېگەن مەقسەتتە. مۇزداۋان ئەسلىدە ناھايىتى قەدىمىي جاي ئىدى. نۇرغۇن ئىش-ۋەقە يۈز بەرگەن بۇ جاينىڭ تارىخى ئۇزۇن، ھەم ناھايىتى سىرلىق. بۇرۇن ھازىرقى يوللار يوق ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئاشۇ يول ئارقىلىق ماڭاتتى (ھازىر بۇ يول ئەمەلدىن قالغان). ئاقسۇدا تۇغلۇق تېمۇر خان تەختكە چىققان ۋاقىتتا مۇشۇ مۇز داۋان ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئاندىن ئاقسۇغا بارغان. كېيىنچە مۇشۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇنىڭ قانداق ئەسەر بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

# ئۆزۈمنى يېڭىلىماقچى

## — يازغۇچى مۇھەممەت باغراش بىلەن سۆھبەت

ۋاقتى: 2007-يىل 18-نويابىر.

ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى.



**تۇنجى ھېكايىڭىز «سەپداش» 1981-يىلى يېزىلغانىكەن. ھېكايە مەيلى تىل، قۇرۇلما ياكى مەزمۇن جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ ھېكايىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

كىچىكىمدىن كىتابقا ھېرىسمەن ئىدىم. يەنە كېلىپ ئۇن نەچچە يېشىمدا ئارتىس بولدۇم. ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدىم. لېكىن ئوقۇشنى، يەنىلا كىتابنى تاشلىمىدىم. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر كۈنلەردە شوپۇر بوپقالدىم. ئۇ چاغلاردا تولا ئادەمنىڭ شوپۇر بولۇۋالغۇسى بار ئىدى. ئەينى يىللار (1970-يىللار) دا يوللار ھازىرقىدەك ياخشى ئەمەس، كۆپ قىسمى بۇزۇلغان، ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئىدى. ماشىنىلارنىمۇ ئانچە سۈپەتلىك دەپ كەتكىلى بولمايتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىبەتكە يۈك تارتىدىغان ۋەزىپە چىقىپ قالدى. يەتتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى، ئەتراپىدا ئىنس-جىن بولمىغان تاغ يولىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ماشىنامدىن چاتاق چىقتى، قار-شۇۋۇرغاندا قالدىم. خېلى ھەپىلىشىپ باقساممۇ، زادى نەدىن كاشىلا چىققانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئوكسىگېن خالتىسىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق قېلىپ، ئوكسىگېنمۇ ھاۋاغا تارىلىپ كېتىپتۇ. ئەنسىرەشكە باشلىدىم. چۈنكى بۇ يەردىكى قاتتىق سوغۇق ۋە ئوكسىگېننىڭ كەمچىل بولۇشى ئادەمنىڭ ھاياتىغا چوڭ بىر تەھدىت ئىدى. تاسادىپىي ماشىنا تاغدىن چۈشۈپ كەتسە، ھېلىغۇ ئادەمكەن، ماشىنىمۇ كۇكۇم-تالقان بوپكېتەتتى. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ماشىنام ئوت ئالدۇرۇلغان، يېنىمدا بىر ئاداش ئولتۇرۇپتۇ. كالون بويىچە كۆزۈمگە ئەك ئىلمايدىغان ئادەم شۇ ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن نەچچە كىلومېتىر ئۆزۈپ كەتكەنىدى. قارىسا، مېنى ھېچ يەردە كۆرمىگەندىن كېيىن، ئەنسىرەپ قايتىپ كېلىپ ماشىنامنى ياساپ قويۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا مەن ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى، ئىنسانىيلىقى، دوستلۇقنىڭ نېمىلىكىنى قايتىدىن تونۇپ يەتتىم. ئۇچاغدىمۇ مەندە بىرەر نەرسە يېزىش ئويى بولمىغان، پەقەتلا بۇ ئاداشنى ئەمدى كەمسىندۈرمىسەم، چاقچاقنى ئازراق قىلسام بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم. كېيىنكى بىر سەپەردە ماشىنامغا ئوت كەتتى. ئەلۋەتتە بۇ ئوتقا ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم. لېكىن قەستەن قىلمىدىم. بىرىسى ماشىنامدىن ماي ئوغرىلاپ ماي تۇرۇبىسىنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. تاماكامنى تۇتاشتۇرغان سەرەڭگىنى يەرگە تاشلىشىم

uyghurkitap.com

بىلەنلا، گۈپلا قىلىپ ماشىنىغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالدىم. كېيىن كالوندىن مېنى باش قىلىپ، نەس باسقان 40نەچچە شوپۇرنى لەخمە كولاشقا بەلگىلىدى. ئادەتتە بىر كۈنلۈك ۋەزىپىنى كۆپ بولسا ئىككى سائەتلەردە ئورۇنداپ بولاتتۇق. ئۇنىدىن كېيىن قارتا ئويناتتۇق. شۇنداق قىلىپ ماڭا كىتاب ئوقۇشقا پۇرسەت بولدى، يەنە كىتاب ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر كۈنلەردە «خېلى كۆپ كىتابمۇ ئوقۇپتىمەن، نېمىلا بولسا بىر نەرسە يېزىپ باقمايمۇ» دېگەن خىيال كاللامدىن كەچتى. نېمىنى يازسام بولار دەپ ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز تىبەت سەپىرىدىكى ئاشۇ ئىش ئېسىمگە كېپقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇھېكايىنى ئۈچ ئاخشامدا يېزىپ بولدۇم. پوچتىدىن سېلىۋېتىپ ئىككى ئايدىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «تارىم» ژۇرنىلى مۇندەرىجە بېتىدە «مۇھەممەت باغراش»، «سەپداش» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم (1980 ـ يىللاردا ئۇرۇمچىدىكى ئاساسلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژۇرناللىرىنىڭ يېڭى سانلىرىنىڭ مۇندەرىجىلىرى ژۇرنال نەشىردىن چىقىشتىن بۇرۇن «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىناتتى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). ئالتە كۈندىن كېيىن بىر پارچە ژۇرنال بىلەن سەكسەن يۇەن قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ ماڭا باشقىچە ئىلھام بولدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مائاشىم ئاران قىرىق يۇەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىندى. (ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۇ ھېكايىنى رادىئو دىرامىسى قىلىپ ئىشلىدى ۋە ھازىرغىچە ئاڭلىتىلماقتا. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). مەن ئۇ ھېكايەمنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

**ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرمىگىلى خېلى بوپقالدى. يېزىشتىن توختاپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئىجادىيەت ئۈستىدىمۇسىز؟**

ئىجادىيەتنى ھېكايىدىن باشلىغاچقا، ئىجادىيەتتە چوڭقۇرلىغانسېرى ماغدۇرۇمنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئالدىرىماي ئۆزۈمنى توختىتىپ يېزىۋاتىمەن. نۆۋەتتە رومانلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىلىۋاتىدۇ. رومان بولغاندىكىن ئۇ بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ژانىر دەپ قارايمەن. شۇڭا رومانغا توغرا ھەم مەسئۇلىيەتچان مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇنداق دېگىنىم، ياخشى رومانلار يوق دېگىنىم ئەمەس، بىراق يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانماقتا. ھازىر رومان يازماق ئاسان بوپكەتتىمۇ، تېخى تونۇگۈنلا كىتاب ئوقۇشنى باشلىغان كىشى بۈگۈنلا «ھەر ـ ھەر رومان» يېزىپ كېتىۋاتقاندەك . ھەر بىر يازغۇچى ئەدەبىياتقا تارىخىي جاۋابكارلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارايمەن. ئۆزۈمنى ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتسام، ماغدۇرۇم بوش، بىلىم قورۇلمام كەمچىل. بۇنداق شارائىتتا رومانغا ئالدىراپ قول سېلىپ، ئۆزۈمنى چاغلىماي يېزىپ كەتسەم بولماس، دەپ قارايمەن. ئەتراپىمىدىكى ھەۋەسكارلارغىمۇ شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: قەلىمىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن تەۋرىگىنى تۈزۈك. تارىخقا، مىللەتكە، ئەۋلادقا، جەمئىيەتكە جاۋابكار بولۇشىمىز كېرەك، دەپ قارايمەن. بولۇپمۇ ئەدەبىياتقا تارىخىي جاۋابكارلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

**بۇلتۇر (2006 ـ يىلى) بېيجىڭدا ئىجادىيىتىڭىز توغرىسىدا مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

«كەلكۈن» ناملىق پوۋېستىم خەنزۇچىدا « كامالىددىن» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغانىدى (يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نادىر پوۋېستلىرىدىن بىرى «كەلكۈن» ئەسلىدە مەلۇم بىر ئەدەبىي ژۇرنالدىن قايتۇرۇلغاندىن كېيىن تەھرىراتىمىز ئەسەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ ئىشلىتىشكە تاللىغان. پوۋېستنىڭ ئەسلىي ماۋزۇسى «قانغا بويالغان نىلۇپەر» ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى مەمۇرىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەرگە كۆرە پوۋېستنىڭ ماۋزۇسى «كەلكۈن»گە ئۆزگەرتىلگەن، يۈكسەك تراگېدىك پەللە بىلەن تاماملانغان پوۋېستنىڭ خاتىمىسىمۇ ئەسەرنىڭ تەبىئىي راۋاجى ۋە ئاپتورنىڭ خاھىشىغا خىلاپ ھالدا ئىجابىي ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما)سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. دىلمۇراد تەلئەت تەرجىمە قىلغان مەزكۇر پوۋېست 2006 ـ يىلى نويابىردا غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنى تارقىتىش بويىچە 15 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى»دا «مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). بۇ پوۋېست خەنزۇ يازغۇچىلار ئارىسىدا بىر ئاز غۇلغۇلا قوزغىغان ئوخشايدۇ. خەنزۇ يازغۇچىلار بىلىدىغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ھەقىقەتەن ئاز. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىزدىن خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئازلىقىدا. بىر قىسىم ئۇششاق ئەسەر تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، چوڭراق ھەجىمدىكى ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى ھازىرچە تولىمۇ ئاز. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم سەۋەبنىڭ بىرسى، ئەدەبىيات تەرجىمانلىرى قوشۇنىمىز ئاجىز. ئىلگىرى بىر تۈركۈم ئەدەبىيات تەرجىمانىمىز بار ئىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پېنسىيىگە چىقتى. ئەدەبىيات تەرجىمانلىقى ئۆزگە تىلدا كامىل ئىپادىلەش ماھارىتى تەلەپ قىلىدىغان يۈكسەك ئىلىم خىزمىتى. بىر تىلدىكى ئەسەرنى يەنە بىر تىلغا ئۆرۈش، ھۆججەت تەرجىمە قىلغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى چەكلىك. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم خەنزۇتىلىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. « كامالىددىن » پوۋېستى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن خەنزۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، ئۇلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا بىر قانچە پارچە ئوبزور ئېلان قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار

جەمئىيىتى ئەسەرلىرىم ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ماڭا نىسبەتەن زور ئىلھام بولغان بولسا، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئېتىراپ قىلىش بولدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ زادى قايسى سەۋىيىدە كېتىۋاتقانلىقىنى باھالاشتا بىر پۇرسەت بولدى. يىغىنغا خەنزۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىق يازغۇچىلىرى ئىشتىراك قىلدى، شىنجاڭدىنمۇ ئون نەچچە يازغۇچى قاتناشتى. يىغىن جۇڭگو بوگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى مۇزېيىدا چاقىرىلدى. يىغىن مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئىلمىي باھالاش ۋە كۆرەك بولدى. يىغىندا بەي جۇڭشى، جاۋجيې، خې جىنباڭ قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلىرى، ئەدەبىياتشۇناس، ئوبزورچىلىرى ئەسەرلىرىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەسەرلىرىم ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ساقلانغان مەسىلىلەر ـ ئاجىزلىقلارنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ يىغىن مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دەرس بولدى. مۇشۇ يىغىن ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز، ئەدەبىياتىمىزنى جۇڭگوغا ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇمكى، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشىمىز، بولسا، باشقا مىللەتلەر تىلىدىمۇ ئەسەر ئىجاد قىلىشىمىز، ئەسەرلىرىمىزنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەككەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرى ساپالىق يازغۇچىلار قوشۇنى ۋە ئەدەبىيات تەرجىمانلىرى قوشۇنىغا موھتاج، ئەلۋەتتە.

**«يۈرەكتاغ»، «كەلكۈن» ناملىق پوۋېستلىرىڭىز خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. ۋەھالەنكى، ھەر ئىككى پوۋېست قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدىغان «يۈرەكتاغ ئەپسانىسى» ۋە «سۇ پەرىسى رىۋايىتى»گە ئائىت تەركىبلەر چىقىرىۋېتىلگەن ھالدا ئېلان قىلىندى. ئەپسانىۋى تەركىب بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئىككى موتىفنىڭ چىقىرىۋېتىلىشىگە قانداق قارايسىز؟**

كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئېلان قىلىنغان بۇ ئىككى پوۋېستىمنىڭ خەنزۇچىسىدىن رازى ئەمەس. ئەسەر ھېچقاچان مەن ئويلىغاندەك چىقمىغان. يەنە بىرسى، ئۇلار ژۇرنالنىڭ سەھىپىسىنى ئويلىشىپ ئەسەرنىڭ 30 ـ 40 پىرسەنتىنى قىسقارتىۋەتكەن. ئەسەردىكى مۇھىم بىر يىپنى كېسىۋەتكەن ياكى سۇغۇرۇۋەتكەن. سىلەر ئېيتقانغا ئوخشاش، خەنزۇ يازغۇچىلارمۇ ئەسەردە شۇ خىل سۇژېتنىڭ كەم بوپقالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى جان يېرى قىسقارتىۋېتىلگەن تەرجىمە ئەسەر بولغاچقا، ئەسەرنى ئەسەر قىلىپ تۇرغان، ئەسەرلىرىمنىڭ جېنى بولغان ئاشۇ خىل سۇژېتلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىمۇ مۇئەييەن كەمتۈكلۈك شەكىللەندى. بۇنداق بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۆزگە تىلدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ( بۇ يەردە ئالدى بىلەن مۇھەررىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئېستېتىك قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرلىرىمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىش. ئۇلارنى چىقىرىۋەتسە، ئەلۋەتتە ئۆزۈم بولماي قالمەندە!

**يېقىندا «تارىم» ژۇرنىلىدا « ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزدا ئۆز ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىڭىزدا نۇرغۇن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. بىزچە، بۇ تولىمۇ ياخشى ئويلىنىش بوپتۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك توختىلىپ بېرەلەرسىزمۇ؟**

ماقالەمدە كۆرسەتكەنلىرىم پەقەت تېمىلا ئەمەس. ئۇلار ئۇيغۇر پسىخىكىسىدىكى ئۆزگىچە خاراكتېر ھەمدە مەدەنىيىتىمىز، مىللىيەتلىكىكە بەلگە بولىدىغان كىملىكىمىز ۋە ئۆزگىچىلىكلەر. ئۇ، باشقا مىللەتلەردە بولمايدىغان، پەقەت بىزگىلا خاس بولغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىك. بۇنى ئەسەرلىرىمىزگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. بۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن يازغۇچىلىرىمىز بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. بەزى يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ زادى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ تۈپكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يارىتىشقا دىققەت قىلمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئەسەردە مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئامال بار تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، قېنى ۋە جېنى بولغان يارقىن خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلارنى يارىتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنى مەمەتئاخۇن، سەمەتئاخۇن قويغان بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تىپىك ئۇيغۇر خاراكتېرى ئىپادىلىنىپ چىقتىمۇ ـ چىقمىدىمۇ، بۇنىڭغا قاراش كېرەك ـ دە. ئاشۇ ماقالىدە تەشەببۇس قىلغىنىم، تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز مىللىي خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلق نېمىنى ئويلىسا شۇنى يېزىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئىجتىمائىيلىقنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت.

**سىز پروزا ئىجادىيىتىدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. پروزا ئىجادىيىتىدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ رولىغا قانداق قارايسىز؟ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن كۆپلەپ پايدىلىنىش ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرگە كونىلىق تۇيغۇسى بېرىپ قويارمۇ؟**

بىر مىللەتنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى شۇ مىللەت بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىم، ئەجدادلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر شەكلىنى ئۆگىنىش ھەم ئەۋلادلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئەدەبىياتمۇ ھەم شۇنداق. ئەپسانە- رىۋايەتلەردىن ئوخشىمىغان ئاپتور ئوخشىمىغان ژانىر ئۈچۈن، ئوخشىمىغان شەكىلدە پايدىلىنىدۇ. ئۇ پەقەت ئەدەبىياتىمىزغا قان تولۇقلايدۇ، ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇكى، ھەرگىز كونىراپ قالمايدۇ.

**1986-يىلىدىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىڭىزدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى سىناق قىلىشقا باشلىدىڭىز. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئۆزگىچە بۇرۇلۇش ياسىدىڭىز. بىز بۇنى ئىجادىيىتىڭىزدىكى بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش دەپ قارايمىزمۇ ياكى يېڭىۋىلىش دەپ قارايمىزمۇ؟**

بۇ ناھايىتى ياخشى سوئال بولدى. ئىجادىيەت جەريانىمنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بايا سىلەر ئېيتقاندەك، 1986-يىلدىن بۇرۇنقىسى بىر باسقۇچ، 1986-يىلدىن 1992- يىلغىچە بىر باسقۇچ، 1993-يىلدىن كېيىنكىسى يەنە بىر باسقۇچ. نېمىگە ئاساسەن بۇنداق ئايرىيسەن دېگەندە، بۇنى ئاتالمىش رېئالىزمغا بولغان چۈشەنچەمنىڭ ئۆزگىرىشى بەلگىلىگەن. بىرىنچى باسقۇچتا رېئالىزمنى تۇرمۇشتىن تەسىرلىنىشلا دەپ چۈشەنگەنىكەنمەن. بۇ باسقۇچتا يازغان ئەسەرلىرىممۇ ھەم شۇنداق.1986-يىلدىن كېيىن غەرب مودېرنىزمىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا سەل غەلىتىرەك بولسىمۇ ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بەردىم. مودېرنىزم ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە دەپ قارايمەن. شۇنىڭ بىلەن سىناق تەرىقىسىدە بىرقانچە پارچە ھېكايە-پوۋېست يازدىم. بەزىلەر مېنى يېڭىلىق ياراتتى، دېگەنمۇ بولدى. بىراق يېڭىلىق بولسىلا ئۇنى ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ- دە. خەلققە بىر نەرسە بېرىش، خەلقنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىش كېرەكتە. شۇنداق قايمۇقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا شاياردا ئەدىبلەرنىڭ يىغىلىشى بوپتۇ. يىغىندىن كېيىن ئەدىبلەر توغراقلىققا ئويۇنغىلى چىقتۇق. يولدا قېرى- ياش، ئەر-ئايال نۇرغۇن كىشىنىڭ پىيادە، ئۇلاغلىق، يالاڭ ئاياغ، بەزىلىرى بالىلىرىنى بويىنىغا مىندۇرۇۋالغان ھالدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ يەردە بازار بارمۇ» دەپ سورىدىم. ئۇلار «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، «ئەمىسە نەگە بارىدۇ» دەپ سورىسام، «ھېلى بىلىسەن» دەپلا قويدى. كېيىن بىلسەم، مۇشۇ بىچارە دېھقانلار يازغۇچىلار كېلىدىكەن دېگەننى ئاڭلاپ تەرەپ-تەرەپتىن مۇشۇ يەرگە كېلىپتۇ. ئاشۇ يەردە: «مەن شۇ يازغانلىرىم بىلەن مۇشۇ خەلقىم رازى بولغۇدەك نېمە بېرەلەيمەن، زىيالىيلارغۇ يازغانلىرىمدىن ئاز-تولا بەھرە ئالار، ئەمما بۇ بىچارە خەلقىمچۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. بىز شۇلار ئۈچۈن — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىزدە. ئۇلارنا ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئەدەبىيات ئاسىي ئەدەبىيات بولۇپقالمامدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېلىقى ئەككى يولۇمدىن ياندىم، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئاسىيلىق قىلدىم. ئۈچىنچى يولنى تاللىۋالدىم. بۇ ئۈچىنچى يول — دەل خەلققە لازىم بولغان، خەلق چۈشىنەلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىش. ئۈچىنچى يولغا كىرىشىمگە سەۋەب بولغان ئامىل خەلققە، ئەدەبىياتقا بولغان ھۆرمىتىم — مەسئۇلىيەتچانلىقىمدىن ئىبارەت. خەلقنى چۈشىنىشىمدىكى ئۆزگىرىش ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتقا بولغان تونۇشۇمنى ئۆزگەرتتى.

**«نۇر»، «گۈزەل ۋادا» قاتارلىق ھېكايىلىرىڭىزدە بوۋايلار ئوبرازى شۇنداق تەبىئىي، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلارنى بىز چوڭلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت دەپلا چۈشەنسەك، بۇ بەكلا ئاددىي، تومتاق بوپقېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا يەنە باشقىچە چوڭقۇر مەنە سىڭدۈرۈلگەنمۇ- قانداق؟**

ئەسەر يازغاندا بوۋايلارنى يازاي دېگەن مەقسەتتە ئۇلارنى ئەسەرگە ئەكىرمەيمەن، ئۇ شۇ ئەسەرنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بوپقالىدىغۇ. ئەسەرلىرىمدە كۆپىنچە بىر بوۋاي بىلەن بىر بالا بار. مەن ئۇنى ئاڭلىق يوسۇندا قىلمىساممۇ، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئاشۇنداق پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بىرسى، ئاتا-ئانامنى بەك ھۆرمەت قىلىمەن، چوڭلارغا بولغان ھۆرمىتىم ئالاھىدە. ئەسەرلىرىمدە نېمىشقا چوڭلار كىرىپ قالىدۇ دىسە، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بىز تەرەققىي قىلىپ مارىسقا چىقىپ كەتسەكمۇ يەنىلا ئەنئەنىدىن ئايرىلالمايمىز. بىزگە ھەممىنى بەرگەن شۇلار، بىزنى مۇشۇ يېشى ئېرا ۋە ئەسىرگە ساق-سالامەت يەتكۈزگۈچىلەر ھەم شۇلار. ئۇلارنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆتمۈشىمىزنى، تارىخىمىزنى، ئاندىن يەنە بۈگۈننى، تەرەققىياتنى ئىنكار قىلغان بىلەن باراۋەردۇر. بىز شۇلارنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىقتۇق، ئۇلارسىز مەۋجۇدلۇقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى باللارغا كەلسەك، ئۇلار كەلگۈسى ئەۋلادلار، تەرەققىياتنىڭ ئۈمىدى، بىزنىڭ ئەتىمىز.

**يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىياتتا ئەسەر ۋە ژانىر جەھەتتىن كۆپ خىل ۋە رەڭدار بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۇنداقلا ئەدەبىيات خەلقتىن يىراقلىشىپ كېتىشتەك سەۋەنلىكتىن ھەم خالىي بولالمىدى. سىزچە، قانداق قىلغاندا ئەدەبىياتنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بۇ ھالنى**

www.uyghurkitap.com

**تېز ھەم ئۈنۈملۈك تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟**

بۇ، ئادەتتە ئەدەبىيات تەشەببۇسى، تېما ۋە ئۇسلۇب بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قارىشىمچە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ھەرخىل. لېكىن بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى، خەلق ياقتۇرغان ئەدەبىيات خەلققە ئەڭ يېقىن بولىدۇ. بىز ئۇبراز ياراتقاندا ئادەملەرنى ئەسلىي تەبىئىتى بىلەن چىن يازساق، پەردازلاپ بويىمىساق، ھەممە ئۆز ئەينەنلىكىنى ساقلىغان ھالدا تەبىئىي يېزىلسا، خەلق شۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەدەبىياتتا خەلق نېمىنى ئويلىسا، نېمىگە يېقىن بولسا شۇنى يازساڭ، ئەدەبىيات خەلق بىلەن ئەڭ يېقىن بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە شەكىل ھەم ئۇسلۇبتا چوڭقۇر ئىزدىنىش كېرەك. رېئالىزمنىڭ ئىمكانىيەت بوشلۇقى بەكمۇ كەڭ، بىزگە ھازىرقى تېما ۋە ئۇسلۇب، شەكىل جەھەتتىكى قاتماللىق، بىر خىللىقتىن قۇتۇلۇشقا ناھايىتى زور ئىمكانىيەتنى بېرىدۇ. شۇڭا جانسىزەلىك بىلەن تىرىشىپ ئەدەبىياتىمىزنى ھەرخىل شەكىل ۋە يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن بېيىتىپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز، بەدىئىي قۇۋۋىتى ۋە ئوقۇشچانلىقىنى كۈچەيتىشىمىز زۆرۈر.

**بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىدە ساقلانغان مەسىلەر ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك جايلار دەپ قارىغانلىرىڭىز ھەققىدە قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟**

مېنىڭچە، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل خاھىش مەۋجۇد. بىرى، تەنقىدچىلىكتە بەزى تەنقىدچىلەر تېخىچە كونا قارىشىنى يېڭىلاپ بولالمىدى. ئۇلار سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەندىزىسى بويىچە ئەسەرگە مۇئامىلە قىلىدۇ. ھازىر دۇنيا، دەۋر، ئادەملەر ئۆزگەردى، ئەدەبىيات تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ تەرەققىي قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ھازىرقى مەسىلە، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ماس ھالدا تەرەققىي قىلالمىدى، ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەك يىراق. بىزدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى چوقۇم يېڭىلىنىشى كېرەك. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان قاتمال كونا قاراش، ئىدىيەلەرنى چۆرۈپ تاشلايدىغان ۋاقىت كەلدى. ئىككىنچىسى، خاھىشچانلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەسەرلەرگە تۇرمۇش قانۇنىيىتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوبيېكتىپ، ئىلمىي باھا بېرىش كېرەك. بىر قىسىم تەنقىدچىمىز ئاتالمىش تۇرمۇش چىنلىقىغا بەك ئېغىپ كېتىپ، ئەدەبىي چىنلىقنى رەھىمسىزلەرچە ئىنكار قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۇرمۇشتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەدەبىي چىنلىق ئۈستىگە دەسسىتىش خاھىشىدا بولىدۇ.

**شېئىرغا قانداق قارايسىز؟ قايسى خىلدىكى شېئىرلارنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟ «گۇڭگا شېئىرلار»نىچۇ؟**

شېئىرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، جېنىمدىن ئەزىزلەپ ياخشى كۆرىمەن. ئەسەر يېزىشتىن ئىلگىرى ئېسىل شېئىردىن بىر قانچىنى تاللاپ بالكونغا چىقىپ تازا ئۈنلۈك توۋلاپ ئوقۇيمەن. شېئىر ئوقۇغىنىمدا ھاياجانلانغىنىمدىن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. شېئىر ئەدەبىياتنىڭ جېنى، گوياكى گۈلخان ــ ئاتەش ئۇ. شېئىردىن تەسىرلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ھېچنېمىدىن تەسىرلىنىشنى بىلمەيدۇ. ياخشى يېزىلغان شېئىرلار ئادەمگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. كلاسسىكلاردىن نەۋائىي ۋە مەشرەپلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. «گۇڭگا شېئىرلار»غا كەلسەك، بەك سۆيۈنۈپ كەتمەيمەن، ھەرھالدا ئىزدىنىپ باقىمەن، بىر ئوقۇپ، چۈشىنىپ باقايچۇ دەپ. «گۇڭگا شېئىرلار» ئىچىدىمۇ ياخشى يېزىلغان ناھايىتى ئېسىل شېئىرلار بار، لېكىن بەك ئاز.

**ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاياللار ئوبرازى ۋە ئورنىغا قانداق قارايسىز؟**

يەرشارىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئايالنى يازماي، ئەدەبىياتتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئايالسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىزگە ئاق سۈت بېرىپ تەربىيىلەپ، ئەركەكلەردىن قىلىپ قاتارغا قوشقانلىقىدا. ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئانىلارنى يازمىساق، ئەسەرلىرىمىزدە گۈل چىراي قىزلارغا ئورۇن بەرمىسەك، بۇنىڭ ئۆزى كۆپۈرلۇق بولمامدۇ.

**ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغىنىمىزدا، قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانە ئېگى بىلەن ئەسەرلىرىڭىزدە مەلۇم ئوخشاشلىق باردەك ھېس قىلىدىكەنمىز. سىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز؟**

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلىرى، ياخشى كۆرمەيدىغان ئەسەرلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى دۇنياۋىلىق، كەڭلىك مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇ، تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە ئۇششاق ـ چۈشەك ۋەقەلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇ، دۇنياغا، يەرشارىغا يۇكسەك نۇقتىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ پىكىرلىرىنى، ئەپسانىۋى ئىزدىنىشلىرىنى يەنە شۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر شەكلىدە ئىپادە قىلغان. دېمەك، ئۇ ئەپسانىلەردىن بەدىئىي شەكىل ئۈچۈنلا ئەمەس، بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىشنى بىلگەن يازغۇچى. بىزنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمىز ھېچقاچان مەلۇم زامان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ شۇنداق كەڭلىككە ئىگە، ماكانىنىڭ چېكى يوق، زامانىنىڭ چېكى يوق. ئۇ قايسىبىر دەۋرگە تەۋە ئەمەس، ئۇ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا ئۇلىشىپ كەلگەن مەڭگۈلۈك. ئەگەردە يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرى ئاشۇ پەللىگە يېتەلىسە، ئۇ يازغۇچى كاتتا يازغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

نۆۋەتتە ئەدەبىياتتا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى يېزىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايمەن. بولسا، ئىنسانىي ئىنسانىي كامالەت ــ يۈكسەكلىككە باشلايدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىش كېرەك. بۇنداق ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىش تەبىئىي يوسۇندا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە موھتاج بولىدۇ. ئەگەردە ئەسەرلىرىمىزدە مەلۇم ئوخشاشلىق بار دېيىلسە، بۇ بىزنىڭ تەپەككۇردىكى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش، تەپەككۇر شەكلىمىزدىكى مەلۇم ئوخشاشلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

**1980 ـ ، 1990 ـ يىللاردا ئەدەبىياتىمىزغا ھەممەيلەن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىر كىرگەندىن كېيىن بۇ خىل غەمخورلۇق، ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش بارغانچە سۇسلاپ كەتتى. بۇ ھادىسىلەرگە قانداق قارايسىز؟**

بۇنىڭغا مۇنداق قارايمەن: 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كىشىلەرنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىكى كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەملەر پۇل تاپىدىغان بولۇۋالغا كىردى، ھەتتا كىتاب يېزىۋاتقان بىر تۈركۈممۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ كەتتى. بازار ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، قىزىقىشنى ئۆزگەرتتى. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان قىزغىنلىق بارغانچە سۇسلاپ كەتتى. بۇ ھال خەنزۇلاردىمۇ شۇنداق، چەت ئەللەردىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئەدەبىياتنىڭ خارابلاشقانلىقى ئەمەس. ئەدەبىيات مەڭگۈ خارابلاشمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچە ئۆسكەنسېرى، ماددىيەتكە بولغان تەلىپى قانغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئېھتىياجى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. ھامان بىر كۈنى ئەدەبىياتنىڭ گۈللەيدىغان دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ــ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش.

**سىز بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېھرىي رېئالىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بالدۇرراق سىناق قىلغان يازغۇچى. ۋەھالەنكى، كېيىنچە بۇ يولدا ئىزچىل ماڭمىدىڭىز. سېھرىي رېئالىزمغا قانداق قارايسىز، ئەسەرلىرىڭىزدە بۇ خىل ئۇسۇلدىن قانداق پايدىلاندىڭىز؟**

مېنى سېھرىي رېئالىزم ئۇسۇلىدا ئەسەر يازدى، سېھرىي رېئالىزمنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەكىردى، دېيىشىدۇ. دەرۋەقە مەن گارسىيە ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» ناملىق رومانىنى 1983 ـ يىلى، تېخى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنماستىلا خەنزۇچىسىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن باشقا كافكا، فولكنېر قاتارلىقلارنىڭ «شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى»، «داغ» («تامدىكى داغ») قاتارلىق سۇررېئالىزم ۋە ئاڭ ئېقىمىدىكى ئەڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىمۇ شۇ چاغلاردا ئوقۇغان. بىلىشىمچە، ئۇيغۇر ئەدبىياتى سالاسىدا ئۇ چاغلاردا «سېھرىي رېئالىزم»، «مودېرنىزم»، «ئاڭ ئېقىمى»... دەيدىغان ئىبارىلەرمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن يەنە مودېرنىزمغا تەۋە «ئىپادىچىلىك»، «قۇرۇلمىچىلىق»، «سىمۋولچىلىق»، «سۇررېئالىزم»، «قارا يۇمۇر»، «گاڭگىرىغان بىر ئەۋلاد»، «پىسخىك رېئالىزم»، «ئاۋانگارتلار ئەدەبىياتى» قاتارلىق مودېرنىستىك ۋە غەيرىي رېئالىستىك ئەدەبىي ئېقىملارغا تەۋە ئەسەرلەردىن، ئاندىن كېيىنرەك سىگموند فرېئۇد، كاشىرېر، شوپېنخائۇئېر، سارترېي قاتارلىقلارنىڭ مودېرنىستىك ئەدەبىياتقا ئىدىيىۋى ئاساس ۋە پەلسەپىۋى يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان نەزەرىيىلىرىنى ئوقۇدۇم، ھەتتا خېلىلا چوڭقۇر تۈپكەرلىدىم (تەتقىق قىلدىم). چۈنكى شۇ ۋاقىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قاتماللىق، بىر خىللىق ۋە تۇرغۇنلۇقتىن بىزار بولۇپ، بۆسۈپ چىقىدىغانغا يوچۇق تاپالماي، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. كېيىن مەن ھەيرانلىق ۋە قۇۋانچ ئىلكىدە شۇنى بايقىدىمكى، شۇنچىۋالا كۆپ ئېقىم ۋە ئىزم ئىچىدە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى رېئالىزمىمىزنى بېيىتىش، ئۇنى بىر قاناتى (ھاياتىي كۈچ)غا ئىگە قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشىمىزگە كۈچ قوشالايدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىزگە «ئاش» بولىدىغان بىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى دەل ئاشۇ «كۆمەنلى رېئالىزم» («كۆمەنلى» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «سېھىرلىك»، «سېھرىي» دېگەن مەنىدە. مۇبادا قوبۇل قىلالىساق «كۆمەنلى كۆز كۆرۈپچىلىك» دەپ ئالساقمۇ ساپ ئۇيغۇرچە بولغان بولاتتى!) ئىكەن. چۈنكى «كۆمەنلى رېئالىزم» پەيدا بولغان لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي (مىللىي، دىنىي) رېئاللىقى بىلەن بىز ياشاۋاتقان زېمىن، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي ئېڭى، تەپەككۇر شەكلى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئوخشاشلىق بەك كۆپ ئىكەن (بۇنىڭغا ھازىرغىچە ھەيرانمەن). ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى مىللىي ئېڭى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە تەپەككۇر شەكلى ئاشۇ تولىمۇ مول ۋە رەڭگارەڭ شەكىل ھەم مەزمۇندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېسەك، ئاشۇ مىللىي ئاڭ ۋە تەپەككۇر شەكلى ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ھاياتىدا، تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى سالاسىدا، كۈندىلىك ھاياتنىڭ مەزمۇنلىرىدا، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ھايات قارىشى، ئۆلۈم ۋە تۇغۇم، مەۋجۇدلۇق، جەمئىيەت، تىرىكچىلىك ۋە ئەمگەككە تۇتقان مۇناسىۋەتلىرىدە، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسى، ئۇلارنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ھەم رەت قىلىش پرىنسىپلىرىدا، ياشاغۇ ۋە ئۇنىڭ ئاياغلىشىش، ئىنسان بىلەن ئىلاھنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ ئورنى، قىممىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىدە ئۆز ئەينى بىلەن بولمىسىمۇ خېلىلا تولۇق ۋە يارقىن ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش ۋە خاتىرىگە ئېلىش قەدىمكى زامان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان بولسا، ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە پەقەت يازما ئەدەبىيات

ئارقىلىقلا ئادا بولىدۇ. ئەدەبىياتىمىز بۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ ۋە باش تارتماسلىقى كېرەك. يازما ئەدەبىيات بۇ تاماندا نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟ ھەممىنى!

دېمەك، يازغۇچى بۈگۈنكى زامان تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن تويۇنغان، ئاتا- ئۇغۇشلىرىمىزنىڭ ئەڭ قىلىپلاشقان، ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ ئەنئەنىۋى ھايات قاراشلىرىنى، بۇلغانمىغان ۋە ساپ ھالەتتىكى مىللىي ئېڭى، دۇنيا قارىشى، ياشاش ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىسىنى زەمىن قىلغان بىرلا ئۆزىگە تەۋە، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدىغان ئېستېتىك خاسلىقىنى تولۇقى بىلەن جارى ئەتكەن بۈگۈنكى زاماننىڭ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس، چۆچەكلىرىنى يارىتىشى لازىم. گەپنى قىسقارتسام، ئاتالمىش كۆمەنلى رېئالىزم (سېھرىي رېئالىزم) مۇشۇ ئۇلۇغ بۇرچ ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەڭ باب كېلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. كۆمەنلى رېئالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى رېئاللىقنى ئىپادىلەش بولۇپ، چىنلىققا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ رېئالىزملىق ئالاھىدىلىكى. لېكىن ئۇ يەنە رېئاللىقنى بىر خىل كۆمەن، ئارۋۇش (سېھرىلىك، سىرلىق) تۈسكە كىرگۈزۈپ، رېئاللىقنى كۈتمىگەن شەكىل ۋە ماكان- زامان بوشلۇقىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرتىپ ئىپادە قىلىدۇ. بۇنداق سېھرىلىك ۋە ئۇشتۇمتۇتلۇق ھەرگىزمۇ قانۇنىيەتسىز ۋە ئاساسسىز بولمايدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە سۇررېئالىزمچە ئىپادىلەش شەكلىدىن ۋەزنىلىك ھەم سالماقراق بولۇپ، ھېچبولمىغاندا بۇنداق سېھىر ۋە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەت، سەۋەبى ھەم مۇمكىنچىلىكلىرىنى بىز بايا ئېيتقان ئاتا- ئۇغۇشلىرىمىزنىڭ ھايات قاراشلىرى ۋە قان- قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي ئاڭ ئارقىلىق چۈشەندۈرەلەيمىز.

كۆمەنلى رېئالىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى تەركىبىدە سۇررېئالىزم، ئاڭ ئېقىمى، سىمۋولىزم قاتارلىق ياۋروپا- ئامېرىكا ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارىلىشىپ كەتكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا مىللىي ئاڭ.

كۆمەنلى رېئالىزم ئارقىلىق يارىتىلغان ئەسەرلەر ئىش يۈزىدە زامانىمىزدىكى رىۋايەت، ئەپسانىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەشەببۇسى ۋە خاھىشى، جەمئىيەتتە سادىر بولغان ۋە بولۇۋاتقان چوڭ- چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ھادىسىگە باغلىنىشلىق چوڭ- چوڭ تېمىنى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ خەلقچىل ئاڭ، نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىش ھەم يورۇتۇپ بېرىش دېمەكتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، كۆمەنلى رېئالىزمچە يېزىش ئۇسۇلى خەلققە، ئاۋامغا ئەڭ يېقىن بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر.

مەقسىتىمنى چۈشەندۈرەلىدىممۇ- يوق، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. گەپنىڭ تۈگۈنى، كۆمەنلى رېئالىزمچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا مايىللىقىم ناھايىتى كۈچلۈك. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى داۋاملىق تۈپكەرلەپ ئۆگىنىمەن. خىيالىمدا، ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىماقچىمەن. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولامدۇ ياكى مەغلۇب بولامەنمۇ، ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس. مەن ئۆزۈمدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان يازغۇچى، شۇڭلاشقا ئىچىمدە «غوم» تولا. ئاخىرىدا قانچىلىك يازغۇچى بولالايمەن، بۇنى ۋاقىت، تارىخ بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ ھامان ئەزگۈ ئىستەكلىك ئىزدەنگۈچىلەر بىلەن بىللە!

**بايا سىز ئېيتقان سېھرىي رېئالىزملىق كۆزىتىش ئۇسۇلى ئىنسانشۇناسلىقتىكى «ئەزا سۈپىتىدە كۆزىتىش ئۇسۇلى» بىلەن ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىكەن. سىزچە، ئەدەبىياتنىڭ مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟**

ئەلۋەتتە، ناھايىتى زور مۇمكىنچىلىكى بار. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئىنسانشۇناس دەپ قارىلىدۇ. ئىنسانشۇناسلار ئىنسانلارنىڭ جىسمانىيىتى، قورۇلما ئالاھىدىلىكى، ئىرقى قاتارلىقلارنى ئايرىسا، يازغۇچى ئىنسانلارنىڭ روھىنى تەتقىق قىلغۇچى، روھىنى ئىزدىگۈچى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا يازغۇچى ھەم ئىنسانشۇناستۇر. ئەگەردە بىلىم قۇرۇلمام يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاشۇ ساھەلەرگە يېتىدىغان بولسا، ئۇلاردىن ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى پايدىلىنىمەن. شۇ مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولالىسام، ئىجادىيىتىمدە يەنىمۇ يۈكسىلىش ھاسىل قىلالىغان بولاتتىم.

**يېقىندا زوردۇن سابىرنىڭ بىرقىسىم ھېكايىسى بىلەن سەيپىددىن ئەزىزىينىڭ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» رومانى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، خېلى ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغاپتۇ. بولۇپمۇ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ. سىزچە، بەزى ئەسەرلىرىمىزنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە مۇئەييەن پايدىسى بارمۇ؟**

بۇمۇ بىر خىل يول. ماڭاي دىسە يول كۆپقۇ. خەنزۇچە بىر دەرۋازا، تۈركچە بىر دەرۋازا، ئىنگلىزچە بولسا تېخىمۇ چوڭ دەرۋازىنى ئاچقان بولىمىز. مېنىڭچە، يول قويۇلغان، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئەدەبىياتىمىزنى ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن دۇنياغا تونۇتساق تامامەن بولىدۇ. تۈركلەر بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىنلىقىمىز باشقىلاردا بولمىغان بىر ئەۋزەللىك. تۈركچە ئارقىلىق باشقا تىللارغا كىرىپ دۇنياغا يۈزلىنىسە يەنە بولىدۇ.

**دەسلەپكى ئەسەرلىرىڭىزدە ۋەقەلىك ئاساس قىلىنىپ يېزىلغانىدى. كېيىنچە ۋەقەلىكنى يېزىشتىن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېزىشقا كۆچتىڭىز. بۇ جەھەتتە قانداق بەدىئىي ماھارەتلەرگە تاياندىڭىز،**

www.uyghurkitap.com

**ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىڭىزگە باغلاپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

ئەدەبىياتتا قانچە ئىنچىكە بولسا ھەقىقەتكە، تۇرمۇشقا شۇنچە يېقىن بولىدىكەن. بۇنى ماھارەت دېگەندىن كۆرە ئىنچىكىلىك دېيىش كېرەك، ناۋادا ماھارەت دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئىنچىكىلىك ماھارىتىدۇر. يېزىشقا تېگىشلىك جايلارنى تەپسىلىي، ئىنچىكە يېزىش كېرەك. ئەدەبىياتتا قانچە ئىنچىكە بولسا، شۇنچە چىن، ھەقىقىي بولىدۇ.

**يېزىقچىلىق ئادىتىڭىزنى بىلگۈمىز بار ئىدى؟**

مەندە ئالاھىدە بىر يېزىقچىلىق ئادىتى يوق. ئادەتتە ئەتىگەندە يازىمەن، چۈشتىن كېيىن كىتاب ئوقۇيمەن. ئەسەر يازمىسام يازمايمەنكى، ھەرگىز كىتابسىز كۈنۈم ئۆتمەيدۇ. بەزىلەر تىپتىنچ مۇھىت بولمىسا يازالمايدىكەن. مەن يازغاندا يېقىملىق مۇزىكىلارنى قويۇپ، لىرىك مۇزىكىلار ئىچىدە تۇرۇپ يازىمەن.

**ئەسەر يېزىشتىن ئىلگىرى پېرسوناژلار تەقدىرىنى بەلگىلىۋالامسىز؟**

ئۇنى ئالدىن بەلگىلەش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ، ئەسەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەبىئىي مەيدانغا كېلىدىغان مۇقەررەرلىك. تەقدىرى ئالدىن بەلگىلەنگەن پېرسوناژلار ئۆلۈك چىقىدۇ، تەبىئىي چىقمايدۇ. ئەسەرنى يېزىشتىن بۇرۇن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى قاتارلىقلار ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىمەن، يازغاندا تېز يېزىپ ئاخىرلاشتۇرىمەن.

# راست ئىشلارنى يازىمەن

— يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىلەن سۆھبەت

ۋاقتى: 2007 ـ يىل 10 ـ نويابىر.

ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى.

**ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

مېنى ئەدەبىياتقا باشلىغان ئامىل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھىتى. ئېسىمنى بىلسەم، قىش كۈنلىرى مەھەللىمىزدە كېچىچە مەشرەپ بولاتتى. تۈن تەڭگىچە مەشرەپ ئويناپ، تاڭ ئاتقۇچە مەدداھ ـ ۋائىزلاردىن جەڭنامە ـ قىسسىلەرنى ئاڭلايتتۇق. ئۇلار ھەر خىل تارىخىي رىۋايەت، ھېكايە ـ چۆچەك، ئىسلام ھېكايىسىنى سۆزلەيتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتەتتى. شۇ خىل مۇھىتتا چوڭ بولغاچقىمىكىن، كېيىن ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، بۇ كوچىغا كىرىپ قالدىم.

**ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى خەلقنى رازى قىلىشتىن تېخى يىراق. خەلق بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا بىر ھاڭ بار. ئەدەبىياتىمىز خەلقنىڭ ئويلىغان، ئارزۇ قىلغانلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىدى. 1980 ـ يىللاردا خەلق ئەدەبىياتقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، يازغۇچى ـ



شائىر دېسە ئۇلارنى بەك ھۆرمەتلەپ، چوڭ بىلەتتى. چىقىۋاتقان كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇيتتى. ئەمما، ھازىرچۇ؟ ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى ئەدەبىياتچىلار، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىلا قىلىدىغان بوپقالدى. شۇنچە كۆپ نوپۇسى بار بىر مىللەتتە، بىر كىتابقا بىرەر مىڭ تىراژنىڭ چىقماسلىقى، ئەدەبىياتنىڭ قايسى ھالغا كېپقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك. مىڭ تەستە نەشر قىلغان كىتابنى يازغۇچى ـ شائىرلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا زورلاپ سېتىشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن زور خارلىق. مۇنداق دېسە، بىزنىڭ بەزى كەسپداشلىرىمىز : ئادەملىرىمىز كىتاب ئوقۇمايدۇ، دەپ خەلقنى ئەيىبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز ئەدەبىياتقا سەممىي مۇئامىلە قىلىپ خەلققە پايدىلىق، نەپ تېگىدىغان ئەسەرلەرنى يازالىساق، خەلقىمىز كىتاب ئوقۇيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كۆيلىۈۋق كىتابىمىزدا خەلققە بىر كويلۇۋق پايدا بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ، يەنە خەلقنى ئەيىبلىسەك بولمايدۇ. خەلقىمىز ئەزەلدىن كىتابخۇمار خەلق، قەدىم زامانلاردىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نەچچە ئون مىڭ تىراژدا بېسىلىپ خەلق

ئارىسىغا تارىلىشى بۇنىڭ مىسالى. «پاكىت مۇنازىرىدىن ئەلا» (مەسئۇل مۇھەررىرىدىن)، دەۋرىمىزدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قۇم باسقان شەھەر»، «ئانا يۇرت» رومانلىرىنىڭ نەچچە ئون مىڭ تىراژدا قايتا- قايتا بېسىلىشى، خەلقىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەنلىكىگە ئەڭ ياخشى دەلىل. ئېسىل كىتاب بولسا خەلقىمىز ئوقۇيدۇ. دېمەك، بىز خەلقنى رازى قىلالايدىغان كىتابلارنى يازالمىدۇق. ئەدىبلىرىمىزبىلەن خەلق ئارىسىدا ھاڭ شەكىللەنگەن. ئەدىبلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپى خەلقنى تونۇماي، چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ ئەسەر يازىدۇ. خەلقىمىزمۇ ئۇنىداقلارنى تونۇمايدۇ. قىسقىسى، بىز ئەدەبىياتچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساپانى تۈزۈك ھازىرلىيالمىدۇق. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزدىكى پاسسىپلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**ئۇنداقتا سىز ئەدەبىياتچىلار ئۆزىدە قانداق ساپا ھازىرلاشقا تېگىشلىك دەپ قارايسىز؟**

ئەدەبىياتچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا دېگەندە، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش مەسىلىسىدۇر. ھازىر قەلەمكەشلىرىمىز ئىشلىتىۋاتقان تىل بىلەن خەلق تىلى ئوتتۇرىسىدا پەرق زور. تىلىمىز شۇنچە ئوبرازلىق، رەڭگارەڭ ۋە باي تۇرۇپ، ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلى رادىئو- تېلېۋىزىيىدىكى تەرجىمە تىلغا ئايلىنىپ قالدى. ھە دېگەندە قېلىپلاشقان تەرجىمە تىلى بىلەن ئەسەر يېزىپ، خەلققە سۇنسا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولماقچى؟ شۇڭا قەلەمكەشلىرىمىز ئالدى بىلەن خەلق تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك. مەن ئەنە شۇنداق خەلق تىلىدىن يىراقلاشقان، تۇزى يېتىمغان لاۋزا ئاشتەك ئەسەرلەرنى كۆرگىنىمدە سىقىلىمەن، ئوقۇغۇممۇ كەلمەيدۇ. يەنە جۈملە تۈزۈشتىمۇ ئامال بار تۇرمۇش ۋە تىل ئادىتىمىزگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلغان تۈزۈك. بۇ خۇددى ئوخشاش بىر يۇمۇرنى ھەزىلكەش بىلەن ئەزمە كىشى سۆزلىسە، تەسىرى ئوخشىمىغاندەكلا بىر ئىش.

**ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرىنىڭ كۆپى ۋە ئوقۇرمەنلەر «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىڭىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرىڭىز دەپ قارايدۇ. سىزچىچۇ؟ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەسىرىڭىز قايسى؟**

ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرۈپ تاللىغىنى قايسى بولسا، مېنىڭمۇ شۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن باشقا ئەسەرلىرىمنى ناچار دېمەيمەن. بۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئالتە بالىسى بولسا، ئۇ كىشى بالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئامراق بولغىنىدەك بىر ئىش. ئەسەرگە پەقەت ئوقۇرمەن باھا بېرىدۇ. مەن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»نى ئون يىلدەك ئىزدىنىپ ئاندىن يازدىم. ئىزدەنگەن ۋاقتىم ئۇزۇن ھەم تەييارلىقىم پۇختا بولغاچقىمىكىن، ئەسەر ئوقۇرمەنلەر كۆڭلىگە ياقتى.

**ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغىنىمىزدا تراگېدىيىلىك تۈسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل تراگېدىيىنى قانداق ئىپادىلىدىڭىز؟**

مەن تراگېدىيە يازاي دەپ ئەسەر يازمايمەن، ئەمما تۇرمۇشىمىز تراگېدىيە بىلەن تولغاچقا، ئوقۇرمەنگە شۇنداق تۇيغۇ بېرىپ قويىدىكەن. مەن ئاساسەن تۇرمۇشتىكى راست ئىشلارنى يازىمەن. كىچىكىمدە رەسىم سىزىشقا بەك قىزىقاتتىم. چوڭ ئانام رەھمەتلىك سىزغان نەرسىلىرىمنى كۆرۈپ: جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزما، بالام. ئۇلار قىيامەتتە سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ، دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، رەسىم سىزىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. بولمىسا، رەسسام بولۇپ چىقاتتىمكىن دەيمەن. كېيىن مەدداھ- ۋائىزلاردىن ئاڭلىغان جەڭنامە- قىسسەلەرنى يېزىشقا باشلىدىم. يازغانلىرىمنى كۆرگەن چوڭ دادام: «پالانى سۆزلىگەننىڭ ھەممىسى راست ئەمەس، بالام. يالغاننى يازساڭ رىزقىڭ قىيىلىپ كېتىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدى. مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە مەن راست نەرسىلەرنى يېزىشنى ئۆگەندىم. مەسىلەن، ئەسەرلىرىمدىكى ياسىن مەدەك بىلەن تۇردى رەزگى تونۇش- بىلىشلىرىم، ياسىن مەدەك يېقىن پارتىدىشىم ئىدى.

**«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى بىلەن «ئاخىرقى كۆل» فىلىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئەسەرنى كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلەشكە قانداق قارايسىز؟**

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنى مەن يازدىم، كىنو سېنارىيىسىنى باشقىلار يازدى. كىنونىمۇ باشقىلار ئىشلىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇشى تەبىئىي. مېنىڭچە، ئېسىل ئەسەرلەرنى كىنو قىلىپ ئىشلەش، ئىشلىگەندىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش ئالقىشلايدىغان ئىش. ئەمما ئۇيغۇر كىنوچىلىقى تېخى ئۇ سەۋىيىگە يېتىشتىن يىراق.

**يازغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەسەر يازغاندا، دىئالوگ ياكى بىرەر جۈملە سۆز بىلەنلا باشلاپ كېتىدۇ. ئەمما سىزنىڭ كۆپىنچە ئەسىرىڭىز مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن باشلىنىدۇ- دە، تەسۋىرلىنىۋاتقان مۇھىت ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى كىنو ئېكرانىدەك گەۋدىلىنىپ، ئۇنى كېيىنكى بايان مۇھىتىغا ئىختىيارسىز تارتىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

ئەسەر يازغاندا بۇ ئەسىرىم كىنو بولسۇن دەپ يازمايمەن. ئەسەرنى ئاپتور بايانى بىلەن بەرگەندىن كۆرە شۇ مۇھىت، شۇ شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز تىللىرى ئارقىلىق باشلاشنى خالايمەن. مەن تۇرمۇشنى ئۆز ئەينى خاتىرىلەيمەن. پېرسوناژلىرىمنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان قاتلامدا ئۆزى ئادەتلەنگەن تىلدا سۆزلىشىنى ياقتۇرىمەن، دېھقان دېھقانىدەك، كادىر

www.uyghurkitap.com

كادىردەك گەپ قىلىشى كېرەكتە. ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارغا ئارىلىشىۋېلىشىنى ياقتۇرمايمەن. شۇڭلاشقىمىكىن، ئەسەرلىرىمنىڭ باشلانمىسىدا رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنزىرىسى قىستۇرۇلۇپ قالىدۇ.

**ھەممە ئەسىرىڭىزگە دېگۈدەك ئەرلىك غۇرۇر، ئەركەكلىك روھى سىڭگەن . بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلاشقۇمىز بار ئىدى؟**

ئۇيغۇرلار ئەرلىك غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك مىللەت. خەلقىمىز قەدىمدىنلا ئەرلەرنى تاغقا، ئاياللارنى باغقا ئوخشاتقان. بۇنىڭدىن بىز ئەرلىكنىڭ ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىمىز. بىر مىللەت، بىر ئائىلىدە ئوغۇلبالا - ئەركەك بولمىسا بولمايدۇ. ئاتىسى يوق بالايۇرەكسىز چوڭ بولىدۇ. قارىشىمچە، ئەركەك دېگەن ئەركەكتەك تۇرگۇن ــ «زەنجىر ئۈزەر»، قورقماي بۇزۇشنىمۇ، يەنە گۈل - گۈلگە كەلتۈرۈپ تۈزۈشنىمۇ، بىر قولىدا ئالسا، يەنە بىر قولىدا بېرىشنىمۇ بىلىدىغان بولۇشى كېرەك. بۈگۈنكى ھالىتىمىزدە ئەرلىكنى ــ ھەقىقىي ئەركەكلىكنى چىللاش زۆرۈر بوپقالدى. ھازىر بىزدە ئاياللار قوپاللىشىپ، ئەرلەر نازۇكلىششقا يۈز تۇتتى. ئەرلەردىكى جەمئىيەتلىشىۋاتقان چۈشكۈنلۈك، نامەردلىك، بوشاڭلىقلار ھەقىقىي ئەرلىك روھىمىزنى يوقىتىپ قويىدى. شۇڭا مەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي روھى ــ جاسارىتىنى ئەۋلادلىرىمىز بىلسۇن دەپ ئەسەرلىرىمدە خەلقىمىزنىڭ ئەركەكلىك خاراكتېرىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈردۈم. «يېگانە ئارال» رومانىمدىكى غېنىيا سايىت راست ئۆتكەن كىشى، ۋەقەلىكمۇ شۇ. ئەيسا بەگ، خاتىپ بەگلەرمۇ راست ئۆتكەن كىشىلەر. بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى باتۇر ئەرلىرىمىز ۋە خەلقپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بۈگۈنكىلەرگە تونۇتۇشنى مەقسەت قىلدىم. ئۆتمۈشتىكى ئېسىل باي - زەردارلىرىمىز مال - دۇنيا تېپىشنى بىلىپلا قالماي، ئۆز قوۋمىدىكى نامراتلار ۋە ئەل - يۇرتنىڭ ھالىغا يېتىشنىمۇ بىلگەن.

**غەرب ئەدەبىياتىدىكى مودېرنىزم، سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا قانداق قارايسىز؟**

چۈشىنىشىمچە، سېھرىي رېئالىزم رېئاللىقىمىزنى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغاندا قوللىنىدىغان ئۇسۇل ئىكەن. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئەلۋەتتە ئەدەبىياتىمىزغا پايدىلىق. مودېرنىزممۇ ھەم شۇنداق. خەلقىمىز بۇ خىل ئىپادىلەشنى ئۆز ھېكايە - چۆچەك، مەسەل - رىۋايەتلىرىدە ئاللىبۇرۇن ئىشلەتكەنىكەن. پەقەت ئۇنىڭغا شۇنداق ئىسىم قويمىغان، خالاس. گەرچە ھازىر بۇخىل ژانىر غەربنىڭ دېيىلسىمۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ياخشى بولسىمۇ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزدا قانداق قوللىنىش، خۇددى «قاملاشتۇرالىساڭ گۈل قىس، بولمىسا غىت قىس» (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەندەك گەپ.

**سىز جەنۇبتا تۇغۇلۇپ ئۆستىڭىز، ھەمدە ئىزچىل جەنۇب تېمىسىدا ئەسەر يېزىپ كەلدىڭىز. قارىشىڭىزچە، جەنۇبتىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جەنۇب بىلەن، شىمالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رېئاللىق ئارىسىدا قانداق پەرق مەۋجۇد؟ سىزچە، نېمىشقا مۇنداق پەرق كېلىپ چىققان؟**

جەنۇبنىڭ تۇرمۇشى، ھاۋاسى، تەبىئىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى شىمالنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇ زېمىنغا يەرشارىدىكى ھەممە خىل مۆجىزات تەڭشەپ بېرىلگەنىكەن. ياراتقۇچى بىزگە قۇرغاق، چۆل ئىقلىمنىمۇ، شۇنداقلا شىمالنىڭكىدەك شۇ قەدەر ھۆل، گۈزەل ئىقلىمنىمۇ، بايلىقنىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە نېمىنى بەرگەنىكەن. شۇڭا تۇرمۇشىمىزمۇ پەرقلىنىدىكەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ خىل پەرقنى تاغ ئارقىسى، تاغ ئالدى دەپ تەبىئىي، ئېنىق ئايرىپ كەپتىكەن. مۇھىت، ئىقلىم، جۇغراپىيىسى ئوخشىمىغانىكەن، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدىن تارتىپ ئۆزگىچە ــ روشەن پەرق بولىدىكەن. شۇڭا قەلەمكەشلەرنىڭ يېزىش ئۇسۇلى، تېما تاللىشى، تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمۇ ئوخشىمايدۇ. شىمال ــ تاغ ئارقىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا گۈزەللىككە، ئىلغار - يېڭى مەدەنىيەت دۇنياسىغا، ئىلمىيلىك، زامانىۋىلىقنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدىكەن. جەنۇبتا بولسا تۇرمۇش ئىنتايىن جاپالىق، قىيىن؛ رېئاللىق ئىنتايىن ئاچچىق، رەھىمسىز بولىدۇ. جەنۇبتا، بۇغداي تېرىغان ئادەم بىر يىلدا ئۇ بۇغداي نان بولۇپ ئېغىزغا كىرگىچە تەخمىنەن يۈز نەچچە قېتىم تۇۋۇنگە بارمىسا بولمايدۇ. 18 يېشىمدا كەنتكە سېكرېتار بولغانمەن، شۇڭا بۇنى ئوبدان بىلىمەن. شىمالدا بولسا بۇغداينى بىنەمگە بىر تېرىپ قويساق، مۇنبەت تۇپراق، خۇدانىڭ يامغۇرى بىلەن ئوخشايدىغان، خۇش ياقسا ئورۇۋالساقلا بولغۇدەك ئاسايىشلىق يۇرت. جەنۇبتا بولسا بىر قېتىم سۇ باشلاش ئۈچۈن بۇغدايغا بىر قېتىم قان - تەر ئاققۇزمىسا سۇ ماڭمايدۇ. جەنۇبنىڭ رېئاللىقى ناھايىتى رەھىمسىز. تۇرمۇش مۇشۇنداق بولغانىكەن، ئەدەبىياتتا بۇنى ئىپادىلەشمۇ پەرقلىق بولىدۇ. جەنۇبتا بوش تۇرساق ئاچ قالىمىز. شىمالدىكىلەر جەنۇبتىكىلەر تارتقان جاپانىڭ ئوندىن بىرىچىلىك مىدىراپ قويسىلا، راھەت كۆرەلەيدۇ. بۇ بۈگۈنلا ئەمەس، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش. شۇڭلاشقا جەنۇبنىڭ ئەدەبىياتىدىن رېئاللىقنىڭ ئاچچىق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.

**نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «كروران» ژۇرنىلىدا «ئەختەم ئۆمەر، ئۇرۇمچى، سۆكۈتلۈك ئويلار» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنغانىدى. ماقالىدە، ئەڭ ئېسىل**

**ئەسەرلىرىڭىزنىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىللەردە يېزىلغان، ئېلان قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىپ، ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىز توغرۇلۇق ئەپسۇسلۇق ئارىلاشقان ئوي- ئىنكاسلار يېزىلغاندى. بۇ پىكىرگە قانداق قارايسىز؟**

توختاپ قېلىش دەۋرىلىك. بۇ، ئۆرۈمچىگە كېلىشىمگە توغرا كېپقالدىمۇ ياكى قەشقەردە تۇرغان بولسامۇ توختاپ قالارمىدىم، بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، توختاپ قېلىش بولدى. مەكتىتىن قەشقەرگە كەلگەن 1984- يىلى، مەن يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن، دۇنيادا ئەدەبىياتتىن باشقىسى بىكار، ئەخمەقانىلىك دەيدىغان ئەدەبىياتقا بولغان غالجىر ئىشق، سەۋدا بىلەن ئۆتەتتەك يېزىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەن مەكتىتىن قەشقەرگە ئەدەبىياتنىڭ سەۋەبى بىلەن يېنىپ كەلگەن. قەشقەردە 1984- يىلدىن 1994- يىلغىچە ئون يىل تۇردۇم. بۇ ئون يىل مەن ئەڭ ئۇنۇملۇك ھەم كۆڭۈللۈك يازغان يىللار بولدى. پېشمىنىڭ ئەڭ قىران چاغلىرىمۇ شۇنىڭغا توغرا كېپقالغاندى. مەن قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا قىلىدىغان ئىش— دىكتورلۇق. يېرىم سائەتلىك ئاڭلىتىشنىڭ دىكتورلۇقىنى بىر سائەت ئەتراپىدىلا لېنتىغا ئېلىپ بولاتتىم. دېمەك 24 سائەتنىڭ ئىچىدىكى يىگىرمە ئۈچ سائەت تامامەن ئۆز ئىلكىمدە ئىدى. شۇ چاغدا كۈنىگە سەككىز- توققۇز سائەت يازاتتىم، ئىشلەيتتىم. ئۇ چاغدا پۈتكۈل ئىشىم ۋاقىت پىلانى ئىچىدە بولاتتى. ئورۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈش، باردى- كەلدىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ ۋاقىت پىلانىغا چۈشۈرۈپ قىلاتتىم. ۋاقىت پىلانىمغا ئۇدۇل كەلمىگەن ھەرقانداق ئىشنى رەت قىلاتتىم. ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ ئىچىدە ئون يىل يازدىم. كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشكە توغرا كېپقالدى. بۇ چاغدا مەن 33 ياشتا ئىدىم. ئەسلىي ئۇنىڭدىن ئىككى- ئۈچ يىل ئاۋۋاللا «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى مېنى سىنارىستلىققا تەكلىپ قىلغان. لېكىن ئۈرۈمچىگە كەلگۈم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى مېنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا ئالتە ئايلىق ئۆگىنىش- تەربىيىلىنىش كۇرسىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ چاغدا مەن ئالتە ئايىنى توشقۇزالماي بەكلا ئىچىم پۇشۇپ، كۆنەلمەي، ئۈچ ئايدىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەتكەنىدىم. شۇ سەۋەبلىك ئۈرۈمچىگە كەلگۈم يوق ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ چېگرا ئومۇميۈزلۈك ئېچىلغان شۇ مەزگىللەردە ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن بىر ئۆمەك قەشقەرگە ئېكسكۇرسىيىگە كەلدى. ئۇلار قەشقەردە بىر نەچچە كۈن ئېكسكۇرسىيە- زىيارەتتە بولدى ھەمدە مېنى ئۆزبېكىستانغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. «چىقالمايمەن، يېڭى ئۆي تۇتقان، مائاشىم تۆۋەن، قولۇم قىسقا، مەكتىكە بېرىشقا پۇل تاپالمايۋاتسام، ئۆزبېكىستانغا قانداق بارىمەن» دەپ رەت قىلدىم. ئۇلار: «ئۇ تەرەپتە جۇڭگونىڭ ‹ Adidas› ماركىلىق كىيىمى بەك پۇل بولىدۇ. ‹ Adidas›تىن بىر تاغار ئېلىپ چىقسىڭىز، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئارقىلىق سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىمىز» دېدى. ماقۇل بولدۇم، ئۇلار ماڭا ۋىزا ئەۋەتىپ بەردى... شۇنداق قىلىپ پاسپورت بېجىرىپ چىقماقچى بولدۇم. لېكىن سودىگەر ئاغىنىلىرىم : «بۇنداق بىر تاغار ‹Adidas› بىلەنلا چىقماڭلا، جىقراق بىر نەرسە ئېلىپ بىزگە قوشۇپ قويۇڭلا، سېتىپ پۇل قىلىپ بېرەيلى. سىلە يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە بارامسىلە، نەگە بارساڭلا بېرىڭلا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بانكىدىن 50 مىڭ يۈەن قەرز ئالدىم. ئەمما ئويلۇقسىزلا: جۇڭگودا 1.7 موغا ئالغان چاقماقنى موسكۋادا 17 يۈەندىن ساتقىلى بولىدىكەن، دەپ سودىگەر ئاغىنىلەر بىلەن موسكۋاغا كېتىپ قالدۇق، ئۆزبېكىستان بىر يەردە قالدى. سودا بىلەن پۇل قوغلاپ موسكۋاغا، ئۇ يەردىن باشقا دۆلەتلەرگە سەپەر قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ 1992- يىلى نويابىردا ۋەتەندىن يولغا چىقىپ، 1993- يىلى مارتتا يەنە ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. كەلسەم قەشقەردە مېنى « چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن ئىغۋا پۇر كېتىپتۇ. («پىتنە- پاساتنىڭ پۇت- قولى بولمىغىنى بىلەن قانىتى بار»، « تۆھمەت تامغىسى يوق ئۇقتۇرۇش» (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەندەك)، بۇ گەپنى ھەممە ئادەمگە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەردىكى ئىشلىرىم خەيرلىك بولمىدى. شۇڭا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بوپقالدىم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن باشلاپ تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىغا دۇچ كەلدىم. ئانام ئاغرىپ قالدى. ئۇنى داۋالىتىش بىلەن ئۈچ- تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى ئانام تۈگەپ كەتتى. ساقلاپ تۇرغاندەك ئاكام ئاغرىپ قالدى. ئاكامنى داۋالىتىش بىلەن ئىككى يىل ئۆتتى. ئاكام شىپالىق تېپىۋېدى، ئۆزۈم ئاغرىپ قالدىم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن باشلاپ «خۇددى سايەمدەك ئەگەشكەن »(مەسئۇل مۇھەررىردىن) بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن ماڭا بىر كۈنمۇ «ئۇھ» دېگۈدەك ئاراملىق، خاتىرجەملىك بولمىدى. بۇ يەردىكى خىزمىتىم «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىدە كىنو يېزىش بولدى. «نەسىرىددىن ئەپەندى»نى 30 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ بىر يىل يازدىم، ئىشلىتىشمىدى. بىر يىللىق ئەمگىكىم شۇنىڭ بىلەن بىكار بولدى. كېيىن «غېرىب- سەنەم»نىمۇ 35 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىككى يىل يازدىم، ئۇنىمۇ ئىشلىتىلمىدى. كىنوچىلىق ھاياتىم، ئۈرۈمچىگە چىققان دەسلەپكى يىللاردا قىلغان ئىشىم شۇ بولدى. ئۆزۈمنىڭ پىلانى، يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىم بىر يەردە قالدى.

**دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ بىزدىكى نۇرغۇن يازغۇچىغا تەسىرى چوڭ بولغانىكەن. سىزمۇ ئۇنىڭدىن تەسىر، ئىلھام ئالغانمۇ؟**

مەن ئۇستاز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالدىم، ئەسەرلىرىنى قايتا- قايتا ئوقۇدۇم. بىز ئەدەبىيات

www.uyghurkitap.com

كوچىسغا كىرگىلىۋاتقان يىللاردا ئوقۇغۇدەك تۈزۈك كىتاب يوق ئىدى. ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە تەرجىمە قىلىنغان ۋاقىت مەن «سۇ بويىدا»نى يادلاۋاتقان مەزگىل ئىدى. مەن ناھايىتى ھاياجانلانغان ئەسەر «ئاق پاراخوت»، «جەممىلە». ئۇلارنى ئون نەچچە قېتىملاپ ئوقۇغان، بۇ ئەسەرلەر ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بەرگەنىدى.

**«باياۋاننىڭ سىرى» رومانىڭىزنىڭ 1 ـ قىسمى چىققىلى خېلى يىل بولدىيۇ، ئىككىنچىسىنى تېخىچە كۆرەلمىدۇق. يازمىدىڭىزمۇ، ياكى...؟**

كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت. بۇ ھەقتە ماڭا نۇرغۇن خەت، تېلېفون كېلىپ، ئۆزۈممۇ ناھايىتى تەڭلىكتە قالدىم. نەشىردىن قاچان چىقىدىغانلىقىغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن ئاللىقاچان يېزىپ نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ بولدۇم.

**بىزدىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نادىر ئەسەرلىرى قاتارىدا سىزنىڭمۇ سەرخىل ئەسەرلىرىڭىز خەنزۇ، ئىنگلىز، گېرمان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. خۇسۇسەن، ئۆز ئەسەرلىرىڭىز باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟**

خۇش بولمىدىم دېسەم، يالغان گەپ قىلغان بولىمەن. لېكىن ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان چاغدىكىدەك خۇش بولمىدىم. ئەسەرلىرىم ئۇيغۇرچە چىقسا، ئۆز خەلقىم ئوقۇسا مەن شۇنىڭغا ھەممىدىن بەك خۇش.

**«نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇكاپات بوپقالدى. بۇ مۇكاپات ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرگە قانداق قارايسىز؟ سىزچە، بىز «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن قانداق ئىلھام ئېلىشىمىز كېرەك؟**

مەن ئۇيغۇر تىلىدىن باشقىنى بىلمىگەندىكىن، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» توغرۇلۇق ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىنلا خەۋەردار. مۇشۇ ئۇچۇرلارنى تەپسىلىي كۆزىتىشىمچە، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى بېرىشتىكى جەريان بەكلا مۇرەككەپكەن. مەن مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى پەرەز قىلىپ باقتىم: بىرى، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئېڭىغا تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچىغا؛ ئىككىنچىدىن، شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىنساني ھوقۇقى ھەققىدە ئادىل سۆزلىگەن، شۇ مىللەتنىڭ ئىنساني قىممىتىنى شۇ مىللەتكە، دۇنياغا تونۇتقان يازغۇچىغا بېرىلىدىكەن. مىسىرلىق يازغۇچى نەجىب مەھفۇز ۋە تۈركىيە يازغۇچىسى ئورخان پامۇكنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇنىڭ تارقىتىلىشىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراش ۋە مۇرەككەپلىك مەۋجۇد. ئالايلۇق، مەن مىسىردا ئوقۇۋېدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن سورۇشتۇرۇپ كۆردۈم، مىسىرلىقلار نەجىب مەھفۇزنى ئانچە ياقتۇرمايدىكەن، ئۇنى مىسىر مەدەنىيىتىنى كەمسىتكەن، خۇنۇكلەشتۈرگەن دەپ قارايدىكەن. ھەتتا تىلىۋىزوردا بىزمۇ نەجىب مەھفۇزغا قىلىنغان ھۇجۇم خەۋەرلىرىنى، ئۇنىڭ: «مەندەك بىر قېرىنى قەستلەپ نېمە قىلىدۇ» دەپ يىغلاپ ئاھ ئۇرغىنىنى كۆردۇق. بۇلتۇر(2006 ـ يىلى) تۈركىيە يازغۇچىسى ئورخان پامۇك نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەمما تۈركىيىلىكلەرمۇ ئۇنى ئانچە ياقتۇرمايدىكەن، غەربپەرەس، ياۋروپاپەرەس، تۈرك مەدەنىيىتىنى كەمسىتىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ مىللەتنىڭ ئېڭىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن، مىللەت ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن يازغۇچىلارغا بېرىلىدىغانلىقى راست. ئەگەر بىزدىمۇ ئۆزىنى تونۇغان، مىللەتنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسەتكەن، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتالايدىغان، مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئېسىل يازغۇچى، نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلسە، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئالىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. ھازىر ئەدەبىياتىمىز تېخى گۆدەك ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. ھاياتىمىز ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان. ئەگەردە بىز ئاشۇ تارىخنى ئەدەبىياتىمىزدا ئىپادە قىلالىساق، چوقۇم ئېرىشەلەيمىز. يەنە كېلىپ نوبېل ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى قىزىققان، تەكلىماكاننى چۆرىدىگەن بەش قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە بىۋاسىتە ئۆزى مەبلەغ چىقارغان. مۇكاپاتقا لايىق ئەسەرلا چىقىدىكەن، مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان يازغۇچىمۇ بىزدىن چوقۇم چىقىدۇ. بولۇپمۇ دۇنيا يەر شارىلىشىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا.

**ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى ئەسەرلىرىڭىزگە «تەكلىماكان روھى» دەپ باھا بەردى. سىز ئۆزىڭىز «تەكلىماكان روھى»نى قانداق چۈشىنىسىز؟**

يازغاندا «تەكلىماكان روھى» دېگەنلەرنى ئويلىمىغان، بۇنى سىلەر دېدىڭلار. يېزىقچىلىقتىكى غايەم ھەممە نەرسىنى ــ ئادەملەرنى، مەيلى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، ئەر ـ ئايال، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، ئوغرى ـ قىمارۋاز... بولسۇن ئەينەن ـ تەبىئىي يېزىش، دېمەككى، بۇنىڭدىن ھەممە روھ چىقىدۇ. تەكلىماكان روھى چىقسىمۇ چىقىدۇ. كېيىن، ئەسەرلىرىمنى باھالاپ يازغان تەتقىقاتچىلارنىڭ يازمىلىرىنى كۆرۈپ: ھە، يازغىنىم تەكلىماكان روھىكەن، دېدىم ئۆزۈمگە.

**تىل ئىشلىتىش، تاللاشتىكى ئادەت ـ تەجرىبىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟**

بۇنىڭدا ئالاھىدە تەجرىبە دېگۈدەك ھاسىلاتىمۇ يوق. قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا ئالدى بىلەن ئاللاھتىن مۇشۇ ئەسىرىمنى ئىلھام بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېزىشقا نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن. چۈنكى ھۇزۇر بىلەن يازغان ئەسەرنى ئوقۇغان ئادەممۇ ھۇزۇرلىنىدۇ؛ چىڭقىلىپ، زورۇقۇپ يازغان نەرسىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭمۇ زورۇقۇپ، ئىچى پۇشۇپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، سۈنئىي ـ ياسالما كىتابىي تىل، چىنلىق ـ رېئاللىقتىن چەتنىگەن ئويدۇرما ۋەقە ـ ھادىسە، تەسۋىر، پەردازلارنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى ئالاھىدە تىلەيمەن. شۇنداق تېتىملىق، ئوبرازلىق ئېسىل تىلىمىزغا ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ باھا بېرىپ باقىدىغان ئادەملەردىن ناھايىتى بىزارمەن. دېھقان تىلى، زاغرا تىلى! نېمىدېگەن گەپ بۇ؟ ئانا تىل دېمەمسەن! دېھقان تىلى، ئاڭلىنىشتا خاتا ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭغا بىر خىل كەمسىتىش يوشۇرۇنغان. تېگىمىز دېھقان، بىز ئۇيغۇرلار دېھقان خەق. خوش، ئۆزۈڭنى «زىيالىي» دەيسەنۇ، ئاشۇ نامىڭغا تۇشلۇق دېھقان رازى بولغۇدەك نېمە ئىش قىلىپ بەردىڭ؟ زىيا دېگەن نۇر، خەلققە يول كۆرسەتكۈچى، نۇر تاراتقۇچى دېگەن گەپ. ئۇرۇمچىدىن بىر كىملەر مەلۇم بىر يۇرتقا بارسىمۇ، تۆۋەنگە باردۇق دەيدۇ. تۆۋەنگە بارغىلى سەن قانچىلىك يۇقىرىدا ئىدىڭ، دېگۈم كېلىدۇ. يۇرتقا باردۇق دېيىش كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دېھقان تىلى، زاغرا تىلى ئەمەس، ئۇ ئانا تىل. مەن ئەنە شۇ ساپ ئانا تىلدا، بۇزۇلمىغان، شالغۇتلاشمىغان، ئاتا ـ بوۋام، ئانا ـ موملىرىمنىڭ لەۋزىدەك ھالال ـ پاك تىلدا يازالىسام دەيمەن.

**نۇرغۇن يازغۇچى ئىلھامنى بەكرەك تەكىتلەيدىكەن. ئىلھامغا بولغان قارىشىڭىز قانداق؟ قانداق ۋاقىتلاردا ئىلھامىڭىز بەكرەك كېلىدۇ؟**

كىچىكىمدىن قورساقىمغا بەك ئامراق ئىدىم. قورساقىم ئاچسا بەزىدە چىدىيالماي يىغلاپ كېتەتتىم. ھازىر قورساقىم ئاچسا ئۇرۇشۇپ قالىمەن. بۇگۈن ئەسەر يازىمەن دېسەم، ئاغىنىلىرىم: ياللا، بۇگۈن كاۋاپ ئېلىپ بېرىدىغان ئىش چىقىپتۇ ـ دە، دېيىشىدۇ چاقچاق قىلىپ. ئىنسان نېمىگە ئامراق بولسا، ئامراق نەرسىگە تويۇنسا ئىلھامى بەكرەك كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئىلھام بولمىسا يازغىلى بولمايدىكەن. لېكىن ئىلھام ياش ۋاقتىڭىزدا ئېتىلىپ تۇرغان تاغ سۈيىدەك كەلسە، قېرىغاندا ياۋاشلىغان دەريا سۈيىدەك ئاستىلاپ ۋەزمىنلىشىدىكەن؛ دېمەك ئۇ پەسىللىك دەريادەك بەزىدە كەلكۈنلۈك، بەزىدە ئوشۇققا كەلمەيدىغان ھالەتتە بولىدىكەن؛ بەزىدە قورساق ئاچقاندەك، ھاجەتكە قىستىغاندەك كېلىدىكەن. ئىشقىلىپ كۆڭلىڭىزدە تۇرمۇشنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى، دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا كۆڭۈلسىزلىك بولمىغان، دىققىتىڭىز چېچىلمايدىغان چاغدا، ئىلھام ئوبدان كېلىدىكەن. دىققىتىم يىغىلمىسا يازالمايمەن. شۇڭا، كېچىسى، جىمى جاھان ئۇيقۇغا كەتكەن جىمجىتلىق ئىچىدە يازىمەن. تومۇزدا يازالمايمەن. يازغان ۋاقتىمدا ھاياجانلىنىپ، تىنالماي قالىمەن، نەپسىم يېتىشمەي، كاللام ئىشلىمەي قالىدۇ. شۇڭا كۆپ ھالدا قىش، ئەتىيازدا يازغانلىرىم ئوبدان چىقىدۇ.

**باشتا سىز تىلىمىزدىكى ھازىرقى تىلغا ئالدىڭىز، يەنى خەلق تىلى بىلەن بىز ھازىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مېدىيىلەردە قوللىنىۋاتقان تىل ئارىسىدا ھالاڭ بار دېدىڭىز. لېكىن سىز ئەسەرلىرىڭىزدە دولانلارنىڭ، يەنى مەكىتنىڭ خاس تىل ئادىتىنى ئاساس قىلدىڭىز. بۇ، بەزى رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسىدا «ھالاڭ» پەيدا قىلىپ قويامدۇ ـ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بوپقالسا، بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟**

مېنىڭچە، بۇ يەردە ھالاڭ، ھەل قىلغۇدەك مەسىلە مەۋجۇد ئەمەس. نېمىشقا دېسىڭىز، بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆزىمىزگە خاس يەرلىك شېۋە شەكىللەنگەن. بۇ شېۋىلەرنىڭ رەڭدارلىقى ۋە باي مەزمۇندارلىقى ماھىيەتتە شۇ يۇرت، قوۋمنىڭ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭ بايلىقى، شېۋە بايلىقى، تىل بايلىقى. ھەممىسى قېلىپتا قۇيغان،زاۋۇتتىن چىققاندەك ئوخشاش بوپكەتسە، يۇرت ـ قوۋملار، رايونلار ئارىسىدىكى خاسلىق پەرقى نەدە قالىدۇ؟ئەمەلىيەتتە بۇ شېۋىلەر 99% چۈشىنىشلىكتۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا، چۈشەنمىگەننى يېشىپ چۈشەندۈرسەك، ئومۇملاشتۇرساق بولىدىغۇ. بىزدە ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئوخشىمىغان يۇرت ـ رايوندا ئوخشىمىغان ئاتىلىشى بار. بۇ پەخىرلەنگۈدەك بىر تىل بايلىقى.

**دۇنيادىكى يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئىسىم قويۇشتا نۇرغۇن ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن، ئوخشىمايدىغان ئادەتلىرى بارئىكەن. مەسىلەن، ھېمىڭۋاي بىرەر يۇزدەك ئىسمنى قاتىرىسىغا تىزىۋېلىپ، ياقمىغانلىرىنى بىر چەتتىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئاخىرىدا ئەڭ ياققىنىنى تاللىۋالاتتىكەن. سىزدىمۇ پېرسوناژلارغا ئىسىم قويغاندا رىئايە قىلىدىغان مۇشۇنداق بىرەر پرىنسىپ، ئادىتىڭىز بارمۇ؟**

ئاساسەن راست بولغان ئىش ـ ۋەقەلەرنى يازغاچقىمۇ، قايسى ئادەمنى يازسام، شۇنىڭ ئىسمىنى قويۇپ يېزىۋەردىم. ياسىن مەدەك مېنىڭ ساۋاقدىشىمتى. «ھوي ياسىن مەدەك» دېسەم، ئېڭىكىمگە قاس قوياتتى. ياسىننى يازغان چېغىمدا شۇنىڭ ئىسمى بىلەن يېزىۋەردىم. مەسىلەن، سىزنى يازسام ئىسمىڭىزنى قويۇپلا يېزىۋېرىمەن. مەكىتكە بارسام ئاغىنىلىرىم سېنىڭ يېنىڭدا گەپ قىلغىلى بولمايدۇ، گەپ قىلساقلا يېزىۋېتىسەن، دەيدۇ. راست، «غېرىپ ـ سەنەم»نى يازغان چېغىمدا 600دەك پېرسوناژدىن بىرەر يۈزگە ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىسىم قويۇۋېتىمەن، قالغىنىغا خېلى قىينالدىم. راست ئىسىم قويۇپ يازىمەن دەپ دەۋاغا قالغىلى تاس قالغان چاغلىرىممۇ بولدى. (M1)

**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «يۇرەكتاغ»نىڭ ئەپسانىۋى قاتلىمى



نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىۋى ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

— ۋېلېك

شەرقنىڭ ئەدەبىياتى تا بۈگۈنگىچە ئەپسانە ـ رىۋايەت قورۇلمىسىدىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق.

— يې شۇشيەن

مۇھەممەت باغراش ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدىلا ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئۆزگىچە كۆزىتىش، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان بىر تۈركۈم ھېكايىسى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇ 1986 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياساپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ناھايىتى پەرقلىق ھالدا سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئۆتتى ھەمدە قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ـ تەركىبلەر بىلەن تويۇنغان، ئەسەر قۇرۇلمىسى، بايان ئۇسۇلىدا كەسكىن ئۆزگىرىش ياسىغان بىر تۈركۈم ھېكايە ـ پوۋېستىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقاردى. بىز ئۇنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «كەلكۈن» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما)سانىدا ئېلان قىلىنغان. — مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «تۆتقۇلاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»(ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. — مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «قۇياش ۋە بالا»، «يۇرەكتاغ»... قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېستلىرىدىن روشەن ھالدىكى ئىزدىنىش، سىناق، شۇنداقلا ئادەتلەنگەن رامكىلاردىن ھالقىپ چىقىشقا بولغان دادىل ئۇرۇنۇش روھىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. گەرچە بۇنى بەزىلەر ئىجادىيەتتە ئىلگىرىلىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى، يەنە بەزىلەر ئۇنى چېكىنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىسىمۇ، ۋە ھەتتا ئۇنى مودېرنىزمنى قارىغۇلارچە دورىدى دەپ نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يولدىن قايتمايدىغانلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن بىلدۈردى: «بۇ يولۇمدىن ھەرگىز قايتمايمەن. بۇ يولدىن قايتىش مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك چېكىنىشتۇر. چۈنكى بۇ پەللىگە ناھايىتى تەستە، نۇرغۇن ئازابلىق ئىزدىنىش بىلەن يېتىشەلىدىم.»[1] ئۇ، ئەنئەنىنى زامانىۋىلىق، ئىزدىنىش ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن ھەم تارىخنى بىلىش، ئاتا ـ بوۋىلارنى بىلىش، ھەم زامانىۋى ئاڭ ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىش كېرەك.»[2]

بىر يازغۇچىدا مانا شۇنداق تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىش خاھىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلەرنى يارىتالايدۇ ھەمدە يەنىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرالايدۇ. ئەمما ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسى ھېچ دېگەندىلا ئويغۇشلۇق بوپكەتمىدى. بىز ئۇنىڭ ئىزدىنىشنى بەلگە قىلغان ئەسەرلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، بايان ماھارىتى، تىل گۈزەللىكى، ئېستېتىك سەۋىيە قاتارلىق نۇقتىلاردىن باھالاپ چىقىدىغان بولساق، روشەن ھالدىكى زورۇقۇش، تەقلىدچىلىك، ئەتەي ۋەقەلىك ياكى ئەپسانىۋى تەركىبلەرنى توقۇپ قىستۇرۇش، سىمۋول، بېشارەت قاتارلىق ۋاستىلەرنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋېتىش، ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئەپسانە ئەنئەنىسى بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالماسلىقتەك بىر قاتار يېتەرسىزلىك، يەڭگىللىك، چې داخۇينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «يومرانلىق»[3] نىڭ خېلى ئېغىر ساقلانغانلىقىنى بايقايمىز. ئېنىقكى، بۇ يېتەرسىزلىكلەر

ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگە بەلگىلىك پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى. «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ئۇنىڭ ئىزدىنىشىنىڭ ئاخىرى ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىز «يۈرەكتاغ»دىن ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ، ئەپسانىۋى ئاڭ بىلەن رېئال ھاياتلىق چۈشەنچىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىدە، تەبىئىي رەۋىشتە بىرىككەنلىكىنى ۋە ئۆزگىچە ئېستېتىك قىممەت يارىتالىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق.

باغراش «يۈرەكتاغ» پوۋېستىدا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «بەگقۇلبەگ» ئوبرازىنى ۋە كېيىنچە «كروران گۈزىلى» نامىدا ئاتالغان جەسەت تەمىن ئەتكەن كروران ئۇيغۇر ئېلى ھەققىدىكى رىۋايەتسىمان قىياسنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋاستىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئۇنى تولىمۇ تەسىرلىك مەدەنىيەت ئەپسانىسىگە ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئەپسانىگە شەكسىز ئىشىنىپ ياشاپ كېلىۋاتقان شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ئالىمى، ئېستېتىك ئېڭى، ھايات، تۇرمۇش قاراشلىرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ «يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ئاشۇ ئەپسانىۋى زېمىننى كۆرۈش ئىستىكىدە قارامىلارچە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ھالاكەت دېڭىزىغا ئىز بېسىپ كىرگەن ئۈچ بالىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشى ئارقىلىق شاقۇرلۇقلارنىڭ ۋە شاقۇرلۇقلارنى بەلگە قىلغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

«يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىنىڭ باش ئۇچى تەبىئىيلا خەلقىمىزنىڭ پىسخىك ئېڭىغا ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان قەھرىمانلىق ئەپسانىسى ۋە توتېم ئېڭىنىڭ يىلتىزىغا تۇتاشقان بولۇپ، بەگقۇلبەگ كۆك بۆرىدىن تۇغۇلىدۇ ھەمدە ئەل-ئۇلۇسنى ئۇيۇشتۇرۇپ شۆھرەتلىك، قۇدرەتلىك كروران ئۇيغۇر ئېلىنى قۇرۇپ دەۋر سۈرىدۇ. ئەمما ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۇلارنى تارمار قىلىش جەريانىدا يەجۇجى-مەجۇجىلارنىڭ ئەپسۇن سېھرىگە، قۇم-توپراق بالاسىغا ئۇچراپ، پۈتكۈل كروران ئېلى قۇم ئاستىدا قالىدۇ. ئۇ ئامان قالغان كىشىلەرنى باشلاپ پايانسىز دەشتى-قۇمدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەمما ھەر قانچە قىلسىمۇ چۆلدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. پۈتكۈل ئۇرۇقنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئىنتايىن ئېغىر ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە بەگقۇلبەگ ئىككىلەنمەيلا تومۇرىغا خەنجەر ئۇرىدۇ ھەمدە: «نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ھەممىدىن كىچىك بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى . بىزنى شۇلار ساقلاپ قالىدۇ»[4] دەپ، قېنى بىلەن ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ تەشنالىقىنى باسىدۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ جان بېرىدۇ. ساق قالغانلار ماڭىدۇ، ماڭىدۇ... لېكىن دەشتى-قۇم تۈگىمەيدۇ. ئۇرۇق-ئاجىزلار بىر-بىرلەپ يىقىلىشقا باشلايدۇ. ئەمدى بەگقۇلبەگنىڭ ئۇتلۇق ئاتلىق، ئەل ئىچىدە كۆركىلەئىنە (گۈزەل ئانا) دەپ شۆھرەت قازانغان پەزىلەتلىك خانىشى ئەل ھايات-ماماتلىق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن ھالقىلىق دەقىقىدە كۆك بۆرىنىڭ ۋەھىيسىمان بېشارىتى ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن كۆكرىكىنى بۆسۈپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قۇمغا تاشلايدۇ. قىپقىزىل يۈرەك شۇ ھامان بىر تاغقا ئايلىنىدۇ ھەمدە تاغنىڭ ئوتتۇرىسى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر دولقۇنلىنىپ، دەل-دەرەخلەر گۈۋۈلدىشىپ، بۇلاق سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان پايانسىز تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار كۆركىلەئىنەنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇشۇ يەرنى يۇرت-ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ...

يۈرەكتاغ ئەپسانىسى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن سىرلىق رەۋىشتە باغلىنىش ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. قەھرىمانلارنىڭ ئۆز جېنى بەدىلىگە قوۋمىنى ياكى بالىلىرى ئارقىلىق يۇرت-ماكانىنى، ئەۋلادلارنى ۋە ياكى نەسەب-نىزامىنى ساقلاپ قالىدىغان مۇنداق موتىف دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەپسانىسىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئاددىيسى بىز قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 38-غار ئوڭ تەرىپىگە سىزىلغان «خانىنىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى»؛ 17-غار تورۇسىغا سىزىلغان «خانىنىڭ لەھەڭ بېلىققا ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى»؛ 8-غار سول تام ۋە 17-غار ئوڭ تامغا سىزىلغان «خانىنىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى»[5] قاتارلىق تام رەسىملىرىگە قارىساقلا، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەل-ئۇلۇسنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان مۇنداق جان پىدالىقنىڭ بۇ دىياردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا ئىزچىل مەۋجۇد بوپكەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىزدە ئىنسان ياكى مەلۇم بىر قەھرىمان شەخسىنىڭ كۆل، دەل-دەرەخ، دەريا قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئەپسانە-رىۋايەت كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز بۆرە توتېم ئەپسانىلىرىگە باغلانغان بۆرە بىلەن جۈپلىشىش، بۆرە ۋاستىسى بىلەن كۆپىيىش ۋە دەرەخ كاۋىكىدىن خوتۇن تېپىش، دەرەختىن تۇغۇلۇش قاتارلىق ئەپسانىۋى تەركىبلەردىن ئىنسان بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى قانداش-تومۇرداش ھاياتىي بىردەكلىكنى ھېس قىلساق، «جىيا توغرىسىدا رىۋايەت»[6]، «ھاي-ھاي تېرەك»[7]، «قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى نېمىشقا ئوتتۇز ئىككى»[8] قاتارلىق ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئەپسانىۋى شەخس، قەھرىمانلارنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان چەكسىز كۈچىگە ئىشىنىدىغان، چوقۇنىدىغان، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئورگانىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، تەبىئەتلەشكەن ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ چوڭقۇر ئىزناسىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

شاقۇرلۇقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ بەگقۇلبەگ، كۆركىلەئىنەنىڭ ئەۋلاد-بوغۇنلىرى ئىكەنلىكىگە تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنىنىڭ بەگقۇلبەگنىڭ قېنى، دەسسەپ تۇرۇۋاتقىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆركىلەئىنەنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدىن ئاپىرىدە بولغان زېمىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ياشايدۇ. شاقۇرلۇقلارغا ئوخشاشلا ئېلدوس، مىراۋۇش، تۇرەك پىتتىن ئىبارەت ئۈچ بالىمۇ «يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىگە سىرلىق رەۋىشتە باغلىنىپ قالىدۇ ھەمدە تۇساتتىنلا ئاشۇ سىرلىق، مۇقەددەس مەنىۋى زېمىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ تەۋەككۇل قىلىپ چۆلگە يول ئالىدۇ. پايانسىز چۆل ئۇلارنىڭ باللارغا خاس سادda، غۇبارسىز ئوي ـ خىيالىنى يەپ كېتىدۇ ـــ ئۈچ بالا دەھشەتلىك قارا بوراندا، قۇم ـ تۇپراق بالاسىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

باللارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى نەدە؟

«يۈرەكتاغ» پوۋېستىنى ئوقۇپ تاماملىغاندا ئەنە شۇنداق بىر سوئال كىشىنىڭ قەلبىنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ؟ راست، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى زادى نەدىن ئىزدەيمىز؟ گۇناھ باللاردىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىمۇ؟ «يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىدىمۇ ياكى «يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىنى ئولتۇرسا ـ قوپسا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي يۈرىدىغان، شۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەپسانە بىلەن مەنىۋى ئاچلىقىنى تويۇندۇرۇپ يۈرگۈچى كىشىلەردىمۇ؟

ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتى ماھىيەتتە «يۈرەكتاغ» پوۋېستىنى ھەقىقىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغۇچى تراگېدىك قىسمەتتۇر. مانا شۇ تراگېدىك قىسمەتنىڭ ئىچكى تىندۇرمىسىدىن باغراشنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

باغراش «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ئارقىلىق بىزگە ئەجدادلارنى، تارىخنى ئۇنتۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئەڭ ئېغىر پاجىئە ـ قىسمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بىزدە جەزمەن ئۆتمۈش ئەنئەنىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى غۇرۇرلاندۇرۇپ ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ، ھەرىكىتىمىزنى مۇۋاپىق رەۋىشتە چەكلەپ تۇرىدىغان قاتتىق ئەخلاقىي پرىنسىپ، ۋىجدانىي مىزان بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ ۋە شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ھالىتى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

شاقۇرلۇقلار قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارچە تاغنىڭمۇ، باغنىڭمۇ، جىگدىنىڭمۇ، ئۈجمىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رىۋايەت ـ ئەپسانىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات مۇئەييەن سىرلىق كۈچنىڭ ھىمايىسىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، ھەمدە يەنە شۇنداق مۆجىزىۋى تۇستە ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىنساننىڭ ياخشىلىقى تۇپەيلى زېمىنغا شاپائەت، مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ، ئىنساننىڭ گۇناھى، جىنايەت، سەۋەنلىكلىرى تۇپەيلى زېمىنغا بالايىئاپەت، بالا ـ قازا ياغدۇرىدۇ. بۇ روشەن ھالدا ئالتاي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىق قارىشىنى دەلىللەپ بېرىدىغان ئىرىم ـ ئادەتلەر بولۇپ، چوڭقۇر دەرىجىدە تەبىئەتلەشكەن بۇ خىل مىللىي روھ ھەردائىم تەبىئەتتىن كۈچ ئالىدۇ ۋە يەنە مۇۋاپىق رەۋىشتە تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

شاقۇرلۇقلار بۇ زېمىننىڭ يۈرەكتىن بىنا بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقىدىن تارتىپ خارابلىشىشىغىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىدا، ھەتتا ھەربىر جاندارنىڭ مىدىرىشىنىمۇ يۈرەكتاغقا باغلاپ چۈشىنىدۇ. يامغۇر ياغسا، بوران چىقسا، چاقماق چېقىپ، يەر تەۋرىسە بۇنى تەبىئەت ھادىسىسى ئەمەس، قانداقتۇر بالا ـ قازانىڭ ۋەھىمىسى، يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى، پاسىقلىقى ئۈچۈن كەلگەن جازا دەپ تونۇيدۇ، قورقۇپ تۇرار، قويار يېرىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىق قارىشىدىن قالغان ئالەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يامغۇر، چاقماق، بوراننىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدەك چوڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى تۇگۇل، ھەتتا: «سەن مۇشكۇلچىلىككە يولۇقساڭ، ئۇخۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، كېسەل بوپقالساڭ ياكى ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، بۇ چوقۇمكى سېنىڭ گۇناھىڭ سەۋەبلىك بولىدىغان ئىش ئىدى»[9]. بولۇپمۇ، تەبىئەت ئىلاھچىلىق ئېڭى ھېلىھەم خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە مەۋجۇد خەلقلەرنىڭ ئېڭى بويىچە بولغاندا، ھەرقانداق بىر تەبىئىي ئاپەت ياكى ھادىسە تەبىئەتنىڭ ئۆز ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، دەل ئىنساننىڭ گۇناھى تۈپەيلى يۈز بېرەتتى. «ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق خەلقلەر ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا بوۋاي ـ مومايلار بۇنىڭدىن قورقۇپ ساراسىمگە چۈشىدۇ، كۆز يېشى قىلىدۇ»، «مۆلدۈر ـ چاقماقنى ئىلاھنىڭ رەزىللىككە يۈرگۈزگەن جازاسى دەپ قارايدۇ.»[10]

شاقۇرلۇقلاردا بۇ خىل ۋەھىمە، قورقۇش ئېڭى، بولۇپمۇ «يۈرەكتاغ»دىن ئەيمىنىش ئېڭى تولىمۇ كۈچلۈك. چەكسىز ھۆرمەت، ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان كۆرۈنمەس گۇناھ ئېڭى ئۇلارنى تىزگىنلەپ، چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلار تەبىئەتنىڭ قەھرى ئالدىدا، «تۆۋە، تۆۋە قىلدىم خۇدايىم، بىزنى بالا ـ قازادىن ساقلىغىن. قارا بوراندىن، قۇم ـ تۇپراقنىڭ بالاسىدىن، تويا قازاسىدىن ساقلىغىن، ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن كەچكىن، ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرگىن، ئاتا ـ بوۋىمىز ئالدىدىكى گۇمراھلىقتىن كەچۈرگىن، شاقۇرلۇقلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇششاق نارەسىدىلەرنىڭ بېشىنى ئامان قىلغىن»[11] دەپ قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇپ تىلەك تىلەيدۇ. بەگقۇلبەگ ئەپسانىسىدىن قېپقالغان ھالاكەت، ئۆلۈم، بالا ـ قازا، بولۇپمۇ قارا بوران، قۇم ـ تۇپراق بالاسىنىڭ ئىپتىدائىي قارا سايىسى ھامان ئۇلارنىڭ ئېڭىدا كېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى يامان ئىش، ۋاپاسىزلىق، يۈزسىزلىك، جەددى ـ جەمەتىدىن يۈز ئۆرۈشتەك گۇمراھلىقلاردىن توسۇپ تۇرىدۇ...

باغراش ئۆزى ئېيتقاندەك: «يۈرەكتاغ بىر ماددىي زېمىنلا

ئەمەس، بەلكى بىر روھىي زېمىندۇر.»[12] ھەقىقەتەنمۇ شاقۇرلۇقلار شاقۇردا ياشاۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاڭ- روھى ھامان يۇرەكتاغ ئەپسانىسى ئىچىدە كېزىپ يۈرىدۇ. يۇرەكتاغ روھىمۇ شاقۇرلۇقلارنىڭ بارلىق ئىش- ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. يۇرەكتاغ بەجايىكى شاقۇرلۇقلارنىڭ ھايۋانىي نەپسى، جىنايى تۇيغۇلىرىنى چەكلەپ تۇرغۇچى ئەخلاقىي مىزان، ئىجتىمائىي نوپۇز — كۈچ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، بىلىپ، مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرغۇچى «ئۈچىنچى كۆز»، يېتەكچى ھاياتلىق ئەندىزىسى سۈپىتىدە شاقۇرلۇقلارنىڭ پسىخىك ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تىنماستىن ئۆتمۈشىنى، ئاتىلارنى، ئەجدادلارنى، تارىخنى ئۇنتۇماي، پەرزەنتلەرنى يۈكسەك بىر مۇستەھكەم ئېتىقاد ئىچىدە يارامىلىق تەربىيىلەش — «ساقلاپ قېلىش»قا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ.

باغراش «يۇرەكتاغ» ئارقىلىق بىزگە ئىنساندا، ھەرقانداق بىر قوۋم، مىللەتتە مانا مۇشۇنداق بىر يېتەكچى ئېتىقاد، ئەخلاقىي مىزان، ئىجتىمائىي نوپۇز بولمايدىكەن، مۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنىڭ ئىنتايىن تېز ۋەيران بوپكېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ، «مۇھەببەت ياكى سۆيۈنۈش سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇش، ئەيمىنىش سەۋەبىدىن ئىنسانلار ئېتىكا- ئەخلاق دۇنياسىغا كىرىپ كەلگەن.»[13] ھەقىقەتەنمۇ، ئەيىبتىنمۇ، غەيبتىنمۇ قورقمايدىغان، ھېچقانداق كۈچ، نوپۇزدىن ئەيمەنمەيدىغان ئىنسان ۋە ئىنسانلار توپى ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر.

باغراش «يۇرەكتاغ»دا ئاتا- ئانىغا، ئەجدادقا، تارىخقا بولغان ساداقەت، مۇھەببەت، مەسئۇلىيەتنى بىر خىل ئالىجاناب ئەخلاقنىڭ تۈپ نېگىزى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ھەمدە «بۇۋايلار تارىخنى بىزگە ئۇلاپ بەرگۈچىلەردۇر، تارىخ بىلەن بۈگۈننى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرغۇچىلاردۇر. تارىخنى ئۇنتۇغان، تارىخنى يوقاتقان، تارىخى ئۈزۈلۈپ قالغان مىللەت پەقەت ئادەملەر توپىلا بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللەت بولالمايدۇ ياكى ھالاك بولىدۇ»[14] دەپ ئەجداد، تارىخ، مىللەت، ئەۋلاد، مەۋجۇدلۇق مەسىلىلىرىنى بىر- بىرىدىن ئاجرالماس ھالدىكى ئورگانىك بىرلىك دەپ تونۇيدۇ. شۇنداقلا بالىلارغا، پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيە، بولۇپمۇ ئەجداد، تارىخ روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئېتىقاد تەربىيىسىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بىر ئۇرۇقنىڭ، بىر جەمەت- مىللەتنىڭ «ساق قېلىش»، «ساقلىنىش»نى بىۋاسىتە ھالدا بالىلارغا باغلايدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن، يۇرەكتاغنىڭ ئۇنتۇلۇشى تۈپەيلى كېلىپ چىققان روھىي چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ نارەسىدە بالىنىڭ ھالاكىتىنى بىر- بىرىگە باغلىنىشلىق پاجىئە- تراگېدىيىلەر سىستېمىسى دەپ قارىيالايمىز.

دوكتور، پروفېسسور ئەسەد سۇلايمان «20- ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998- يىل 2- ،3- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن) ناملىق ماقالىسىدە: «مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىمات ئۆز تەئىپۇئىلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كىلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پسىخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ»[15] دەپ يازىدۇ. پوۋېستتىن شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، «يۇرەكتاغ» شاقۇردىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە بىر توپنىڭ روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، شۇنداقلا مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى پىرقىرىتىپ، ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىمات، مەركىزىي ئوقتۇر. پوۋېستنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە نارىش بوۋاي باشچىلىقىدا ئۈچ بالىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن مۇنۇ بايانلار ئارقىلىق بىز يۇرەكتاغدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمران ئاڭ، يېتەكچى كۈچنىڭ شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ئالىمىدىكى نوپۇزىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغىنىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز:

*— مۇشۇ بالىلارغا نەدىكى يۇرەكتاغنىڭ گېپىنى ئۆزىمىز قىلىپ بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغانمىز. ئۇ قۇرۇق گەپلەرنى، ئېيقاچتى گەپلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىلىپ يۈرمىگەن بولساق، بۇ بالىلارمۇ بۈگۈنكىدەك....*

*— شۇ ئەمەسمۇ؟ كونىلاردىن قايتقان شۇ گەپلەر. بولمىسا بەگقۇلبەگ، كۆركىلەئىنە دېگەنلەر ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسمىش. نامازنى ئوقۇمايدىكەنتۇق.*

دېمەككى، شاقۇرلۇقلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ روھىي بىرلىكىنى بىر- بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەنىۋى زەنجىر ئۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ قەلب ئالىمىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئورتاق ئېتىقاد لىغشىپ قالغان، ئۈچ ئەۋلاد ئارىسىدىكى مىللىي گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى پسىخىك تىندۇرمىدا ئاللىقاچان بوشلۇق — ئەۋلاد بوشلۇقى شەكىللەنگەن ۋە تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئورتاق روھىي بىرلىك ئۇنتۇلغان، ھەتتا ئۇ گۇمانلىق، شۈبھىلىك، تايىنسىز ئېيقاچتى گەپلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. دەل مۇشۇ خىل ئىچكى، روھىي بۆلۈنۈش بۇ كىچىك مەدەنىيەت توپىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كىلىماتلارنى ئېغىر دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىتاتتى. بىز بۇ بۆلۈنۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر زەربىسىنى ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۆلگىنى يالغۇز ئۈچ بالىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈۋاتقىنى بەگقۇلبەگنىڭ يۈكسەك ئۈمىد- ئارزۇسى، كۆركىلەئىنەنىڭ ئىسسىق نەپسى- يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەن ئىشەنچ، شۇنداقلا شاقۇرلۇقلارنىڭ كېلەچىكىنىڭ ئىگىسى، نەسىل- نىزامىنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى. ئۈچ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان تولىمۇ چوڭ بوشلۇقتىن بىز شاقۇردىكى ئىجتىمائىي قاباھەتنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس

قىلالايمىز.

ئېلدوس ئەقىللىق، چېچەن بالا. ئەمما ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئەمەس، بەلكى مومىسىنىڭ قېشىدا ھەقىقىي مەنىدىكى خۇشاللىق تاپىدۇ؛ شەھەردە ئەمەس، ئەپسانە ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى خېلىلا ساپ ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان يېزا مۇھىتىدا ئاندىن ھەقىقىي ئادەمىيلىك تۇيغۇلىرىغا ئېرىشىدۇ. «ھاۋاسى، ئادەملىرىنىڭ چىرايى، گەپ ـ سۆزلىرى مۇزدەك ئاشۇ شەھەر؛ تويماس، ئاچ كۆز، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلاپ قويمايدىغان، بەگقۇلبەگ، كۆركىلەئىنەنى ئالىلقاچان يادىلىرىدىن چىقىرىشقان، ھەتتا ئۇلار توغرىسىدىكى ئاشۇ گۈزەل رىۋايەتنىمۇ بىلمەيدىغان شەھەرلىكلەر ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر نەپرەتلىك» تۇيۇلىدۇ. شاقۇردىكى تولىمۇ تەبىئىي، مېھرىلىك ئادەمىي مۇھىت ھەممىدە گۈزەل، تەسىرلىك، ئۇنتۇلغۇسىز يۇرەكتاغ ئەپسانىسىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچى ئۇنى سىرلىق رەۋىشتە ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ. بىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي بوشلۇق، قۇرغاقچىلىقنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گۈزەل ئەنئەنە ـ ئېتىقادتىن، تارىختىن، ئەجدادلار روھىدىن ئالىلقاچان ياتلاشقان قۇرغاق تەبىئىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

مىراۋۇش زېرەك، بارلىق گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى چوڭلارنىڭكىدەك پىشقان جىگەرلىك بالا. ئەمما ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئەمەس، بەلكى بوۋىسىنىڭ ــ مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم ھېيىقىدىغان، ئېغىزىغا قارايدىغان دانىش سۇپەت ئاقساقال نارىش بوۋاينىڭ يېنىدىلا چەكسىز غۇرۇر، ئىپتىخار، خۇشاللىق تاپىدۇ. «نېمىدىندۇر بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەنىدەك چۆچۈپ ـ چۆچۈپلا تۇرىدىغان دادىسىغا بولسا ئاغرىق قويغا ئىچى ئاغرىغانىدەك ئىچى ئاغرىيدۇ». سىرتتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن تاياق يەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان دادىسى ئۇنىڭ قەلبىگە ئاتلىق پەخىر ـ ئىپتىخار تۇيغۇسى سالالمايدۇ. بىز مىراۋۇشنىڭ سىرتتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن تاياق يەپ ياۋاشلىشىپ، گالۋاڭلىشىپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئوبرازىدىن پۈتكۈل شاقۇرلۇقلاردىكى روھىي، مەنىۋى چۈشكۈنلىشىش، بوششىشنىڭ ئەكسىنى كۆرەلەيمىز.

تۇرەك پىت بولسا جاھاندىكى جىمى ئەسكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان بەتقىلىق ـ ھارامتاماق بالا. ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بىر ئۆيدە ئەمەس، ئاجرىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ بويۇن ــ گەدىنىدە پىت ئۆمىلەپلا يۈرىدۇ. كىچىك بولسىمۇ، تاماكا چېكىدۇ، ئوغرىلىق قىلىدۇ. بىز تۇرەك پىت ئوبرازىدىن شاقۇرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ئائىلە، نىكاھ، ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىلىرىغا قارىتا بىلىش، تونۇشقا ئېرىشەلەيمىز.

ئۈچ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ مەدەنىيەت توپىنىڭ تېز سىزمىسى مەۋجۇد. ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىماتنىڭ ئۇنتۇلۇشى كېيىنكى بارلىق پاجىئەنى سۆرەپ قوپقانىدى. بەگقۇلبەگ بارلىق ئۈمىدىنى بالىلارغا باغلىغانىدى. ۋەھالەنكى، بالىلار ئېغىر روھىي قانجىراش ئاسارىتىدە قالدى. ئۇلار شاقۇر ئىچىدىن ئەمەس، پايانسىز دەشتى ـ چۆلدە قېپقالغان، يەنى يۇرەكتىن پۈتۈپ يۇرەكلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان يۇرەكتاغ ئەپسانىسى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا سوزۇلۇپ ياتقان روھىي تەشنالىقنى قاندۇرماق بولدى. ئۇلار ئاشۇ ئەپسانىگە، گۈزەل روھىي بۈيۈكلۈككە ئۈمىتلۈگەن ھالدا جان بەردى. ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى بىزنى تارىخ، ئەجداد، ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ زامانىۋى مەنىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. «ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەۋلادلا ھەقىقىي ۋە سەمەرىي ئىنسان سۈپىتىدە ياشاشنى بىلىدۇ، بۇنداق ئەۋلادتىن ئايرىلغان مىللەت بىچارە مىللەتتۇر.»[16]

شاقۇرلۇقلار بىچارىمۇ؟

نارىش بوۋاي تۇيۇقسىزلا قەلبىدە باش كۆتۈرگەن ھەيران قالارلىق قەتئىي قارار بىلەن بالىلارنىڭ جەسىتىنى يۇرەكتاغقا ئېلىپ ماڭدى. يۇرەكتاغ شاقۇرنىڭ، مۇشۇ زېمىننىڭ روھىي تۈۋرۈكى، بارلىقى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇدلۇقىنى مەنىگە ئىگە قىلغۇچى بەلگە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئارخېئولوگلارنىڭ كۆركىلەئىنەنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشى شاقۇرنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېتەكەنىدەك، نارىش بوۋاينىڭ نەپەسى ـ تىنىقىنى سىقىپ دەرمانسىزلاندۇردى. ئارخېئولوگلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ مەلۇم بىر تارىخ، ياكى مەدەنىيەتتىن ئۇچۇر بېرىدىغان تېپىلما، جەسەت، بۇيۇم بولغان بىلەن، شاقۇرلۇقلار ئۈچۈن ئۇ تامامىي بارلىقنىڭ تېمسالى، مۇشۇ يۇرتنىڭ روھى، جېنى ئىدى. بۇ ئەلنى ۋە بۇ خەلقنى يۆلەپ، روھىي كۈچ ـ مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى ھەرقاچان تەلپۈندۈرۈپ تۇرغۇچى ياداتاشسىمان بۇ بىرلىكنىڭ يوقىلىشى، بەجايىكى شاقۇر روھىنىڭ كۆمپەيكۆم بولۇشىغا باراۋەر ئىدى.

مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇھەممەد سەلىم مىرزا ئۈمىدبەگ ئوغلى «يادىكار» ناملىق ئەسىرىدە، باشقىرتلار بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى يەر ـ زېمىن ۋە ئورماننى تالىشىش ۋەقەسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «باشقىرتلار بىر تۈپ دەرەخ ئاستىغا توپلىشىپ خۇرسىنغان ھالدا مۇنداق دېيىشتى: ‹كۆپ يىلدىن بۇيان بىز بۇ بىر پارچە ئورمان ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. بۇركۇتنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىزنىڭ بۇ ئورمانلىقتىن مەھرۇم بولۇشىمىزدىكى بەلگە ئىدى. چۈنكى بۇركۇت بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز سۈپىتىدە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇركۇتنىڭ ئۆلۈشى بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزدىن دېرەك بەردى›». ئابدۇلقادىر ئىنان يۇقىرىقى جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇ ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇركۇت بىر بەلگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ روھىغا (خوجايىنىغا، ئىزىغا) ۋەكىللىك قىلىدىغان töz ياكى Ongon ئىدى»[17] دەيدۇ. يۇرەكتاغ شاقۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى سۈپىتىدە مۇشۇ روھىي زېمىننىڭ بەلگىسى، ئونگونى ئىدى. يۇرەكتاغدىن، شاقۇرنىڭ ئونگونىدىن

www.uyghurkitap.com

ياتلىشىش، ئۇنى ئۇنتۇش ئېنىق هالدا ناهايىتىمۇ زور يوقىتىشقا ئېلىپ باراتتى. كۆركىلەئىندىنىڭ جەسىتىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشى بەجايىكى شاقۇر روهىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا تىمسال ئىدى.

مۇشۇنداق ئېغىر روهىي بەرباتچىلىق تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دەقىقىلەردە نارىش بوۋاي كالىنى چۇھ دېگىنىچە يۇرەكتاغ تامان يول ئالدى. ئۇ، باللارنىڭ جەسىتىنى ئۇچۇق، بوش قالغان قەبرىگە قويۇپ يۇرەكتاغنىڭ روهىنى يىغلىماقچى، تولۇقلىماقچى بولدى. نارىش بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئۇچ بالىنىڭ جەسىتىنىڭ يۇرەكتاغقا قايتىشى ــ يالغۇز ئۇچ بالىنىڭ هاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىكى ئۇمىد-ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىلا ئەمەس، بەلكى شاقۇرلۇقلارنى بەلگە قىلغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ روهىي ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىگە قايتىشى ۋە بىر مۇقەددەس ئېتىقاد تۈۋرۈكىگە باغلىنىشى ئىدى.

شۈبهىسىزكى، بۇ خىل بۇزۇلماس روهىي بىرلىك كىشىلەرنى ئورتاق بىر غايىۋى مەنزىلگە، مەنىۋى زېمىنغا باشلايتتى. باغراشنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا: «ھەممە مىللەتتە مۇشۇنداق بىر مەنىۋى زېمىن بار. بۇنداق بىر مەنىۋى زېمىنى يوق مىللەت مىللەت بولالمايدۇ. بۇنداق مەنىۋى زېمىننى تاشلىۋەتكەن مىللەت ئاخىرى بىر كۈن، ھەتتا ناھايىتى تېزلىكتە ھالاك بولىدۇ! ئاۋال تارىخى، ئاندىن مەدەنىيىتى، ئاخىرىدا بولسا شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى يوقىلىدۇ.»[18]

باغراش تولىمۇ ئىپتىدائىي بىر ئەپسانىنى قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تىرىلدۇردى ھەمدە بۇ ئەپسانىنى ئۇستىلىق بىلەن رېئاللاشتۇرۇپ بۈگۈننىڭ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى كرىزىسىنى، روھىي يوقىتىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئىنساننىڭ ئۆتمۈش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان روھىي ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويسا ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ باغلىنىشى ئارقىلىقلا ھەقىقىي مەنىدىكى «ساقلىنىپ قېلىش»، مەۋجۇد بولۇپ پۈت تىرەپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. پوۋېستنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخ، ئەجداد، ئەۋلاد، گۇناھ، ئېتىقاد، مەۋجۇدلۇق ھەققىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار لەرزى بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆكۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

※ ※ ※

«يۇرەكتاغ»دىكى روھ ئۆچمىدى ۋە بەلكى تېخىمۇ يېڭىلاندى، تىرىلدى ھەمدە شاقۇرلۇقلارنى بۇ مەنىۋى تۇپراققا تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. ئەزەلدىنلا ئەپسانە ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەم ھېلھەم قويۇق ئەپسانىۋى تۈسىنى يوقاتمىغان شاقۇر يەنە بىر يېڭى ئەپسانىدىن سىلكىنىپ ھوشىنى تاپتى.

باغراش «يۇرەكتاغ» پوۋېستى ئارقىلىق بىزگە ئەجدادقا، ئەنئەنىگە، تارىخقا ۋە ئورتاق ئېتىقادىي بىرلىككە مەڭگۈ سادىق بولۇپ ياشاش كېرەكلىكىنى ئەپسانە ۋە ئەپسانىگە بۆلەنگەن يەنە بىر يېڭى ئەپسانە ئارقىلىق دەپ بەردى. بەلكىم بۇنى يەنە باشقا نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ياخشى ۋە چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىش تامامەن مۇمكىندۇر. پىقىرنىڭ ئەپسانىۋى قاتلام نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتەلىگەنلىرى مۇشۇنچىلىكلا. ئەپسانە يېشىپ بولغۇسىز ئىچكى مەناغا ئىگە بولغىنىدەك، ئەپسانىدىن پۈتكەن بۇ يېڭى زامان ئەپسانىسىمۇ ھەم شۇنداق مول ئىچكى تىندىنسىيىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئىنسان بىر كۈن مەۋجۇد بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەپسانە ئېڭى توختاۋسىز رەۋىشتە كۆللىي كائىناتنى سەير ئېتىپ يۈرىدۇ، ئىنساننىڭ ئەپسانە ئېڭى ئۈزۈلمەيدۇ. پۇرسەت بولسا بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى زىكىر-تەھلىللىرىمىزمۇ داۋاملىشقۇسى.

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى، 205- بەت.

[2] يۇقىرىقى كىتاب 224- بەت .

[3] چى داخۇي: «باغراش ئىجادىيىتىدىكى زامانىۋى مىللىي ئاڭ»، «يۇرەكتاغ» ناملىق توپلامغا كىرىش سۆز ئورنىدا كىرگۈزۈلگەن، 1999- يىل نەشرى، 15- بەت.

[4] «يۇرەكتاغ» 21- بەت.

[5] قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىل ئاپرېل نەشرى.

[6] «يېپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى، 220- بەت.

[7] «ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر»، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999- يىل نەشرى، 23- بەت.

[8] بۇ رىۋايەتنىڭ «قاراقاشلىقلارنىڭ رىسقى نېمىشقا كەڭرى» دەيدىغان ۋارىيانتىمۇ بار. «قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى»، قاراقاش ناھىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى 1992- يىل نەشرى.

[9] P. رىكوئېر: «يامانلىقنىڭ سىمۋولى»، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى 2005- يىل نەشرى (خەنزۇچە)، 29- بەت.

[10] دىلمۇراد ئۆمەر: «ئالتاي تىللىق خەلقلەردە شامانىزم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىل نەشرى (خەنزۇچە)، 58- ، 59- بەتلەر.

[11] «يۇرەكتاغ»، 32- بەت.

[12] ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 225- بەت.

[13] P. رىكوئېر: «يامانلىقنىڭ سىمۋولى»، 27- بەت.

[14] ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 223- بەت.

[15] ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى، 56- بەت.

[16] ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 223- ، 224- بەتلەر.

[17] ئەسەد سۇلايمان: «ئۇيغۇر تۇتىبى مەدەنىيىتى»گە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىل نەشرى، 256- بەت.

[18] ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 225- بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى- بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى



# ھاراق (2)

(ھېكايە)

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

ھاراقتىن ئۈزۈمنى تارتقىلىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل بوپقاپتۇ. ھاراق زورلاشنىڭ كاساپىتىدىن ئاغىنىمىز زاھىر ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ۋاقىتسىز ئۆلمىگەن، شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئابدۇسالام مەستلىكتە ئۇستاكانى ئېتىپ پېشانەمنى يېرىۋەتمىگەن بولسا، يەنە قاچانغىچە ئىچەتتىمكى ھاراق دېگەن شەيتان سۈيىدۇكى، پۇشايمان سۈيىنى.

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆچمە يېشقىچە» دېگەندەك، دوستىمىز سادىق يېگى يىلغا توغرىلاپ ئۆتكۈزگەن دوستلار ئولتۇرۇشىغا يەنە چاقىرىپ قالدى. بارماي دېسەم تېخى. ساقلىمنى قىرنۇېتىپ، پېشانەمدىكى خۇددى ۋۇسۇقنى پالىغاندا يۇزىگە چەككەن خەتكە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان قىزغۇچ تاتۇققا قارىدىم: مانا بۇ ئابدۇسالامنىڭ مەن بەرگەن زىياپەتتە «تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چېقىپتۇ» دېگەندەك، مەست بولغاندا ماڭا قالدۇرغان يادىمىسى ئەمەسمۇ؟! شۇ خاپىلىق بولۇپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە بىر ـ بىرىمىزگە تەتۈر قاراپ يۈردۇق. ئاغىنە ـ بۇرادەرلەرنىڭ سالا ـ سۆلھىسى بىلەن ئەپلىشىپ قالغىنىمىزغىمۇ تېخى نەچچە ھەپتىلا بولغانىدى. مانا بۈگۈن سادىق يېڭى



يىللىق سورۇن تۈزۈپ، بىزنى يەنە جەم قىلماقچى، گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېگەندە كۆڭۈلدىكى دوستلار ئىچمەكچى. مېھمانخانىدىكى ھېلىقى رەسۋاچىلىقتىن كېيىن ھاراقنىڭ كاساپىتى بىلەن سادىقنىڭمۇ ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىگە بىر نەچچە يىل بوپقالدى. بىراق بۇ دوستىمىز ھېلىغىچە بويتاق. ئەمما ھاراقتىن يەنىلا قالمىدى.

بۈگۈنكى سورۇن يەنىلا «خانكۆۋرۈك» رېستورانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يەنە شۇ ئابدۇسالام تېلېفون بېرىپ توختاتمىغان بولسا ھاراق سورۇنى دېگەنگە يولىمىغان، بارساممۇ ئالدىرىماي بارغان بولاتتىم. سەۋەبى، كېيىنرەك بارغان ئادەم ھاراقنى باشقىلاردىن ئاز ئىچىدىغان گەپ، ئۈنۈمسىزمۇ ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى.

— ھى ...ھى ...ھى ... پۇل بىرسىلە، قورسىقىم ئېچىپ... ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم، يېنىمدىلا تىلەمچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، چۆچۈپ قارىدىم. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ قوشقاچ چاڭگىسىدەك بوپكەتكەن، قاسماق، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل جەمشىت ساراڭ ماڭا قاراپ ئىككى قولىنى ئارىدەك سوزۇپ، ھىجايغىنىچە تۇراتتى.

— «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك، ئادەم ئالدىرىغاندا... نەدىنمۇ پەيدا بولدى ما ساراڭ. — غۇدۇرغىنىمچە يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرى بەش

مۇچەنلىكتىن بىرنى تىلەمچىگە تۇتقۇزدۇم. تىلەمچى خۇشاللىقىدا بىرنېمىلەرنى دەپ يۈگۈرگەنچە كېتىپ قالدى.

— بەللى، مەنسۇر ئاداش، سورۇنغا كېچىكىپ كېلىدىغان كونا ئادىتىڭ پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ جۇمۇ. ئۆزۈڭ رېستورانغا چاقىرساڭغۇ كېچىكىپ كېلىسەن، خەق مېھماندارچىلىققا چاقىرسىمۇ كېچىكىپ كېلەمسەن؟ بىز خەقنىڭ مۇشۇ ۋاقىت قارىشمىززە. بولۇپمۇ بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتتا چاقىرغان يەرگە ئىككى سائەت كېچىكىپ كېلىدىغان ناچار ئادەت پەقەت ئۆزگەرمەيۋاتىدىغۇ تاڭ... — ياسىداق ئايرىمخانىغا كىرىشىمگە ئاغىنىلەر گەپتە چاقچىلى تۇردى.

— ئازراق بىر ئىش بىلەن ھايال بوپقالدىم، ئەپۇ قىلىڭلار، ئاغىنىلەر.

— خەپشۇك، ئەمدى ئاغىنىلەرمۇ تولۇق كېلىپ بولدى، سورۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، — دېدى سادىق لىق ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — بۈگۈن ئەل-ئاغىنىلەر يەنە جەم بولدۇق. ئۆزۈن بوپتىكەن بۇنداق يىغىلمىغىلى. ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ ھاراقنىڭ كاساپىتىدىن يېقىن دوستىمىز زاھىردىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھاراق دېگەن ئوغنى ئىچمەسلىككە نەچچە قېتىم قەسەم قىلىشقان بولساقمۇ، «ھاراق ئۆزى ئاچچىق نېمە، لېكىن مېھرى تاتلىق نېمە»دەپ، يەنىلا كۆڭۈل قويىمىدى. دېمىسىمۇ ھاراقسىز بۇ مەنىسىز كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزگۈلۈك. ئادەمدىن دەردۇ-ھەسرەت، قايغۇ-ئەلەمنى كۆتۈرۈۋېتىپ، خۇددى قىز بالىدەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغىنى، ئۆزى زەھەردەك ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن مەرى ئىسسىق مۇشۇ ھاراقكەن ئەمەسمۇ، ئاغىنىلەر. «ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئويناپ-كۈلگىنىڭ قالدى» دەپتىكەن. شۇڭا بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز ئىش، كونا گەپلەرنى قويۇپ، بۇندىن كېيىن پات-پات تېپىشىپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ ئۆتسەك دەيمەن. شۇڭا مەنسۇر ئاغىنىمىز كېچىككەن جازاسى ئۈچۈن سورۇنىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇدا ئۈچ رومكا ئىچسە قانداق دەيسىلەر؟

— قائىدە شۇ، ئاختارمىسىنى قاندۇرمىساق قانداق بولىدۇ!

— مەنسۇر ئاۋۋال قورسىقىغا بىرنەرسە يەۋالسۇنمىكىن؟

— قورسىقنى ئىچكەچ ئەستەرلىۋالامدۇ.

— ئارىلاپ تەڭشەيلى، بىراق ئارقا-ئارقىدىن ئىچمىسۇن، ئاسان مەست بوپقالىدۇ!

ئۇنى-بۇنى دەپ ئاغىنىلەر تالاش-تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى، بىر-بىرىنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس.

— ھاي-ھاي ئاغىنىلەر، ماۋۇ ئىشىمىز قاملاشمىدى. بۈگۈن مەن ساقىي، شۇڭا شۇك ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلىماسىلەر دەيمەن. تېخى بىرەر-ئىككى رومكا ئىچەر-ئىچمەيلا دەتالاش قىلىپ سورۇننى يىپ بازىرىغا ئايلاندۇرغىلى تۇردۇڭلارغۇ.

— ئادىشوي، بۇيەرگە بىز ئاچ قېلىپ كەلمىدۇق، ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ كەلدۇق. بىزگە ھاراق قۇيۇپ بەردىم دەپ ھەممە گەپنى ئۆزۈڭ تارتىۋېلىپ، بىزنى گەپ قىلغىلى قويىمامسەن؟ سورۇن دېگەندە ئىچىدىغان، سۆزلەيدىغان گەپ، — دېدى ئابدۇسالام تېرىكىپ.

— بىر-ئىككى رومكا ئىچەر-ئىچمەي ھاراق كاللاڭغا تەپتىمۇ-نېمە؟ گەپنى يا مەن ساڭا يالغۇز دېمىسەم، باشقىلار گەپ قىلمىسا ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ — سادىقنىڭمۇ سەل ئاچچىقى كەلگەندى.

— بولدى سادىق، بولدى قىلە، — دەرھال رومكىنى ئالدىمدە، «خۇشە!»دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئىچىۋەتتىم. ئاچ قورساققا ئىچىلگەن ھاراق شۇ زاماتلا ئاشقازىنىمنى ۋاژژىدە كۆيدۈرۈپ مېڭەمگە تەپتى. گەپ يامانكەن، ئاغىنىلەرنىڭ ئۇن مو يەرگە ئوغۇت بولغىدەك سېسىق گېپىگە چىدىماق تەسكەن. ئىچمەي دېسەم ئاغىنىلەرگە يۈز كېلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسالام بىلەن سادىق ئۇرۇشۇپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى. « ئاغىنەمنى دەپ بويۇمدا قالدى»دېگەن شۇدە ئۆزى.

— ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام، ھاراققا تازا تاۋى يوق تۇرىدۇ، سازەندە ئاغىنىمىزمۇ ئۇزاق قالماي كېلىدۇ، ساز-پاز قىلىشارمىز. ئاڭغىچە ئىچىشمىزچە ئىچىپ تۇرمايمىزمۇ؟ كۆپ ئىچسەك زاھىر ئاغىنىمىزنىڭ جېنىنى ئالغاندەك بىزنىڭمۇ جېنىمىزنى ئالمىسۇن بۇ ھاراق دېگەن كاساپەت. ھە راست، بىلەمسىلەركىن، بەش يىل بۇرۇنقى مۇشۇنداق قارا قىشتا جەمشىت مۇئەللىمنىڭ ئىككى بالىسى تەڭلا ئۆلۈپ قالمىدىمۇ، — سادىق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇ كۈنى جەمشىت مۇئەللىم ھاراقنى چىلاشقىچە ئىچىپ تۈن تەڭدە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئىشىكنى بىر ھازاغىچە قاققانىكەن، خوتۇنى ئاچماپتۇ. ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپ، تەپكەنىكەن، خوتۇنى ئاڭلاپ ئاندىن ئېچىپتۇ. جەمشىت مۇئەللىم شۇ مەستچىلىكتە ئاچچىقىنى خوتۇنىدىن ئېلىپ تازا دۇمبالاپتۇ. خوتۇنى جان ئاچچىقىدا ئىككى نارەسىدىسى بىلەنمۇ كارى بولماي، قازناق ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. يامان يېرى، جەمشىت مۇئەللىم ئىشىكنىمۇ ياپماي، مەستلىكتە باللار يېپىنىپ ياتقان يوتقاننى تارتىپ، ئۆزى يېپىنىپ ئۇخلاپتۇ. مەشتىكى ئوتمۇ ئۆچۈپ قالغانىكەن. ئاقىۋەتتە، بىرسى ئۈچ ياشقا، يەنە بىرسى بەش ياشقا كىرگەن ئىككى بالىسى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەتىسى جەمشىت مۇئەللىم مەستلىكى يېشىلگەندە بۇ كەلگۈلۈكتىن ئۆزىنى كاچاتلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنچە نىرۋىسىدىن ئادىشىپ قالدى، ئۆيىگە كىرمەيدۇ، كوچىدا ئالاڭزەدە سۆزلەپ يۈرۈيدۇ. «جەمشىت ساراڭ» دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئايالى

بىچارە بالا دەردىدە يىغلاپ تەنھا ياشاۋاتىدۇ.

— ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قاپتۇ ـ دە...

— ۋىجدان ئازابى يامان ـ دە...

— بىز دائىم كوچىدا كۆرىدىغان جەمشەت ساراڭ دېگەن ئەسلى مۇئەللىمكەن دەڭلار!

— ھاراق ئىچمىسە مۇشۇ ئىشمۇ يوق!

— ئاشۇ مۇئەللىم دېگەنلەرنىڭ گېپىنى قىلمىساق قانداق، ئۆلمىدۇ، تىرىلمىدۇ، نېمە كارىمىز!

— مېنىڭمۇ مۇئەللىم دېگەنلەر بىلەن ئەزەلدىن ئىچىم كىلىشمەيدۇ. شۇڭا ئەپەندى خەق بىلەن قەتئىي ئارىلاشمايمەن، ئۇلاردىن بىرمۇ ئاغىنەم يوق. قانداق دېسەڭلار، بۇ ئەپەندى دېگەن بارغۇ ئۆتتۈپ كەتكەن گىرى، تېرىقتا ئۆشكە قوييدىغان، قومەدەك سۆزلەپ قىلنى قىرىقتا يارىدىغان زۇغۇي خەق. ئولتۇرۇشقا كىرىدىغان بولسا يەپ تىنمايدۇ. قولى چوكىدا، ئاغزى گەپتە، بىرە تەخسە قورۇما، بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئالاي دېمەيدۇيۇ، گېپىنىڭ يوغانلىقى. سورۇندا ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىپ گەپ ساتقىلى تۇرسا ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ بولىدۇ. شۇڭا بۇ خەق بىلەن زادى...

— ھاي ـ ھاي، خۇددى مۇئەللىمنىڭ قولىدا ئوقۇمىغاندەكلا گەپ قىلىسىلەرغۇ، — مېنىڭمۇ ئايالىم مۇئەللىم بولغىنى ئۈچۈنمۇ، گەپ قىستۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، — ئۇستازلارنى ئۇنداق ھاقارەتلىمەيلى، شۈكرىمىغۇ كۆرگەن كۈنىمىز ...

— بولدىلا ئاغىنىلەر، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىشماي ھارىقىمىزنى ئىچەيلى، — دېدى پەرھاد بىزار بولغاندەك.

— دېمىسىمۇ سادىق، ئەل ـ ئاغىنىلەر ئاران بىر جەم بولغاندا نەدىكى بىر جەمشەت ساراڭنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ كۆڭۈلنى غەش قىلغۇچە قۇلاققا خۇش ياقىدىغان گەپلىرىڭنى قىلمامسەن؟ — قانداق دېدىم دېگەندەك ئابلەت ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ قويدى.

— ئابلەتمۇ توغرا دېدى، — بىر پارچە لوقمىنى ئاغزىغا تولدۇرۇپ سىلىۋالغان ئابدۇسالام ئالدىراپ گەپ باشلىدى، — بىزگە ئاچچىق ھارىقىڭنى زورلاۋەرمەي ھېلقى خانلىرىڭنى چاقىرمامسەن، تۈزۈك بىر پەيزى قىلايلى. رەڭلىك ئولتۇرمساق سورۇنمۇ قىزىمىغاندەك . بىر چاغدا سابىق خوتۇنۇڭ سانىيە مېھمانخانىنىڭ ياتىقىدىن سېنى تۇتۇۋالغاندا پەيزى قىلغاندەك، بىزمۇ بىر ئوت چىقىرىۋەتمەيلىمۇ؟!...

— ۋەيت! — ھەممەيلەن مەززە قىلىپ كۈلۈشتۇق، پەقەت سادىقلا ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بەلكىم ئىككى بالا بىلەن سانىيەدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئېسىگە كېچىپ كۆڭلى يېرىم بولغاندۇ. «بىر كۈنلۈك ئەر ـ خوتۇندا يۈز كۈنلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت بولىدۇ» دېيىشىدۇ. نېملا دېگەنبىلەن ئۇلار ئاجرىشىپ كەتمىگەندە ياخشى ئۆتكەن ئەمەسمۇ!

— ئەسسالام ئەلەيكۇم، — ئىشىك ئېچىلىپ، بېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان دىقماق، قىزىل يۈز، شاپ بۇرۇت بىرەيلەن سول قولىدا تەمبۇر تۇتقان ھالدا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سالام بىلەن كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، قېنى تۆرگە... — بۇ كىشىنىڭ قولىدىكى تەمبۇرنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ياكى ئەدەپ بىلەن كىرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، دەررىدە ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرەي، — ئۇ يەنىلا ئەدەپ بىلەن ئىشىككە يېقىنلا يەردىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى، — قولۇمدىكى تەمبۇرۇممۇ سەل ئەپسىزرەك، ھېلى چالغاندا مېھمانلارغا تاقىشىپ ئاۋارە قىلىدۇ.

— يېڭى مېھماننى تونۇشتۇراي، — سادىق بىر رومكا ھاراقنى مېھمانغا ئۇزىتىپ گەپ باشلىدى، — بۇ مېھمان دۆلمەتھەللىدىن، تەمبۇرنى «تەمبۇر شاھى» ھۆسنەنجان جامىكامدەك چالىدىغان توختى تەمبۇر دېگەن ئاكىمىز بولىدۇ. قېنى، قىزغىن قارشى ئالايلى!

ھەممىمىز ھاياجاندا چاۋاك چالدۇق، توختاخۇن تەمبۇرمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ، ساقىي تۇتقان ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن تەمبۇرنى سازلىدى ۋە ساقىيدىن تەلەپ قىلىپ يەنە بىر رومكا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ناخشىسىنى باشلىدى:

بەندە تۇرۇپ بەندىگە يۈردۇم تىز پۈكۈپ،
بۇ قىسمەتكە نېمە دەي، ئۆزۈمنىڭ شورى.
تەقدىرىمگە تەن بېرىپ قالدىم ياش تۆكۈپ،
بۇ قىسمەتكە نېمە دەي، ئۆزۈمنىڭ شورى.

توختىكامنىڭ ناخشىسىدىن سورۇنىمىز باشقىچە قىزىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر پۇتى كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھايال بولمايلا سورۇنىمىزنىڭ گۈللىرىمۇ ئەتىرگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كېپىنەكتەك كىرىپ كەلدى.

— ھوي سادىق، ھارىقىڭنى قويمامسەن؟

— ھاراققا پۇلۇڭ چىقىشمىغۇدەكمۇ ـ يا؟

«جىق قويۇۋەتتىڭ...»، «تېز بوپكەتتى...»، «بۇ نۆۋەت مەندىن ئۆتتۈپ كەتسۇن» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە ھاراقنى تالىشىپ ئىچمەكتە، ئىچكەنسېرى خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى قىزلاردىن ئۈزەلمەيتتى، ئوغرى مۈشۈكتەك قىزلارنىڭ بەدىنىدىن ئالللىنېمىلەرنى ئىزدەيتتى.

— ھاي كۈتكۈچى، قىزلار ئىچەيدىغانغا قىزىلدىن ئەكېلىڭ!

«ھاراق ئىچمەيمىز، چاي ئىچىپ ئولتۇرايلى...» دېگىنىگە قارىماي ساقىي قىزىل ھاراق ئەكەلتۈرۈپ، قىزلارغا قۇيۇشقا باش[illegible]ن. ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۆز پارىڭى بىلەن، توختىكامنىڭ

ناخشىسى قۇلاققا كىرەر ئەمەس. يىگىت ـ قىزلار بىر ـ بىرىگە قۇلاق يېقىشىپ، ئۆز پاراڭلىرى بىلەن كۆلۈشەتتى، ھاياسىز چاقچاق ـ قىلىقلارنى قىلىشاتتى.

ــ سادىق ئاغىنىمىز باياتىن توغرا دېدى. باشقىلار ئىچسە، بىز ئىچمىسەك غەلىتە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراق سورۇنىدا ھاراق ئىچمەي ئولتۇرۇشمۇ بىر ئازابكەن، ــ باياتىن «ئەمدى ماڭا قۇيما، قۇيساڭمۇ ئىچمەيمەن» دەپ سادىققا ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ئابلەت تۇرۇپلا ھاراق تەلەپ قىلىپ، رومكىنى قولىغا ئالدى، ــ سورۇنىمىزغا ھۆسن قوشقان ماۋۇ خانقىزلارنىڭ ھۆرمىتىگە بىر قەدەھ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى بىر شېئىر ئوقۇغۇم كېلىۋاتىدۇ...

ــ ھەببەللى، قېنى ئوقۇ، شائىر! ـ ھەممەيلەن تەڭلا چاۋاك چېلىشتۇق.

ھاراق ئىچىشىم جوزىدا،
ئايىغان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كىرسە ئۆرلىۈر،
قولىدىكى ياغلىق بىلەن.

ــ ئالامەت شېئىركەن، قالتىس شېئىركەن، يەنە بىرنى.

ھاراقسىز ئۆتمىدۇ ئالەمدە بىر كۈن،
خانقىزلارنى كۆرگەندە پايىراپ كېتەر يۈرۈكۈم.

ــ ياشاپكەت، كۆڭلىمىزدىكىنى تاپتىڭ.

ــ خۇشە! ــ ئابلەتمۇ پەخىرلەنگەن ھالدا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن قولىدىكى رومكىنى ھەر بىر قىزنىڭ قولىدىكى قىزىل ھاراق بىلەن سوقۇشتۇرۇپ چىقتى.

ــ قىزلارنىڭ ھۆرمىتىگە مەنمۇ كۆتۈردۈم ئەمىسە، ــ ئابدۇسالاممۇ ئارقىدىنلا رومكىدىكى ھاراقنى ئالدىدىكى كىچىك تەخسىگە قۇيدى، ــ مەن شېئىر ئوقۇيالمايمەن، ئەمما ھاراقنى ئۆزگىچە ئىچىپ، قىزلارغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى، مانا بۇنى بىز ئەركەكچە ھاراق ئىچىش دەيمىز. قېنى، خۇشە! ـ ئابدۇسالام ھاراقنى تەخسە بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچتى. ئۇ ھاراق ئىچكەندە جاۋغايلىرىدىن ھاراق ساقىپ ئېقىپ چۈشتى. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك تەخسىدىكى ھاراق يۇقىنى تىلى بىلەن يالىۋېدى، كۆڭلۈم ئاينىپ تاس قالدىم ياندۇرۇۋەتكىلى.

ــ يارايدۇ! ئەجەب يامانكەن، ــ قىزلار چاۋاك چېلىشىپ، ئابدۇسالامنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى.

ــ ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟ ــ پەرھاد بىردىنلا يېگىنى شىمايلىدى، ــ پىيالە بىلەن ناندىن بىرنى ئەكېلىڭە!

ــ كەچۈرۈڭ، رېستورانىمىزدا نان يوق، موما بار، ــ دېدى كۈتكۈچى قىز ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن بىرنى ئەسنىۋېتىپ.

ــ ياپىرىم، ئۇيغۇرنىڭ رېستورانىدىن نان تېپىلمايدىغان زامان بوپكەتتىما ئەمدى؟ موما بولسىمۇ ئەكېلىڭ!

مەن پەرھادنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم، سورۇندىكىلەرمۇ پەرھادقا نېمە قىلماقچىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشتى. توختاخۇنكام تەمبۇرنى خۇشياقمىغاندەك چېلىپ، پات ـ پات سورۇندىكىلەرگە قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا قاراپ قوياتتى.

ــ سادىق ئاداش ھارىقىڭنى بېرىپ تۇرە، ــ پەرھاد سادىقنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى ئېلىپ، پىيالىگە يېرىم ھاراق قۇيدى ھەم ئارقىدىنلا مومىنى تىتىپ، پىيالىدىكى ھاراققا سالدى. مىنۇت ئۆتمەي موما ھاراق بىلەن بىرلىشىپ، سۇغا چىلاپ قويغان بولۇتەك كۆپتى.

ــ ئابدۇسالام بالاڭزا، ھاراق دېگەننىچۇ مۇنداقمۇ ئىچىپ قويۇشىمىز بار، ــ پەرھاد خۇددى قايماق چاي ئىچكەندەك پىيالىدىكى مومىنى شالاپشىتىپ يېيىشكە باشلىدى. «ھاراقكەش ئادەم ئىچىدە توڭگۇز، توڭگۇز ئىچىدە ئادەم» دېگەننى ئويلىدىم ئابدۇسالامدىن سەسكەنگىنىمدىن.

ــ ھاي مېھمانلار، مەن ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چېلىۋاتمايمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ب د ت خەتلىگەن ئالىي مۇزىكىسى مۇقامغا چېلىۋاتىمەن، نېمە توڭگىمەيدىغان كوت ـ كوت گەپ بۇ؟! ــ توختى تەمبۇرنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ مۇقام ئاخىرلاشمايلا چېلىشتىن توختىدى، ــ بىر ئوبدان ساز قىلىپ بېرىۋاتسام، كارىڭلار يوق ئۆزۈڭلارنىڭ پارىڭنى قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىسىلەرغۇ؟ ــ ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بىز مۇشۇ كۈنلەردە ھاراقنى بېشىمىزغا ئىچىۋاتىمىز. ھازىر بىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقىنى ھاراق. دانىشمەنلەر: ھاراقكەش ئاۋۇپ كەتكەن يۇرتتا ئىمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئىمان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يۇرت بىر كۈنى خانىۋەيران بولىدۇ دەپتىكەن. قارىسام، ھەر قايسىڭلار مەندىن كۆپ سەۋىيىلىك، خىزمىتى بار ئادەملەركەنسىلەر، مۇشۇنداق قىلساڭلار قاملىشامدا؟ مەنغۇ مەيلى، ماۋۇ مۇقامنىڭمۇ ھۆرمىتى يوقما؟

شۇ گەپ بىلەن تەڭ قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا ھەممەيلەن جىمىپ كەتتۇق. ئاخىرى سادىق ئېغىز ئاچتى:

ــ دېمىسىمۇ توختىكامنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق. بىزمۇ ئۆز گېپىمىز بىلەن بولۇپ، ساز چالغاندا تۈزۈك ئاڭلىساق، سورۇننىڭ پەيزىنى ئۇچۇرمىساق. نۆۋىتىمىز كەلگەندە ئىچىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن خۇشال ئولتۇرساق، قىزلارمۇ زېرىكىپ قالمىسا، ــ سادىق نېمە ئامال دېگەندەك ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

ــ ئەمدى VCDنى قويۇپ ، تانسا ـ پانسا قىلمايمىزمۇ؟ ــ دېدى ئابدۇسالام ساز ئەمدىلا توختىشىغا تەخىرسىزلىك بىلەن، ــ پۇتلار قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ يەرگە يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا كەلمىگەندىكىن ئوينىغاچ تۇرمامدۇق؟

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قىزىل ھاراقتىن كۆزلىرى خۇمارلاشقان بىر قىزنىڭ بېقىنىغا كىرىۋالغان ئابلەت ئالدىراپ، — ھاي كۇتكۇچى، ناخشا - مۇزىكىنىڭ نوچىسىنى قويۇڭ، جاڭگالدىكى ئوتتۇنچىنىڭ ناخشىسىدەك مۇقام - مەشرەپ دېگەنلەرنى ئەكەلمەڭ، قىزلارنىڭ بېلىدىن قورۇپ تۇتۇپ ئويناپدىغان شوخ، لىرىك تانسا مۇزىكىسى بولسۇن!

قۇلاقنى يارغۇدەك جاز مۇزىكىسى قويۇلدى، ئاران تۇرغان قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە يېپىشتى. توختىكام بولسا تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئەمدى ئۆزى قويۇپ ئىچمەكتە ئىدى. ئۆزىمۇ تەمبۇردەككىلا غېرىبسىنغان. بىر توپ مەدەنىي ھايۋان ئىچىدە ئولتۇرغاندەك كەيپى ئۇچقاندى.

— تانسا بىلمەيمەن دەپ ئۆڭگىلە بىر گەپنى قىلمىسىزا؟! سىز ئوغۇلبالىمۇ - يە؟! نېمانداق بىر مەتۇ قېرى سەھرالىقنى سورۇنغا باشلاپ كەلگەنسىلەر دەيمەن؟ — دېدى ئاينىگار ئىسىملىك قىز مەن بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ. قىزىل ھاراق ئۇنى خېلىلا شوخلاشتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، « تانسا بىلمەيمەن» دېگىنىمگە قويماي مېنى تانسىغا تارتىپ تۇرۇۋالغانىدى، — ھازىرقى زاماندا كىم ئاڭلايدۇ قەبرە - گۆمبەز پۇرايدىغان ئاتام زامانىدىكى بۇنداق كونا ناخشىنى. بۇ ئوغرىنىڭ گېپىنىڭ قوپاللىقى تېخى، ب د ت خەتلىگەن دەپكېتىشلىرى ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ. بۇ سەھرالىقنىڭ ناخشىسىنى ب د ت نەدىن بىلسۇن؟ خوپ بوپتۇ ئوغرى، ئاشۇنداق ئۇخلاپ ياتسۇن! — قىز ئۆز گېپىدىن مەمنۇن بولۇپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى. توختىكامغا قارىسام، ئۇ كۆپرەك ئىچىۋالغاچقىمۇ ئالدىغا سەل ئېگىشكەن ھالدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— بۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولماڭ؟ — ھەيرانلىق ئىچىدە قىزغا جىددىي تەلەپپۇزدا دېدىم، — مۇقام دېگەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ب د ت ئەنگە ئالغان بىباھا گۆھەر. سىز ئوقۇتقۇچىمەن دەيسىز، ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئىلىم ئەھلى تۇرۇپ، بۇنداق كۈلكىلىك گەپنى قىلسىڭىز ئۇيات ئەمەسمۇ سىزگە! ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنى ھاقارەتلىسەك تېخىمۇ بولمايدۇ - دە!

— نېمە؟ ماڭا دەرس ئۆتۈۋاتامسىز تېخى؟! — تىرىككەن ئاينىگار قولىنى سىلكىپ دېگۈدەك ئالقانلىرىمىدىن سۇغۇرۇۋالدى، — ئوھوش، نەدىكى بىر ئادەمنى تانسىغا تارتىپ ئىناۋىتىمنى پوش قىلىپ يۈرۈپتىمەنا، ئىست! بۇ سورۇندا مەيدىسىدە تۈكى بار تۈزۈكرەك ئەركەك يوقمۇ نېمە؟!

ھەر ئىككىمىز مۇزىكا ئاخىرلاشمايلا ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ بىلەن گەپ تاكاللاشتۇرۇم يوق ئىدى، شۇڭا ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— بۈگۈنكى سورۇننى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرساق قانداق؟ — مەن مۇزىكا توختاش بىلەن سادىققا تەكلىپ تەرىقىسىدە دېدىم.

— بولمايدۇ، تازا قىزىغان يېرىگە كەلدۇق!

— كېچىگىچە ئوينايمىز!

— ھاراقنىڭ پەيزىنى سۈرمىسەك قانداق بولىدۇ؟

سادىق بىرنەرسە دېگىچە، تۇشمۇ تۇشتىن ھەممىسى قارشى چىقتى. ئۇلار ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. مەنلا باشتىن - ئاخىر سەگەك ئولتۇرۇۋاتاتتىم. سادىق باياتىن دەپ بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ، ئىككى بالام ئېسىمگە كەچتى: « بىنا بولغاندىكىن ئۆيدىمۇ پار بار، ئالمادىس...» مەن خۇددى بىر ئەمەس بىر خىيالنى قىلغاندەك، يوقلاڭ ئىشنى ئېسىمگە كەچۈرگەندەك، تۇرۇپلا ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ قالدىم. «ھەي مەنسۇر، ھاراق ئىچىپ قىزلار بىلەن خوش كەيپ ئولتۇرغىنىڭدا، بىچارە ئائىلەڭنىڭ بالىلىرىڭنىڭ قورسىقىغا تاماق بېرىپ، يەنە ئۇلارغا تاپشۇرۇق ئىشلىتىپ، سەندىن ئەنسىرەپ، ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇرغىنىنى ئويلا...»

— ھۆ! - توساتتىن توختاخۇن تەمبۇر ئولتۇرغان يېرىدىلا ياندۇرۇشقا باشلىدى، قۇسۇق ھىدى ئايرىمخانىنى بىر ئالدى. چۆچۈگەن قىزلار بۇرۇنلىرىنى تۇتۇشۇپ بىر - بىرلەپ سىرتقا قاچتى.

— ھاي قىزلار، ئۇنداق قىلماڭلار!

— ئالدىرىماڭلار دەيمەن، يەنە قىلىدىغان ئىش بار تېخى...!

شەھۋەت نەپسى قوترىغان ئاغىنىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ قىزلارنى توساپ قالالمىدى، بولۇپمۇ ئابدۇسالام بىلەن پەرھادنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— ئاكاھوي، سىرتقا چىقىۋاراق بىر جايىنى تېپىپ ياندۇرسىڭىز بولماسمىدى؟ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق بۇ؟! — ئىشنى بۇزدىڭىزاۋا ئاكا. بىر ئوبدان توغرىلىنىپ بولغان ئىش سېسىق قۇسۇقىڭىز بىلەن بۇزۇلدى.

ئابدۇسالام بىلەن پەرھاد توختاخۇن تەمبۇرغا تەڭلا دۇق قىلىشقا باشلىدى.

— بولىدى قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، توختاخۇنكام تەمبۇرنى ئەيىبلەۋەرمەڭلار. سىلەرمۇ ياندۇرۇپ باققان. تېخى بايىلا بىر قانچىڭلار تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ ياندۇرۇپ كىردىڭلار. نېمىدەپ بۇ ئاكىمىزغا قاتتىق گەپ قىلىسىلەر؟ ئاشۇ قىزلار سىلەرگە شۇنچىلىك مۇھىمما؟ ئۇنداق يەپ قاچتى جىنلار كەتسىكەتمەمدۇ!

— مەن ناماقۇل، مەن توغرا قىلمىدىم، بەك سەت بولدى،

www.uyghurkitap.com

ئەپۇ قىلىڭلار، ــ توختاخۇن تەمبۇر ئاغزىنى سۈرتكەچ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى، ــ ئىشىڭلارنى بۇزۇپ قويۇپتىمەن، سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن، ــ توختاخۇن تەمبۇرنىڭ كەيپى ئۇچقان دەسلەپكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ياندۇرغاندىن كېيىن سەكرەپ ئىچى بوشاپ قالغاچقىمۇ، خۇددى ئەيىبكاردەك يۇۋاش، رايىش بوپقالغانىدى. ئابدۇسالام بىلەن پەرھاد يەنىلا بولدى قىلمايۋاتاتتى.

ــ ئەپۇ سوراش بىلەن سورۇن ئەسلىگە كېلەمدا؟ قىزلارنىڭ ھەممىسى كەتكەن تۇرسا!

ــ شۇنى دەيمەن، ئۇنداق ئادەم يا ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلىسا...

ــ ئىككىڭلار بولدى قىلامسىلە، مەن پۇل خەجلەپ قىلغان سورۇن بۇ، گەپ قىلمىسا ئەزۋەيلەپ كەتتىڭلارغۇ؟

ــ نېمە دەيسەن ئادىشوي، بىز ماۋۇ بۇرادەرگە گەپ قىلىۋاتساق ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ ــ ئابدۇسالام سادىققا ھۆرپەيدى.

ــ دېمىسىمۇ سەن نېمە ئارىلىشىسەن، ئىشىڭنى قىل! ــ پەرھادمۇ ئابدۇسالامغا بولۇشتى.

ــ بىلىپ قويۇڭ، بۇ مەن چاقىرغان مېھمان، ھەرقايسىڭنىڭ مېھمانغا دېگىنى ماڭا دېگىنىڭ!

ــ ھاي-ھاي ئاغىنىلەر، بولدى قىلىڭلار! ــ مەن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشتۇم. ئەمما ئۇلار گېپىمنى ئاڭلار ئەمەس.

ــ قوي ئوسۇرۇق گېپىڭنى، بىزگە ئىش ئۆگىتىمەن دېمەي، ئۆمچىڭنى ئىچە!

ــ ھۇشۇڭنى تېپىۋال جۇمۇ، سادىق!

ــ ھۇشۇمنى تاپمىسام قانداق قىلاتتىڭ؟!

ــ ئانا-ماناڭنى، ئىگىچە-ئاچاڭنى نەق قىلاتتىم! ــ دېدى ئابدۇسالام ئاغزىنى بۇزۇپ. پەرھاد بولسا سادىقنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ بولغانىدى.

ــ ماۋۇ تۇزكورلىنى كۆرۈڭ، مېھمان قىلغىنىمنىڭ گۇناھىغا تېخى مېنى تىللاۋاتىدۇيا، گەپ قىلمىسام!

ــ سەن گۇينى تىللىماي كىمنى تىللايمىز؟!

ــ ھۇ ھەزىلەك...!

ــ مانا ئەمىسە يېغمىغان ئاغزىڭغا، ــ سادىق بۇرنىغا بىگىز قولىنى نوقۇۋاتقان پەرھادنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئەسەبىيلەشكەن ئابدۇسالام سادىققا شىردەك تاشلاندى.

ــ كىمىڭگە قول تەگكۈزۈۋاتىسەن گۇي، قارنىڭنى ئېشىۋېتىمەن ھىجىقىز! ــ ئابدۇسالاممۇ پىچىقىنى سۇغۇردى. ئۇنى توسۇپ بولغىچە «ۋايجان» دەپ سادىق بېقىنىنى تۇتقىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. غەزەپلەنگەن توختى تەمبۇر جىنىدىن ئەزىز كۆرۈدىغان ئىككى مىڭ يۈەنلىك تەمبۇرنى يەردىن ئېلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئابدۇسالامنىڭ بېشىغا كۆچەپ بىرنى سالدى. تەمبۇر پاچاقلىنىپ، ئابدۇسالاممۇ دەلدەڭشىگىنىچە يەرگە يىقىلدى. مەن دەرھال دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا تېلېفون قىلدىم.

ــ ئاستا، پەم بىلەن ماشىنىغا سېلىڭلار، ــ ھايال بولمايلا يېتىپ كەلگەن دوختۇرلار قول-قول تۇتۇپ سادىقنى ماشىنىغا سالدى.

ــ ئېھتىيات قىلىڭلار!

ــ قان چىقىۋاتقان جايىنى چىڭ تۇتۇۋېلىڭ!

قىيا-چىيا بىلەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا چىقىپ، ۋەھىملىك سىگنال ئىچىدە دوختۇرخانىغا باردۇق. دوختۇرخانىغىچە بولغان ئون مىنۇتلۇق يول ماڭا بىر ئەسىردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەممىمىز سادىقنىڭ ھايات قېلىشىنى تىلەيتتۇق. دوختۇرلار سادىقنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. ھەممىمىز بېشىمىزنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىمىز، كېيىنكى ئىشلارنى پەرەز قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق. مەستلىكىمىز يېشىلىپ كەتكەنىدى. ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىر چاغدا دوختۇر چىقىپ مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى چايقىدى. سادىقتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدۇق. بېشىمىزدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. بىر-بىرىمىزگە قاراشقىنىمىزچە سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدۇق...

ھەي ھاراق، ھەي ھاراق، يەنە قانچىمىزنىڭ بېشىغا چىقارسەنكىن...؟!

2008-يىل 25-ئاپرېل، كۇچا

---

* ھېكايە ئاپتورنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھاراق» ناملىق ھېكايىنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە داۋاملاشتى.

ئاپتور: ج ك ب كۇچا ناھىيە سۈپەتلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى باش ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



www.uyghurkitap.com

## ھاياتلىق تەسراتلىرى

▲ باش كۆتۈرۈشنىڭ تۈنجى قەدىمى، مەسىلىلەرگە سەۋەب ـ نەتىجە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر.

▲ ھايۋاننىڭ ھەيۋىسى كۈچى تۇگىگىچە، ئادەمنىڭ ھەيۋىسى تىنىقى توختىغىچە.

▲ زىياننىڭ مەنىسىنى پايدا ئېلىۋاتقانلار بەك چۈشىنىدۇ.

▲ تۆردىكى مېھمان، بىرى، ئەڭ ئېسىل، يەنە بىرى، ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

▲ سەن توغرۇلۇق ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەسەتخورلاردۇر.

▲ ئېرىشكەن نەرسىگە نىسبەتەن كىشىدە قەدىرلەش كەمچىل بولغانلىقتىن، جازالىنىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىش مەيدانىغا كەلگەن.

▲ چاچ ـ ساقىلىڭ ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئېلىنىپ تۇرمىغان بولسىدى،سەنمۇ بىر چاتقاللىققا ئايلانغان بولاتتىڭ.

▲ مەدەنىيىتىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئادەمنى ئۇلۇغ كۆرۈشۈڭدە ئەكس ئېتىدۇ.

▲ تەن سېزىمى ئۆتىدە، ئەقىل سېزىمى ھەرىكەتتە.

ــ غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قومۇلۇق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ بىر دۆلەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشقان ۋاقتى ــ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشنىڭ شۇ ئەلگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدۇر.

▲ پۇل تېپىشقا تەدبىرلىك، خەجلەشكە دانا بول.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيادا مۆجىزە خاراكتېرلىك دەپ قارالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى، ئۆز ۋاقتىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ دىكتاتورلىقىدىن بىنا بولغان.

▲ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزىدە ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگىنى، شۇ مىللەتنىڭ بېشىغا بەخت قۇشىنىڭ قونغىنى.

ــ ئو.م.ئالغا

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئۆلتاش» مەكتىپىدە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى

## تەپەككۇر كۆزى

▲ سەن خاتالىقىڭنى بوينۇڭغا ئالمساڭ، يېڭى خاتالىقلار

ئۆزى كېلىپ بوينۇڭغا مىنىدۇ.

## دوستلۇق ئالبومىدىن پارچىلار

▲ دوستىڭىز مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى يۈرەك ياشلىرى بىلەن تەبرىكلەيدۇ، دۈشمىنىڭىز شېرىن سۆز ۋە خۇشامەت كۆلكىسىدە.

▲ دوستىڭىز ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى خىجىللىق سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ، دۈشمىنىڭىز سىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

▲ دوستىڭىز سىزنى بىلىم ۋە گۈزەل ئەخلاق جەھەتتىن ھۆرمەت قىلىدۇ، دۈشمىنىڭىز بولسا مال-دۇنيا ۋە چىرايىدا ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ.

▲ قانداق ئادەم بىلەن دوست بولۇشىڭىز ساپايىڭىزغا باغلىق.

— بىلىقىز تىلىۋالدى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تەرمىچىلىرى

▲ ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىدىن باشلىيالايدىغان ئادەم، ئاندىن ھەقىقىي باشلامچى بولالايدۇ.

▲ ئۆزۈڭ بىلمىگەن ئىشتا ھەرگىزمۇ باشقىلارغا باشلامچى بولالمايسەن.

▲ ئاتىسىدىن ئىلىم-ھېكمەت مىراس قالغانلارنىڭ قان-قېرىنداشلىق مېھرى ئېشىپ، ئىناق-ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى كۈچەيسە، ئەكسىچە، مال-دۇنيا مىراس قالغانلارنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى سوۋۇپ، جېدەل-ماجرالىرى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ.

▲ قانۇن-تۈزۈم ئاڭلىق ئادەملەر كەڭ-كۇشادە، ئاڭسىز ئادەملەر قىستىلىپ ماڭىدىغان يول.

▲ ئەخلەت-چاۋارلارنى ئېلىۋەتسەڭ، ھەجىم كىچىكلىگەن بىلەن قىممەت ئاشىدۇ.

▲ بالىنىڭ كەپسىزلىكىدىن رەتسىزلىكى يامان.

▲ ئەخلەتخانىدىن دائىم ھەرتۈرلۈك پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. سېنىڭ چېچىكىدىن بىر خىل، قېشىكىدىن بىر خىل، كىيىنىشىڭدىن بىر خىل... مەدەنىيەت پۇرىقى كېلىپ تۇرسا، ئۇنداقتا كاللاڭ ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئەخلەتخانىسى بولماي نېمە بولىدۇ؟

▲ شاللاش بولمىسا، تاللاش بولمايدۇ، تاللاش بولمىسا، پەرق بولمايدۇ، پەرق بولمىسا قىممىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

▲ كاللىسىدا نىكاھ، ئائىلە ئۇقۇمى بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيى ئېغىلغا ئوخشايدۇ. نىكاھ، ئائىلە ئارقىلىق ئەۋلاد تەربىيىلەش پەقەت ئىنسانلارغىلا خاستۇر.

▲ ئىنسانىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئەخلاقى يوقالسا، پەقەت ئۇنىڭ تويماس نەپسىلا قالىدۇ.

▲ ھەممە ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان يەردە مېھىر-مۇھەببەت بولمايدۇ.

▲ ئەمگەك قىلماق تەس ئەمەس، لېكىن ئەمگەك مېۋىسىنى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا قاراپ ئولتۇرماق تەس.

▲ ۋاقىتتىن مەنە تېپىش، دەل ھاياتنى قەدىرلەش دېمەكتۇر.

▲ بىلىمسىزلىك نادانلىققا، ھۇنەرسىزلىك يارىماسلىققا، ئەخلاقسىزلىق پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ئەخلاق ئۆيگە، بىلىم ئۆيدىكى مال-مۈلۈككە ئوخشايدۇ.

▲ ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جاۋابكارلىرىدۇر.

▲ ئەقلىڭ ئېچىلغانسېرى ۋات-ۋات ئېغىزىڭ ئېتىلىدۇ، ۋات-ۋات ئېغىزىڭ ئېچىلغانسېرى ئەقلىڭ كېسىلىدۇ.

▲ نامراتلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بەزمە-مەشرەپ كۈلكىدە باشلىنىپ، جېدەل-ماجرادا ئەۋجىگە چىقىپ، ئاچچىق كۆز يېشى ۋە ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئىشلەپ يېگەن ئادەمنىڭ قورسىقىمۇ، كۆزىمۇ تويىدۇ؛ ئىشلىمەي يېگەن ئادەمنىڭ قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويمايدۇ.

▲ ھېسسىياتنىڭ ئەقىل تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى ئادەمىيلىك، ئەقلىنىڭ ھېسسىيات تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى ھايۋانىيلىقتۇر.

▲ پۇل «شەھەر ئايلانسا» كۆپىيىدۇ.

▲ رىقابەت پەللىسى— ئۈستۈنلۈك، جەڭ پەللىسى— غەلىبە.

▲ چۈشەنمىسەڭ دۈشمەنمۇ دوست، دوستمۇ دۈشمەندەك كۆرۈنۈۋېرىدۇ.

▲ دانا كىشى قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىدۇ،نادان كىشى ھېسسىياتنى.

▲ قىلغان ئىشلىرىڭدا ئۇيلىغىنىڭنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم كۆرسەڭ، ئۆزۈڭنى ئەقىلسىز، نادانكەنمەن دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ.

▲ بىلگەن ئادەم بىر قېتىم زىيان تارتىدۇ، بىلمىگەن ئادەم تاكى ئۆلگىچە.

▲ بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقىت، ھايات زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلگەن قىسمى.

▲ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى، بەدەندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشايدۇ.

▲ مەغلۇبىيىتى كۆپ ئىشنىڭ ئىزباسارى ئاز بولىدۇ.

▲ تەييارتاپلار كۆپ جەمئىيەتنىڭ يۈكى ئەڭ ئېغىر.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

www.uyghurkitap.com

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ باشقىلارنىڭ قىينچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالغىنىڭ ئاجىزلىقىڭ، كۈلگىنىڭ نامەردلىكىڭ، ياردەم بەرگىنىڭ مەرد ـ ئەركەكلىكىڭ.

▲ باشقىلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرگەندە خۇشھال بول، ھەرگىز شېرىك بولۇشنى ئويلىما.

▲ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپىڭغا ئوبدانراق قاراپ باق، كىم بىلىدۇ، ئارقاڭدا سىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلار بارمۇ تېخى.

ــ غەيرەتجان هامۇت

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومى 2007 ـ يىللىق 7 ـ چوڭ ئەترەت 20 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئۈنسىز نىدالار

▲ ئۈگەنگەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرەلمىسەك، زاماننىڭ ئارقىدا قاپتىمەن ياكى ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتىمەن دەپ چۈشەنسەك، مېنىڭچە، چوڭ خاتالاشقان بولمايمىز.

▲ بىراۋنىڭ مەقسەتلىك ماختاشلىرىغا خۇشھال بوپكەتمىگەن ۋاقتىمىز، ئەقلىمىزنى ھەقىقىي تاپقان ۋاقتىمىزدۇر.

▲ ئىشچانلار ئىشنى سەھەردە باشلايدۇ، هورۇنلار بېشىنى قاشلايدۇ.

▲ هورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس، قېلىن مېهماننىڭ پەتىسى.

▲ ھەقىقىي شېئىرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر، شېئىر يازغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى شائىر دەپ ئاتايدۇ.

ــ ئەكبەر جاپپار دەردى

ئاپتور: قەشقەر ئىمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ مەلۇم ئورۇندا ياشىغان ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە بىلىشى شۇ ئورۇننىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن هالقىپ كېتەلمەيدۇ، هالقىپ كەتسە، شۇ يەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ــ غوپۇرجان ئىبراھىم

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە ئاققاش يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ هازىر قانچىلىك ئۇخلىساڭ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.

ــ ئابدۇخالىق تۇرنىياز

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان بازىرى لەڭگەر كەنت شاھمەھەللىسىدە دېھقان

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ يازغۇچى كىتابقا بېسىلغان ئىسمىنى خەلقنىڭ قەلبىگە يازالىسا، ئاندا بۇ ھەقىقىي يازغۇچىدۇر.

▲ ئەگەر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمەكچى بولساڭ، زالىملارنىڭ قولىدا ئىشلەپ باق.

▲ «ھەقىقەتەن» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلەتكەن ئادەم بىر بولسا ئەڭ بىلىملىك، يەنە بىر بولسا ئەڭ خۇشامەتچى.

▲ «ئەتە نېمە ئىش قىلىمەن» دېگەن ئادەم، ئاللىبۇرۇن بۈگۈنكى ئىشنى تۈگىتىپ بولغان ئادەمدۇر.

ــ ئابدۇقەييۇم مۇھەممەتئېلى

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە كوسراپ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئەرلەر تەلۋىلىك قىلسا قاراملىق بولىدۇ، ئاياللار تەلۋىلىك قىلسا ساراڭلىق.

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا بەرگەن ئورۇنلۇق تەنقىدى ــ نۇقسانلىرىڭغا يېزىلغان توغرا رېتسېپ.

ــ نۇرئېلى كېرىم

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تەبىئى پەن 2008 ـ يىللىق 18 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچى

## ئەتراپىمغا بىر نەزەر

▲ هاراق ـ شارابقا بېرىلگەن ئايال(قىز)بېشىدا ئۆزىنى، ئاندىن پەرزەنتىنى، ئاخىرىدا جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ.

▲ ئىنسان كۆزى بىلەن كۆرگەن، مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان نەرسىگە ئەڭ ئىشىنىدۇ.

▲ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ غەمسىز كۈنلىرىڭ يەنىلا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىدا تۇرغان چاغلىرىڭ.

▲ بىزنىڭ ئۇزاق مەنزىلىمىزگە سەپەرداش، مىسكىن قەلبىمىزگە دىلداش، مەنىۋى تەشنالىقىمىزغا ئۇزۇق بولۇپ روھىيىتىمىزنى ئويغىتىدىغان، لېكىن بىزدىن سەممىيەتتىن باشقا هېچنېمە «تەلەپ»قىلمايدىغان يېقىن بىر سىرداش دوستىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدۇر.

ــ بەھرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىمەسى

※ ※ ※

▲ بىزنىڭ ئوقۇش هاياتىمىزنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: باشلانغۇچ مەكتەپ ــ تۈگۈن، تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتەپ ــ راۋاج، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ــ كولمىناتسىيە، ئالىي مەكتەپ ــ يېشىمدۇر...

ــ ئاسىيە ئەزىز

ئاپتور: يوپۇغا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تۆنجى چەشمىلەر

▲ بىلگىنكى، ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئادەمگىنىڭ بولغىنى مەيلى، لېكىن كۆزگە ئىلمايدىغان بىرەرمۇ ئادىمىڭ بولمىسۇن.

▲ ئىلگىرى يېزىمىزدا ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ئېچىلسا ياخشى دەپ ئويلايتتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يېزىمىزدا بىر كىتابخانىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

▲ ئېپىتىنى ساقلىيالمىغان قىز ــ مەزگىلسىز ئۈششۈك تەگكەن گۈل.

▲ خاسلىق ــ مىراس.

ــ ئۆمەرجان ھاجى(قۇتلۇق)

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ ئۆزىدىن ئۇيالمىغان، ئۆزگىدىن ئۇيالماس.

▲ مەغلۇبىيەت، بىرى ئەجىرسىزلىكتىن، يەنە بىرى تەجرىبىسىزلىكتىن.

▲ ئادەمنى چۈشىنىشكە ۋاقىت، ھايۋاننى چۈشىنىشكە تاقەت كېرەك.

ــ يۈسۈپجان مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايىتى 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئەيىب يىغلىسا ياش بولۇر، دەرد يىغلىسا ياش.

▲ يىغلاپ تۇرۇپ سىرىنى ئالغۇچە، كۈلۈپ تۇرۇپ جېنىنى ئال.

ــ زۇلخۇمار قۇربان

ئاپتور: جىڭ ناھىيە 2-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بەزىدە ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، چوڭقۇر چۈشىنىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئۆيدە ياشىيالايدۇ.

▲ كەم نەرسىمىزنى تولۇقلاپ بولالماسلىقىمىز، بار نەرسىلىرىمىزنى قەدىرلىمىگەنلىكىمىزدىندۇر.

▲ ئايرىلغاندا مۇھەببىتى ئۈچۈن يىغلىغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ دوستى، ئەقىدىسى ئۈچۈن يىغلىغانلارنىڭ بىر بولسا دۈشمەن بولۇشۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۆپرەك بولىدۇ.

ــ ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات مۇئەللىمى

※ ※ ※

▲ تەكرارلانمىغان دەرس ــ پەرۋىشسىز قالغان كۆچەت.

▲ قاچان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن ئۇچراشتىم، شۇ چاغ يېڭىچە ھاياتىم باشلاندى، يېڭىچە ئاڭ ۋە يېڭىچە نەزەر بىلەن جەمئىيەتكە نەزەر تاشلىدىم.

ــ ھاۋاگۈل روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## سوكۇناتتىن سادا

*تارىخىي ئۆزگىرىش*

بوۋامغا ئۇلۇغ بوۋام دەپتىكەن:

ــ بالام، ئادەمدەك ياشا!

بوۋام دادامغا دەپتۇ:

ــ بالام، ئادەمنىڭ قىلىقىنى قىل!

دادام ماڭا دېدى:

ــ قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشما، ئۆزۈڭگە پايدىسىز ئىش قىلما!

مەن بالامغا دېدىم:

ــ كۆپ تىل ئۆگەن، پۇل، ئابروي تېپىش ھەممىدىن مۇھىم.

بالام نەۋرەمگە نېمە دەر؟!

※ ※ ※

▲ ھازىرقى خوتۇنلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە تىكەن سوۋغا قىل!

▲ پارىخور مەنسەپدارلارنىڭ سېمىز قورسىقى ھەققىي سېمىزلىك ئەمەس، ھارامدىن ئۆنگەن بالا!

ــ پولات مىكائىل سوكۇنات

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچۈن خوتۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# ئەقلىيەدىن تامچىلار

▲ چىرايى ئوچۇقنىڭ يولى، قولى ئوچۇقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولىدۇ.

▲ سالام بىلەن ئېگىلسۇن بېلىڭ، ۋىجدان بىلەن تىنك تۇرسۇن قەددىڭ.

▲ ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق، پارچىلانمايدىغان تاش.

▲ تارىختا شاھلار تەزكىرىسىنى تاشقا پۈتكەن، ئالىملار خەلق قەلبىگە.

▲ ھەجىبىپ كۈلگەن خوتۇندىن ئېھتىيات قىل، ئېگىلىپ پۈكۈلگەن ئەردىن.

▲ بالىنى كۆچەتكە ئوخشاتساق، ئائىلە تەربىيىسى كۆچەتنىڭ يىلتىزىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ مەكتەپ تەربىيىسى شاخلىتىپ چېچەكلىتىدۇ؛ جەمئىيەت تەربىيىسى يا مېۋىگە كىرگۈزىدۇ، يا چېچەكنى قىقۋېتىپ مېۋىسىز دەرەخ قىلىدۇ.

▲ دەرەخ ئۈچىدىن قۇرۇيدۇ، زىرائەت يىلتىزىدىن.

▲ ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىق — رەقىبكە سەل قارىغانلىق.

▲ سەن قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى خۇددى بالائىدەك سېنىلا تاپىدۇ.

▲ يىلتىزى قۇرۇغان دەرەخ پور بولۇر، ئاتا ـ ئانىسىنى خورلىغان بالا خار.

▲ قېرى دەرەخنىڭ پۇتىقى جىق، قېرى قىزنىڭ چاتىقى.

▲ خوتۇنى ياسانچۇقنىڭ ئېرى قارانچۇق، بالىلىرى تاشلاندۇق.

▲ ئات قېرىسا تۇزدە مۇدۇرۇلىدۇ، ئادەم قېرىسا سۆزدە يېڭىلىدۇ.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئىسراپچىلىق تولا يەردە مىشچانلار كۆپ، بىسىم تولا يەردە غۇلغۇلا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»جەزبىدار سەھىپىدۇر. ئەمما بەزىلەرنىڭ قەلىمىشىغا زەربىدار سەھىپىدۇر.

▲ ماھىرلار تولا يەردە مۇسابىقە بولىدۇ، ئالىملار تولا يەردە مۇلاھىزە.

▲ ھايۋاننى ئارغامچىدا باغلىغۇلۇق، ئادەمنى گەپ ـ سۆزدە چاغلىغۇلۇق.

▲ قىزلارنىڭ گېجەكلىرى، ئوغۇللارنىڭ بوشاڭلىرى كۆپ ھالدا بويتاق قالىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئاڭسىزلارنى ئاڭلىق، يۈرەكسىزلەرنى يۈرەكلىك، ئەدەپسىزلەرنى ئەدەپلىك قىلىپ، خېلى كۆپ سانلىق كىشىنى يامان يولدىن قايتۇرۇۋالدى.

— ھىدايەت ئەھمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باش خانىقا ئېرىق كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ بىرىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ ئاقىللىقتىن، ئىككىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ ئالىيجانابلىقتىن، ئۈچىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ باشقىلارنىڭ شىللىڭگە مىنىۋېلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىڭدىن ئىبارەت.

— مەنسۇرجان نۇرى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل ـ ئەدەبىيات 2007 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ پەرقى تۆۋەن نەرسىنىڭ نەرقى تۆۋەن بولىدۇ.

▲ ئۆز ئالدىغا (مۇستەقىل)قىلمىغان ئىش — بارسا كېلەر، ياكى كەلمەس يول.

▲ ئوغلى جىقنىڭ يۈزى، قىزى جىقنىڭ گېپى كۆپ بولىدۇ.

▲ قىزلارنى، بىرى، سىرتتىكى، يەنە بىرى، كېچىدىكى يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن چۈشەنمىگەن ئادەم، مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ.

▲ بىر نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، بىرى، تەتقىقاتچىلار، يەنە بىرى، يىغىپ ساتقۇچىلار بەك چۈشىنىدۇ.

▲ شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ بېشىنى ماشىنا، سەھرادىكى ئادەملەرنىڭ بېشىنى ھاشار تولا ئاغرىتىدۇ.

▲ ھۇرۇنلۇق كەلگۈسىنى ئويلىمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ھەققىنى سۆيگەنگە ئەل يېقىن، نەپنى سۆيگەنگە ئەجەل.

▲ ئەقىللىق قۇش تۆۋەن يەرگە ئۇۋا سالمايدۇ.

▲ «خۇدا ساقلىسۇن» — بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق شوئاردۇر.

▲ باشقىلارغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر ئىچىدىن، بىرى، ساداقەتسىز، يەنە بىرى، پاراسەتلىك ئادەملەر كۆپ چىقىدۇ.

▲ ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان نەرسە — رەڭدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئۆزىنى ـ ئۆزى تونۇشتۇرالمىغانلارنى باشقىلار خاتا تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ.

▲ ئىنتىك پىشقان تائام تەمسىز(تۇزسىز)، ئاستا پىشقان تائام تۇزلۇق بولىدۇ.

▲ قىزىقىشى ئوخشاش كىشىلەر بىر بولسا بەك ئاسان چىقىشىپ كېتىدۇ، بىر بولسا بەك ئاسان قىزىرىشىپ قالىدۇ.

▲ پۇلدارلارنىڭ بېشى بىلەن قورسىقىغا، يوقسۇللارنىڭ پۇت ـ قولىغا ئارامچىلىق يوق.

www.uyghurkitap.com

▲ دېھقان چىرايىنى ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ، كادىر پاكىزلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ.

▲ ياخشى مالنى ساتماق ئاسان، سېتىۋالماق قىيىندۇر.

▲ مۇنداق ئۈچ نەرسە ئۇخلىمايدۇ: سۇ، يەرشارى، ۋاقىت.

▲ ئادەمنىڭ، بىرى، كۆڭلى يېرىم بولغاندا، بىرى، خۇشھال بولغاندا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ.

▲ «ئېشەكنىڭ ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال» دېگۈچىلەر بىر بولسا ئىنساپ ـ دىيانەتلىك، بىر بولسا نائىنساپ ـ بۇزۇق كىشىلەردۇر.

▲ سەھەر تۇرغان ئادەم بىر بولسا تەبىئەتنى، بىر بولسا تەنھەرىكەتنى سۆيىدىغان ئادەمدۇر.

▲ مۇۋەپپەقىيەت ــ ئەركىنلىك ئىلاھى.

▲ سۆزى يالغاننىڭ يا يۈرىكى يارا، يا يۈزى قارا بولىدۇ.

▲ قۇرۇق دەرەختە قۇشقاچ، قۇرۇق قول ئەردە خوتۇن تۇرماس.

▲ ئادەم، بىرى، بىر نەرسىگە ئېرىشكەندە، يەنە بىرى، بىر نەرسىنى يوقاتقاندا ئۆزىنى چۈشىنىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىڭنى باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان پوزىتسىيىسىدىن بىل.

▲ «بوپتۇلا» دېيىش بوشاڭلىقنىڭ، «توختا» دېيىش ھوشيارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ئىشەنچىسى ئاجىز ئادەم تولىراق ئۆتمۈشنى، ئىشەنچىسى مۇستەھكەم ئادەم تولىراق كەلگۈسىنى ياد ئېتىپ ياشايدۇ.

▲ غەلىبە بىر بولسا تىرىشچانلارغا، بىر بولسا پۇلدارلارغا مەنسۇپ.

▲ قىزلار بىلەن كۆپ ئارىلاشقان ئادەم بىر بولسا ئېتىقاد، بىر بولسا ئىقتىساد كرىزىسىغا دۇچ كېلىدۇ.

▲ «قوشۇش» ۋە «ئېلىش»نى پىششىق بىلمىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە نان ئېلىپ يېيەلمەيدۇ.

▲ كۆزگە سىغمىغان كۆڭۈلگە سىغماس.

▲ بىر يار كەتكەن يەر ھەرگىز ساق تۇرمايدۇ.

▲ يىقىنلىشىش قانچە تېز بولسا، ئايرىلىش شۇنچە تېز بولىدۇ.

▲ «ياخشى كۆرىمەن»دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغان قىزلار تەكەببۇر كېلىدۇ.

▲ ئىتتىك بىر قارارغا كېلەلمەيدىغانلار بىر بولسا قورقۇنچاق، بىر بولسا پۇرسەتپەرەس كىشىلەردۇر.

▲ قارىغۇ قاراڭغۇدىن قورقماس، گاچا تىل ـ دەشنامدىن.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

## بۇلاقچي چەشمىلىرى

▲ تارىختا قىزىقماسلىق ــ ئۆز تەقدىرىگە قىزىقماسلىق بىلەن باراۋەردۇر.

▲ زارلىنىش ــ يېرىم مەغلۇبىيەت.

▲ ئۆزىمىزنىڭكىنى بىلمەي، باشقىلارنىڭكىنى دوراش، قارىغۇنىڭ ھۈنەر ئۆگەنگىنىگە ئوخشاش.

▲ ۋاز كېچىش بولسا ــ بىر بولسا ئاقىلنىڭ ئىشى، بىر بولسا مەغلۇبىيەتچىنىڭ.

▲ ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تونۇش، ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ بايلىق.

▲ «پاكىت ــ مۇنازىرىدىن ئەلا»، شۇڭا كۆپ ۋاراقلاپ تۇرماي، ئەمەلىي پاكىتنى كۆرسەت؟!

ــ مۇھەممەتتوختى مۇھەممەتنىياز بۇلاقچي

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 15 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ بۇ دۇنيادا قىز بالىنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىدىغان بىرلا ئەر بار. ئۇ بولسىمۇ ــ شۇ قىزنىڭ ئۆز دادىسىدۇر.

▲ ئايغا چىققىلى بولغان بىلەن،خىيالنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

▲ پىكىردىكى بىردەكلىك بىلەن تەقدىرلا ئادەملەرنى بىر يەرگە جەم قىلالايدۇ.

▲ كونىلار ھەمىشە «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىن ئېنىقلا تۇرامدۇ، سۇ بار يەردە ئوت قانداقمۇ مەۋجۇد بولالىسۇن؟!

ــ مەرىيەمگۈل تۇرەك

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ساختا بىپەرۋا . ئارقاڭدىن كۆزەتكۈچى.

▲ نىشانسىز ياشىغۇچىلار ـ «پۇلسىرات كۆۋرۈكى» دە تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەر.

▲ سەن بىراۋنىڭ ئالدىدا ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ گەپ قىلساڭ ياكى كۆتۈرۈلسەن ياكى چۈشۈرۈلسەن.

▲ كاللاڭنى ئەركىن تۇت، ئۆزۈڭنى تۇزۇم ئىچىگە قوي.

▲ سەن تۇغۇلغاندا قويۇلغان ئىسمىدىن باشقىسى سېنىڭ ئۆزگەرگەن قىتىم سانىڭ.

▲ شاخ ـ پۇتاقلىرى بولمىغان دەرەخكە يامىشىش قىيىن.

www.uyghurkitap.com

▲ بولۇپمۇ هازىرقى جەمئىيەتتە كۆزۈڭ ئىككى بولسىمۇ، قۇلىقىڭ تۆت بولسۇن!

▲ ئادىل بول، دادىل بول.

▲ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمايدىغان ئادەم بار دېيىلسە، ئۇ بىرى ساراڭ، يەنە بىرى، يالغاندىن كەمتەر بولۇۋالغانلار.

▲ ئۆزۈمنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئاخىرى باشقىلارنىڭ شاھ ـ مات ئۇرۇقىغا ئايلىنىپ قاپتىمەن.

▲ دۈشمىنىڭگە يىغلاپ قارىما، دوستۇڭغا كۈلۈپ.

ــ ئابابەكرى ئۇبول

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى قوللىنىشچان خىمىيە 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قۇياشنىڭ نۇرىغا پەرۋاسىز قاراپ، شامنىڭ يورۇقىنى تالاشقانلار هامان بىر كۈنى كۆزدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

▲ چىراي گۈزەللىكىگە ئەمەس، قەلب گۈزەللىكىگە خەلقتىن كۆرۈۋال.

▲ ۋاقىتنى خار قىلىۋاتقانلار، ئەمەلىيەتتە ئۆز كەلگۈسىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلاردۇر.

▲ قىزلارنىڭ ئوغۇللارنى سۆيۈشى ئائىلىنى، ئۆزىنى سۆيۈشى ئانا ۋە مىللەتنى سۆيگەنلىكىدۇر.

▲ ئاچچىق ئالدىدا ۋىجدانىڭنىڭ، شادلىق ئالدىدا ئىمانىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

▲ بۆرۈن كىيىم ـ كېچەكنىڭ بەدەننى ياپالماسلىقى نامراتلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، هازىر ناپاكلىق سەۋەبىدىندۇر.

▲ غەم ئادەمنى بىر بولسا دۆلەتمەن، بىر بولسا كېسەلمەن قىلىدۇ.

ــ ئەخمەتجان ئابلىمىت

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا مائارىپى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## سوغۇق تىنىقلار

▲ بەزىدە ئادىدىي ئۆيدىن ئۇلۇغ بىر ھەقىقەت، ئاددىي سۆزدىن ئۇلۇغ بىر ھېكمەت تۇغۇلىدۇ.

▲ كۆرۈش كۆزدە، ئىشىنىش قەلبتە بولىدۇ.

▲ ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن ئويلىنىش ــ خىيال، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئويلىنىش ــ تەپەككۇردۇر.

▲ ھاياتلىقتىكى ئۈچ ئۇلۇغ تەركىب: مەۋجۇدلۇق، ۋاقىت، ئۆلۈم. چۈنكى بۇلار ھەممىمىزگە ئوخشاش بېرىلگەن ئىنئام.

▲ «مەڭگۈلۈك» پەقەت ئۆلۈپ كەتكەنلەرگىلا خاس. چۈنكى ئۇلار مەڭگۈ تىرىلمەيدۇ.

ــ ھەسەنجان مۇسا

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى «يېتۈك ئىزباسارلار» ئىنستىتۇتى كلىنىكا دوختۇرلۇقى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ بەختىنىڭ قەدرىنى بىلمەكچى بولساڭ مېھنەتنىڭ مېۋىسىنى تېتىپ باق؛ زۇلمەتنىڭ ئازابىنى بىلمەكچى بولساڭ، جاھالەتلىك دەۋردە ياشاپ باق.

ــ توختى ناسىر

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە مۇنەر ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قەھرىمانىنىڭ كۆزىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس بەلكى قان.

▲ كۆچلۈكلەرنىڭ كۆز يېشى ــ روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقتىن.

مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ كۆز يېشى ــ ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ئۇن ـ تىنسىز تەن ئالغانلىقىدىن.

▲ تارىخىي چىنلىق يوشۇرۇنغان جايدىن سۆكۈت ئىچىدىكى قەھرىمان كۆپ چىقىدۇ.

ــ نەسىمى

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ شەھەر ھەممە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەم خاراب بولۇشىدىكى ئاساسىي مەنبە.

▲ زۇلپىقار باراتن ئۆز باشىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 4 ـ سانىدىكى «ياغلىق قاپاق ۋە بۇلغانغان كىملىك»ناملىق مۇھاكىمىسى، مىللىي كىملىكىمىزنىڭ قىممىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ــ تۇرسۇن ھەسەن

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قورما يېزا تېرىمەھەللە كەنتىدە دېھقان

▲ پۇلى بار، بىلىمى يوق ئادەم، مېيى بار، شورپىرى يوق ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ باشقىلاردىن ئاغرىنىشنىمۇ ئۆگىنىپ قوي، بولمىسا مەۋجۇدلۇقىڭنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

▲ بىرلا ئادەمدىن خۇشاللىق كۈتكەن كىشى، مەڭگۈ خۇشال بولالمايدۇ.

ــ ئامانۇللا ھېزبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنتىدە دېھقان

▲ قىرلىق روھى چۈشكۈنلۈكتىن، نامراتلىق ھۇرۇنلۇقتىن ئادەمنى ئاسانلا ئۆزىگە قۇل قىلىۋالىدۇ.

— ئەلجان رەھمان(ئەلنۇر)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئاخبارات 2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ پەخىرلەنمەكچى بولساڭ خىزمەت ئورنۇڭدىن ئەمەس، خىزمەت نەتىجەڭدىن پەخىرلەن.

▲ چىرايلىق يۈزىدىن، قاتىل كۆزىدىن، ناتىق سۆزىدىن بىلىنۇر.

▲ نامەردنىڭ يېتىم ئوغۇلغا قارىشى، ئۇنىڭ مىراسىغا كۆز تىككەنلىكىدىن.

▲ كىشىلەرنىڭ ساڭا نېمە دەپ باھا بەرگىنىگە قارىماي، كىمنىڭ باھا بەرگەنلىكىگە قارا.

▲ تارىختىن ساۋاقكى، دۈشمەن يازغان تارىخنى قارشى مەنىدە ئويلىساڭ ھەقىقي تارىخ نامايان بولىدۇ.

— ئېلى توختى (ئەينەك)

---

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ئائىلىنىڭ چىھرىدىكى تەبەسسۇم ئەر ئۈچۈن مەدەت، بالا ئۈچۈن مۇھەببەت، ئۆزى ئۈچۈن گۈزەللىكتۇر.

▲ كۆلكە ھاياتقا بېرىلگەن جاۋاب، ئۆلۈمگە قىلىنغان چاقچاقتۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىلاردا دېھقاندەك ئىللىقلىق، دوختۇردەك ئەستايىدىللىق، ساقچىدەك سەۋرچانلىق بولغاندىلا، ھەقىقي تەربىيىلىگۈچى بولالايدۇ.

— ئابدۇغەنى ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇل، مال-دۇنيا غەم ئەندىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بىراق يوقىتالمايدۇ.

▲ ئۆزىڭىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشكىنىڭىز — بىرىنچى مۇۋەپپەقىيەت. يەنە بىرىنچى بولسا ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش.

▲ «ياش» بىلەن «تەر»نىڭ خىمىيىۋى تەركىبى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئالدىنقىسى پەقەت ھېسداشلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىنكىسى مۇۋەپپەقىيەت.

— گۆھەرنىسا مىجىت

---

ئاپتور: بېيجىڭ بوچىتا-تېلېگراف ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر ماتارىپى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ رېئاللىقتا تەڭسىزلىككە دۇچ كەلسەڭ، بىرى، ئامالسىز قالسەن، يەنە بىرى، ئۆزۈڭنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن.

— مۇختار ھاجى

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بېگىنتۇستەڭ يېزا سەيپۇگېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى يازغىنىڭ— ئوقۇرمەننىڭ ۋاقتىنى ئالغىنىڭ.

— ئەسقەر ئەنۋەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ئۆچۈرچىلىق 2005-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ بىلىم بىلەن كىيىم — ئىنسان بىلەن ھايۋاننى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ روشەن پەردە.

▲ ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى جىسمانىيەتتىن، ئۇلۇغلۇقىنى روھىيەتتىن بىلىسەن.

▲ ئىنساندا قورقۇش بولمىغان بولسا، ياراتقۇچىدىن خۇدالىق تالاشقان بولاتتى.

▲ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن بەك كۆپ سېلىشتۇرغان ئادەم — بىر بولسا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدۇ، بىر بولسا ئەڭ تېز مەغلۇپ بولىدۇ.

▲ بىرگە ئەڭ ئېسىل ئادەمنىڭ، يەنە بىرگە ئەڭ رەزىل ئادەمنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ ئۆلگەنلەرمۇ دۈشمەنسىز ياتالمايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بولۇپ ئىشەنچىسىدىن قېلىش —ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ بولۇپ يەرگە قاتتىق چۈشكەنگە ئوخشايدۇ

▲ ئۆزۈڭگە پۇختا بولماي تۇرۇپ، ئىشلىرىڭدا پۇختا بولالمايسەن.

▲ ئېغىزىڭغا پۇختا بولغىنىڭ —رىزقىڭغا پۇختا بولغىنىڭ.

▲ سەن ئاچچىق قىسمەتلىك تارىخقا ئىگە بولماي تۇرۇپ بۈگۈنكى كۈنۈڭدىن رازى بولمايسەن.

▲ ئەڭ دانا ئادەملەرلا بۈگۈندە تۇرۇپ ئەتىدە ياشىيالايدۇ.

▲ ھازىرقى زاماندىكى نادانلىق — ساددىلىق (ياۋاشلىق).

▲ سەن مەشھۇر (داڭلىق)شەخسكە ئايلانغان ۋاقتىڭدا سايەڭگە ئەگىشىپ ماڭىدىغانلار كۆپىيىدۇ.

▲ تەمەخورلار— سايىگە ئوخشاش، سەن نەدە بولساڭ شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ.

▲ سېنى قوللايدىغانلارنىڭ چىققانلىقى— قەدىر-قىممىتىڭنىڭ يوقالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ ھايات يولۇڭدا ئۇچرىغان ھەر بىر توسالغۇ ــ ھاياتىڭدىن سورالغان سوئال.

▲ سېنى قوللىغۇچىلار ــ سېنى ئۇزلۇكسىز ھالەتتە ئالغا ئىتتىرىپ ماڭغۇچىلاردۇر.

▲ ئادەملەرنىڭ رەزىللىكى ــ پايدا ـ مەنپەئەت ئالدىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ تەسەللى بىلەن ئۆرە تۇرىدىغان ئادەم ــ باشقىلارنىڭ يۆلەپ تۇرۇشىغا موھتاج ئادەمدۇر.

▲ بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن ئادەم ــ تىرىك تارىخقا ئايلىنىپ قالغان ئادەمدۇر.

▲ ئېغىز خاتالىقى ــ بەزىدە مەڭگۈلۈك خاتالىققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ پۇرسەت بېرىش ــ ئەڭ چوڭ كەڭچىلىك، پۇرسەتلا كۈتۈش ــ ئەڭ چوڭ كەمچىلىك.

▲ پۇل ـ مېلىغا ئىشىنىدىغانلار ــ كىشىلەردىن ئەڭ تېز يىراقلىشىدىغانلاردۇر.

▲ دائىم ياخشى گېپىڭنى قىلىدىغانلاردىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ راست دەيدىغانلىقىنى بىلەلىسەڭ ئىدىڭ، ئارتۇقچە ماختاشلارغا پەرۋا قىلمىغان بولاتتىڭ.

▲ ئادەمنىڭ خاراكتېرى باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

▲ گەپ ـ سۆز تەسىر قىلمايدىغان ئادەم ــ يۈرىكى كونىراپ كەتكەن ئادەمدۇر.

▲ ئادەملەر رەزىللەشكەنسېرى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى قالمايدۇ.

▲ ئۆزىنى ئۆزى قوغدىمىغان ئادەمنى باشقىلارمۇ قوغداپ بولالمايدۇ.

▲ پۇشايمان ــ كۆيەلمىگەن ئوتتۇندىن چىققان تۈتۈنگە ئوخشايدۇ.

▲ ھۆرمىتىڭنى بىرگە سىرىلىڭ، بىرگە ياخشى مېلىڭ، يەنە بىرگە بىلىمىڭ ساقلاپ قالالايدۇ.

▲ كۆڭۈل سىرلىرىڭ ئېيتىلىپ كەتكەندە، ئۇ سىر ئەمەس كىرگە ئايلىنىدۇ.

▲ كېيىردىن يىراق ــ كۆڭۈل كىرىدىن يىراق.

▲ كۆڭلۈڭ يېرىم بولغان ۋاقىتتا ھەممە نەرسىنى ئويلىيالايسەن.

▲ سەن ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن ئۆچكەن ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭنى ئۆلگەنلەر قاتارىغا چىقىرىۋەت؛ دۈشمەنلەشكەنلەرنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ تۇرغاندا دۈشمەنلىشىشنىڭ كۆچەيگەنلىكىنى تونۇپ يەت.

▲ ئازاب ــ پۇشايماننىڭ نەتىجىسى.

▲ ئادەم ئۆچ خىل ئەھۋالدا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىشى مۇمكىن: 1. ئۆزىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلگەندە؛ 2. ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئېسىل پەرزەنتىنى كۆرگەندە؛ 3. ئۆز ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندە.

▲ باشقىلارنى قەدىرلەي دېسەڭ، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئىشنى قەدىرلە.

▲ خورازنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھۆرمىتى ــ چىللىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى شۇنچىۋالا كۆپ مېكيان ئارىسىغا يات خورازنى كىرگۈزمىگەنلىكىدە.

▲ سەن ئايالىڭنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋاقىتتا ــ بىرگە، سىر ئېيتماس، يەنە بىرگە ئەيىبىڭنى كۆرسەتمەس بولىسەن.

▲ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۈرەش ــ ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەت ئۈچۈندۇر.

▲ كۆڭلۈڭ يار ئۈچۈن گۈزەل بىر باغ، دۈشمەن ئۈچۈن سەن تەرەپكە ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز تاغ بولسۇن.

▲ چىن مۇھەببەت كۆيۈش بىلەن، ساختا مۇھەببەت سۆيۈش بىلەن باشلىنىدۇ.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلتۆشنەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ باشقىلارنى ياراتماسلىق، بىر بولسا شۇ كىشىنىڭ ئۆلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدىن، يەنە بىر بولسا ئۇ، قولىدىن پوق كەلمەيدىغان ئەخمەقنىڭ ئىشى.

ــ تۇرپانگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2006 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چەشمە ئۈنچىلىرى

▲ «مەڭگۈ» ــ ئىسپاتلانمىغان سۆزدۇر. قانۇنىيەت شۇكى، ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئورنىغا «بىر ئۆمۈر» دېگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق.

▲ كىمكى تولا كۈلسە، كىشىنى شۇنچە بىزار قىلىدۇ. ئاز كۈلسە، كۈلكىسى شۇنچە ئىنتىزار قىلىدۇ.

▲ كۈلگۈنچەكنىڭ راست كۈلكىسى بولمايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ كۆڭلى قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنى بىر پۈرلىدىڭمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىدىكىدەك تۈزلىيەلمەيسەن. بەربىر قەغەزدە قالدىغىنى ئىز، كۆڭۈلدە بولسا داغ.

ــ گۈلبوستان ئوبۇل

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇق )تەبىئىي پەن 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ھۇرۇننىڭ قىلغان ئىشىدىن باھانىسى كۆپ.

— يۈسۈپجان راخمان

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نيۇتون ئالما دەرىخى ئاستىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ بېشىغا چۈشكەن بىر تال ئالمىدىن ئالەمنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى بايقىغان. سىزمۇ كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب كۆرۈپ بېقىڭ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر كىتابنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— يۈسۈپجان توختى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2005-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇغقىنىمنىڭ ئايالى ئۆپكە كېسىلى ئىدى. ئېرى دېگەن بىچارە بايقۇش 700 يۈەن خەجلەپ 15 موللامغا بىر كۈن دۇئا ئوقۇتۇپتۇ. ئېسىت پۇل! ئۇنىڭدىن كۆرە خوتۇنىغا كۈندە بىر يۈەنلىكتىن چامغۇر ئېلىپ بەرسىچۇ!

— ئىمىن ئېلى

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-پولك ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ ئىشچىسى

## ئىگرىغان نەپەسلەر

▲ ھازىر ئۆز گېپىگە ئىگە بولالمىغانلار، كەلگۈسىدە ئۆز ئائىلىسى، مىللىتى، ۋەتىنىگە ئىگە بولالمايدىغانلاردۇر.

▲ ھازىرقى بەزى تاماقلارغا زەھەر ئارىلاشمىغىنى بىلەن غەرەز ئارىلاشقان.

▲ ھازىرقى كۆپ ساندىكى كىشى ئىشلارنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئۆزىگە قانچىلىك پايدا- مەنپەئەت كېلىدىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ.

▲ يىغىنىڭ قولىدىن ئىش كەلسە ئىدى، ئاياللار بارلىق مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى.

— قەلبنۇر سېيتنىياز چاقماق

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ «خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر» — مۇھەببەتنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى بەلگىسى.

▲ بۇلغىنىۋاتقىنىڭ مۇھىتلا ئەمەسلىكىنى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل 5-سانىدىكى «داستىخان» ۋە زۇلپىقار بارات ئۆز باشنىڭ «بەدەن، مودا ۋە كىملىك» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

▲ ئازابلىنىپ تۇرۇپ ۋاز كەچكەن ۋاقتىڭ، بىر بولسا سېنى توغرا يولغا باشلايدۇ، يەنە بىر بولسا، ساراڭ قىلىپ قويىدۇ.

▲ يېتىلىش باسقۇچىدىكى قىزلار سەھنىگە: بىرى، مەسئۇلىيەتسىز ئوغۇللاردىن، يەنە بىرى، ھاياسىز قىزلاردىن نېرى تۇرۇڭ.

▲ نەزىرىمىدىكى يېتىملەر: 1. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغانلار؛ 2. ئەل نەزىرىدىن چۈشكەنلەر؛ 3. ئۆز-ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلەر؛ 4. ئاتا-ئانىسىنى پەس كۆرگەنلەر.

▲ ئەڭ بەختسىزلەر — بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلەر.

▲ دوستۇڭنىڭ سۆزىدىن قورقمىساڭمۇ، كۆزىدىن قورق

▲ بەخت ئۆزىدە تۇرۇپ بەخت ئىزدەيدىغانلار، بىرى، نادانلار، يەنە بىرى دانالاردۇر.

▲ نادانىڭ تەربىيىلىگەن بالىسى — «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا»دۇر.

— سائادەتگۈل تۇرغۇن

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزگىگە باھا بەرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ دوستى بولۇڭ يا دۈشمىنى.

— روزىھاجى كىچىك

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى بايقاش — مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تېپىشتۇر.

▲ ئادەم بەزىدە ئاغزىدا ئىنكار قىلسىمۇ، قەلبى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

— ئاينىساگۈل مۇھەممەت

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ئىلمى ۋە ساياھەت ئىنستىتۇتى ساياھەت باشقۇرۇش 2005-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭىز ھاياتقا بولغان ئىشەنچىڭىزنى كۈچەيتسە، دەۋرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىز سىزنى ئۇن-تىنسىز ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

— ئىسلامجان ئەمەت پىغانىي

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە ياردەمچى تەپتىش

▲ تاش قاتتىقلىقىدىن مەغرۇر بولسىمۇ، ئۆزئارا سوقۇلسا ھامان پارچىلىنىدۇ.

▲ زىيادە قىلىنغان گىرىم — تەگرىنىڭ لايىھىسىدىن قۇسۇر چىقارغانلىق.

▲ ئالدىراقسانلىق قىلما. چۈنكى ئادەم يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىقىلسا، مېڭىپ كېتىۋېتىپ يىقىلغاندىن قاتتىق چۈشىدۇ.

▲ «پۇل تېپىش» ئىككىلا ئېغىز سۆز. بىراق پۇل تېپىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر تۆكىمىز.

▲ نەتىجە، ماڭغان يولۇڭنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي ئىسپات.

▲ مۇقىم خىزمەت، ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ كۈن ئۆتكۈزۈشتىكى بىر مودا ئۇسۇلى.

▲ بۈگۈنكى ياشىرىپ سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخ تۈنۈگۈنكى كۆچەت، ئەتە بولسا قۇرۇق ياغاچ.

— ئۆمەرجان رەھمىتۇللا

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسىپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتى ئىنستىتۇتى كارخانىلار مەمۇرىيىتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نىمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان بولساڭ ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى قىل.

▲ دۇنيادا قىلاي دېسەڭ ئىش دېگەن تولا. گەپ ئۆزۈڭدە.

▲ بىرتال سوراق بەلگىسى يەرشارىنى ھەم جىمى ئادەمنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئەجەبا، سىنى ئۆزگەرتەلمەسمۇ؟

— گۈلباھار رەھمىتۇللا

ئاپتور: قۇمۇل تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## دىل ئۈچقۇنلىرى

▲ ھەقىقەت ئۇقۇمىنى ئەمەلىيەتتىن كۆرەلىگەنلەرگە قۇرۇق نەزەرىيە ھاجەتسىز.

▲ چىن دىلىڭدىن چىققانىنىڭ ھەممىنى قىل، ئەمما تىلىڭدىن چىققانىنىڭ ھەممىنى قىلىۋەرمە!

▲ ھايات بىر چاقماق تاشقا ئوخشايدۇ. ۋاقتى كەلسە پىللىدە يورۇيدۇ ـ دە، غايىب بولىدۇ.

▲ بىراۋنىڭ راست گېپىنى ئاڭلىماقچى بولساڭ، گەپ چىقىۋاتقان ئېغىزىغا ئەمەس، بىئارامىلىقتا قىينىلىۋاتقان دىلىغا قارا.

▲ بۇ دۇنيادا پەقەت قورقۇشقا تېگىشلىك ئۈچ نەرسە بار: ياراتقۇچى، قەرز،تايىنىش.

▲ سېنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىش دەرىجەڭ ئادەمىيلىك دەرىجەڭ بىلەن ئوڭ تاناسىپ.

▲ يېڭىش ـ يېڭىلىش پەقەت بىر نىسپىي جەريان. ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيە بولسا كېيىنكى مۇتلەق غەلىبىنىڭ مەنىۋى ئاساسى.

▲ ئەخلاقسىزلىق — پۈتكۈل جەمئىيەت ئېكرانىنىڭ ئېتىقادسىزلىشىشىدىن باشلىنىدۇ.

— ئۇسمانجان ئوبۇل

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئائىلە — ئەخلاق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ تۇنجى بېكىتى.

▲ ئائىلە تەربىيىسى ئوق، مەكتەپ تەربىيىسى تاپانچا، جەمئىيەت تەربىيىسى تەپكە بولسا، ۋەتەنگە قەھرىماندىن بىرسى قوشۇلدى دېگەن گەپ.

▲ ئەدەپتىن باش، قۇلچىلىقتىن بەل ئېگىلىدۇ.

▲ باتۇرغا چاۋاك كۆپ، خائىنغا تاياق.

▲ ئېتىقادسىز ئادەمگە جىمى نەرسە ھالالدۇر.

▲ ئۇخلىغاننى ئويغىتىش ئاقىلنىڭ، ئىشلىگەننى توختىتىش غاپىلنىڭ ئىشى.

▲ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قىزلارنى ئىپپەتتىن، ئوغۇللارنى قىممەتتىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ.

▲ كۈندە بىر بەت بولسىمۇ كىتاب ئوقۇمسام، ۋاقىت تەرىپىدىن تالاق قىلىنغاندەك تۇيغۇغا كېپقالىمەن.

▲ تېنىڭنى شەھۋەتتىن، دىلىڭنى غەپلەتتىن، تىلىڭنى پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇتساڭ ئائىلىدە ھۆرمەتكە، جەمئىيەتتە قىممەتكە ئىگە بولىسەن.

▲ نادان ئەرنىڭ ئۆمرى قۇللۇق بىلەن ، نادان ئايالنىڭ ئۆمرى تۇللۇق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ بىلگەنلەر يول ئۈستىدە، بىلمىگەنلەر قىل ئۈستىدە.

— ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى باشتېرىم كەنتىدە دېھقان(M1)

### ھېكمەتلەر

▲ يۇتقىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ، چايناۋاتقىنىڭ گۇمان

— ئابدۇلھەمىد چولپان

▲ ھەممىگە دوست ئادەم، ھېچكىمگە دوست ئەمەس.

— ئارىستوتېل

▲ كىشىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش خائىنلىق، ئۆز سىرىنى ئاشكارىلاش ئەخمەقلىقتۇر.

— ۋولتېر

▲ ھەقىقەتنى يامان كۆرىدىغان ئادەملەر ئۇنى دادىل قوللىغۇچىلارنى ھەم يامان كۆرىدۇ.

— فىلىنون

▲ جەڭدە ئۆلمىگەن باھادىر، خىيانەتتە ھالاك بولىدۇ.

— شەۋكەت رەھمان

▲ بىراۋنى ئويغىتىشقا ئۆزۈڭنى ئويغىتىشتىن كۆپرەك ئەقىل كېرەك.

— مىشىل دىمونتىن

▲ ئەقىل بولۇشلا كۇپايە ئەمەس، مۇھىمى ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىش.

— رېنىي دېكارت

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەد كامال خۇشخۇي



# نەزىرىيەدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە رېئاللىقىمىز

دىلئارام قۇربان ئايتۈرك

«ئامېرىكا ئىقتىسادى چېكىنىۋاتىدۇ. ئىشسىزلىق نىسبىتى يەتتە پىرسەنتكە يەتتى، سەككىز پىرسەنتكە يېتىشىمۇ مۇمكىن. سېنتەبىردە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 34 يىلدىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى چەكتە چۈشتى. ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولمىدى. ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىمۇ ئاجىزلاشقا باشلىدى...»

مانا بۇ، «2008 ـ يىللىق نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى» ساھىبى، پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىسى پاۋىل كروگماننىڭ 18 ـ ئۆكتەبىر ئامېرىكا «بلومبېرگ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېيتقانلىرى. پاۋىل كروگمان 1997 ـ يىلدىكى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن 1994 ـ يىلىلا بېشارەت بەرگەنىدى. ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە كۆرۈلگەن كرىزىس ئاخىرى دۇنياۋى پۇل مۇئامىلە بوھرانىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال، ئىنتېرنېت دۇنياسىنى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىگە ئائىت بەھس ـ مۇنازىرىلەر قاپلاپ كەتتى.

خوش، ئۇنداق بولسا، پۇل مۇئامىلە كرىزىسى قانداق پەيدا بولدى؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ جۇڭگوغا تەسىرى قانچىلىك؟ رايونىمىز ھەم مىللىتىمىزگىچۇ؟

پۇل مۇئامىلىسى پۇلنى ۋاستە قىلغان ئىقتىسادىي پائالىيەت دېمەكتۇر. «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» دېگەن گەپ بار. ئۇنداقتا، بىر ئۇچى يۈرەككە تۇتاشقان ئەنە شۇ پۇل ــ ئىقتىساد تومۇرلۇق يىكىر قىلىپ باقايلى.

كەينى ئاۋۋال تۆۋەندىكى قىسقا خەۋەرلەردىن باشلىغان تۈزۈك: «نەچچە قېتىملىق ئىقتىسادىي بوھراندىن مۆجىزىلەرچە ئامان قالغان، 158 يىللىق شانلىق تارىخى بار، ئامېرىكىنىڭ سېلىنما بانكىسى ساھەسىدە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ‹لېھمان ئاكا ـ ئۇكىلار شىركىتى› بۇ يىل 16 ـ سېنتەبىر ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى.»

«بۇ يىل مايدىن بۇيان روسىيىنىڭ پاي چېكى بازىرى كۆرسەتكۈچى50 پىرسەنتتىن ئارتۇق چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن روسىيە باش مىنىستىرى پۇتىن پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئوبوروتىنى قوللاش ئۈچۈن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 150 مىليارد رۇبلى، مەركىزىي بانكىنىڭ 325 مىليارد رۇبلى ئاجراتقانلىقىنى ئېيتتى.»

«پاكىستان پاي بازىرى كۆرسەتكۈچى ئۈچ ئاي ئىچىدە شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ 40پىرسەنت چۈشۈپ كەتكەچكە، زىيانغا چىدىمىغان پايچىكلار 18 ـ ئىيۇل كاراچى ئاكسىيە بىرژىسىنى ۋە شۇ ئەتراپتىكى بانكىلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى چېقىپ چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى.»

«جۇڭگو پاي بازىرى كۆرسەتكۈچى بۇلتۇر 16 ـ ئۆكتەبىردىن بۇيان شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ 70پىرسەنت چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.»

«ياپونىيە باش ۋەزىرى تارائاسو ئاۋام پالاتانىڭ خامچوت كومىتېتى يىغىنىدا بۇ قېتىمقى دۇنياۋى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى كرىزىس 1929 ـ يىلى كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي كرىزىسقا ئوخشاشلا ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئامېرىكىدىن باشقا، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرمۇ بۇ قېتىمقى كرىزىسنىڭ تالاپىتىگە ئۇچرىدى. ياپونىيىمۇ ھەم

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

www.uyghurkitap.com

شۇنداق. شۇڭا ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلىسى خۇسۇسىدا قوللىنىدىغان كارغا كېلەرلىك ئامال ـ چارىلەر ئۈستىدە جىددىي ئىزدەنمىسەك ھەرگىز بولمايدۇ. »

«4 ـ ئۆكتەبىر ئامېرىكا پارلامېنتى 700 مىليارد دوللار مەبلەغ ئارقىلىق پۇل مۇئامىلە بازىرىنى قۇتقۇزۇش لايىھىسىنى ماقۇللىدى.»

«ئىسلاندىيە باش مىنىستىرى گېيىر ھىلمېر خاردى 6 ـ ئۆكتەبىردىكى جىددىي باياناتىدا ئاۋام پۇقرانى ئېلىمىز بۇ قېتىم ئۇچرىغان كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئىقتىسادىي زىيان ۋەجىدىن ھالاك بولۇش گىرداپىغا بېرىپ قالدى، دەپ ئاگاھلاندۇردى ۋە باشقا ئەللەردىن ئىقتىسادىي ياردەم سورىدى.»

«يېقىندىلا تېخى روزا ھېيت قاينام ـ تاشقىنلىقىغا چۆمگەن ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى پاي چېكى بازارلىرى ھەددىدىن زىيادە كاساتچىلىققا يۈزلەندى. سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ پاي چېكى بازىرىدا پاي كۆرسەتكۈچى ئۇدا ئىككى كۈن ئون پىرسەنت، مىسىردا 16.4 پىرسەنت چۈشتى. بۇ ھال ئەزەلدىنلا باياشات ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى ھەيران قالدۇردى.»

«13 ـ ئۆكتەبىر فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىنى ئاساس قىلغان ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بەس ـ بەستە بانكا ساھەسىنى قۇتقۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەللەرنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە خارابلىشىۋاتقان بانكا سىستېمىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 2 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.»

«جۇڭگو دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى لى شياۋچاۋ 20 ـ ئۆكتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ: ‹بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يەرشارىلاشتۇرۇش مەنزىلىگە قاراپ دادىل قەدەم بېسىۋاتقان جۇڭگوغىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى› دېدى...»

بۇ قېتىمقى دۇنياۋى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىگە ئائىت قىسقا خەۋەرلەرنى كۆرۈپ چىقتۇق. خوش، ئۇنداقتا كرىزىس نەدىن كېلىپ چىقتى؟ ئۆزىنى دۇنياۋى ئەركىن ئىقتىسادنىڭ خوجىسى ھېسابلايدىغان ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى كاساتچىلىقنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بۇنىڭ مەنبەسىنى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، سىياسىي تۈزۈلمىسىدىن ئىزدەش مۇمكىن.

ئامېرىكا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەدرىجىي جۇغلىغان ئىقتىساد، تېخنىكا ئەۋزەللىكى ئارقىلىق تېزلا دۇنيادا ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور دۆلەتكە ئايلاندى. نەتىجىدە ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال يۈزلىنىشى پۈتكۈل يەرشارى ئىقتىسادىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بوپقالدى. يېقىنقى مەزگىللەردىكى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»، ئافغانىستان ۋە ئىراق ئۇرۇشى قاتارلىقلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە چىقىمىنى شىددەت بىلەن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايلا ئىجرا قىلىنغان «ئىككىلەمچى قەرز سىياسىتى» ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنى چېكىندۈرۈپلا قالماي، دۇنيا پۇل مۇئامىلە بازىرىغىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرى بۇ قېتىمقى زور كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ زادى كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىساد ساھەسىدىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەسئۇلىيىتى بار. ئەلۋەتتە، رەئىس جۇمھۇر جورجىي ۋولكېر بۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر. بۇش گەرچە ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى MBA (سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ماگىستىرى) سالاھىيىتى بار رەئىس جۇمھۇر بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كاللىسىدىن گۇمانلانماقتا. ئۇ قوزغىغان «ئىراق ئۇرۇشى»، «ئىككىلەمچى قەرز سىياسىتى» ئۇنىڭ ئامېرىكا تارىخىغا قوشقان ئىككى چوڭ «تۆھپە»سى بوپقالدى.

«ئىككىلەمچى رەنىلىك قەرز سىياسىتى» قانداق پەيدا بوپقالغان؟ ئۇ قانداقسىگە پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى باش ئامىللارنىڭ بىرى بوپقالدى؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتىنى (بۇ باشقا دۆلەتلەردىمۇ، جۈملىدىن جۇڭگودىمۇ مەۋجۇد) بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىناۋەتلىك قەرز ـ مۇقىم مال ـ مۈلكى، خىزمىتى ۋە مائاشى بارلار بەھرىمەن بولالايدىغان، بانكىدىن قەرز ھېسابىدا پۇل ئېلىپ خەجلەيدىغان بىر تۈرلۈك بانكا مۇلازىمىتىدۇر. ئىناۋەتلىك قەرزدىن بەھرىمەن بولغۇچى بانكىلاردىن قەرز ئېلىپ ئۆي، ماشىنا سېتىۋالالايدۇ؛ جىددىي پۇل لازىم بوپقالغاندا ئىناۋەتلىك كارتا ئارقىلىق نېسىي ئىستېمال قىلىپ كېيىن پۇل تاپقاندا، مائاش ئالغاندا تۆلەپ قويسا بولۇۋېرىدۇ؛ ئىناۋەتلىك قەرز ئامېرىكا تۇرمۇشىدا بەكمۇ ئومۇملاشقان. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىدىن تارتىپ ماشىنىلىرىغىچە، ئىناۋەتلىك كرېدىت كارتىسىدىن تېلېفون كارتىسىغىچە ھەممە يەردە مۇنداق ئېلىم ـ بېرىمنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا نەق پۇل تۆلەپ تاۋار سېتىۋالىدىغانلار ناھايىتى ئاز. قىسقىسى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ چۈشەنچىسىگە كىرمىگەن پۇلنى ئالدىن خەجلەش، نېسى ئىستېمال قىلىش ئىدىيىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، پۇل بولمىسىمۇ ئاۋۋال تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ، ئاندىن قەرز تۆلەيدۇ. ئېشىنچا پۇلغا ھەرخىل ئاكسىيە سېتىۋېلىپ پۇلدىن پۇل ئۈندۈرۈشنى ئويلايدۇ. دېمەككى، ئامېرىكىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشى بانكىغا قەرزدار. بانكىغا كېلىدىغان پايدىمۇ، بېسىممۇ ئېغىر. ئەگەر ئىقتىسادتا كۈچلۈك داۋالغۇش كۆرۈلسە قەرزدارلار قەرزىنى تۆلىيەلمەي قالىدۇ ـ دە، بانكىلار دەرھال ئېغىر كرىزىسكە پاتىدۇ. ئامېرىكا چوڭ دۆلەت. ئۇ، پۇرسەت، تەۋەككۈلچىلىك، خەتەرگە تولغان دۇنيا (مەن بۇ يەردە بازار، ئىقتىسادنى كۆزدە تۇتتۇم).« 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپلىمىلەرچە ئۇرۇش قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىشتەك مەغلۇبىيەتلىك سىياسىي ئەندىزىسى تۈپەيلى ئىقتىساد ئىزچىل چېكىنگەن؛ تەرەققىيات، قۇرۇلۇش، پاراۋانلىق، سودا، مۇلازىمەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەك بولغان غايەت زور مەبلەغ ئوتتۇرا شەرق ھەم ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ۋە ئەسكەر بېقىشقىلا ئېقىپ كەتكەن؛ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق كۈچەيگەن؛ ئىشسىزلىق نىسبىتى تېخىمۇ ئۆرلىگەن؛ ئىش تېپىش

قىسىلاشقان: مۇقىم كىرىم كاپالىتى يوق مۇنداق پاسسىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىتتا بانكىلاردىن ئىناۋەتلىك قەرز ئېلىش تەسلەشكەن... دەل مۇشۇ مەزگىلدە بانكىلار ئىككىلەمچى رەنىلىك قەرز سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. يەنى، ئەسلىدە بار بولغان ئۆينى (بەلكىم بانكىدىن قەرز ئېلىپ سېتىۋالغان، قەرز پۇلى تېخى تۈگىمىگەن بولۇشى مۇمكىن) رەنىگە قويۇپ يەنە قەرز ئېلىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئارتىپ كەتكەن.

بانكىلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۆي باھاسى يۇقىرى، سېتىلىشىمۇ تېز ئىدى. ناۋادا قەرز ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرالمىسىمۇ بانكا رەنىگە قويغان ئۆينى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق قەرزنى، ئۆسۈمنىمۇ چىقىرىۋالالايتتى. لېكىن ئۆي باھاسىنىڭ توختىماي چۈشۈشى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، پۇل پاخاللىقى، بانكا ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى قاتارلىق ئامىللار قەرزدارلارنى قەرزنى قايتۇرالماس قىلىپ قويدى. بانكىلار رەنىگە قويۇلغان ئۆينى ساتاي دېسىمۇ ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى، سېتىلغان تەقدىردىمۇ باھانىڭ تۆۋەنلىكىدىن قەرزنىمۇ ئوندۇرۇۋالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بانكىلارنىڭ مەبلەغ ئوبوروتى كۈچلۈك توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئامېرىكا بانكىلىرى ئەينى ۋاقىتتا پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى رەنىگە ئېلىپ قەرز بەرگەندىن كېيىن، رەنە ھۆججەتلىرىنى ھەرخىل پاي شەكلىدە ئەسلى نەرقىدىن يۇقىرى باھادا باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ساتقانىدى. بۇنداق ھاسىلىي پاي چەكلەر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئارىسىدا قولدىن- قولغا ئۆتۈپ باھاسى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنىڭغا قىزىققان ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن تەرەققىي قىلغان ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىكى شىركەت، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىمۇ بۇ خىل پاي چېكىنى كۆپلەپ سېتىۋالغانىدى. يەنى پۈتكۈل دۇنيادىكى شىركەت، گۇرۇھ، پۇل مۇئامىلە سىستېمىلىرى بىر- بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىقتىساد زەنجىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا بوران- چاپقۇن كۆتۈرۈلۈش تۈگۈل ئازراقلا شامال چىقسىمۇ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىقتىسادىدا قۇيۇن چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مانا، «ئامېرىكا چۈشكۈرسە دۇنيا زۇكامدايدۇ» دېگەن گەپ رېئاللىققا ئايلاندى. ۋال ستىرېت كوچىسىدىن باشلانغان ئىقتىسادىي بوھران پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا غايەت زور سىلكىنىش، زەربە، ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى.

ئامېرىكا چوڭ ئېكسپورت دۆلىتى، غايەت زور ئىستېمال بازىرى. ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى چېكىنىش ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تۆۋەنلەتتى. جۇڭگونىڭ نۇرغۇن مىلى ئامېرىكىغا چىقىرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى كرىزىس جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سودىسىغا ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ تەسىرىدە جۇڭگودىكى نۇرغۇن زاۋۇت- كارخانا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئازايتىشقا، سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى؛ سودا ئاقسىدى؛ ھەتتا ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىدىن نەچچە ئون مىڭى ۋەيران بولدى. دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەر خىزمىتىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن بۇ جايلاردىكى ئەسلىدىنلا ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كىرىسى تېخىمۇ چۈشۈپ، ئىش ھەققى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى. جۇڭگونىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى ئېكسپورت سودىسىنىڭ كاساتلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكى بازارلارغا تۆكمە قىلىندى. نەتىجىدە بۇ تاۋارلار دۆلەت ئىچىدىكى ئەسلىدە بار بولغان تاۋارلار بىلەن باھا رىقابىتىگە چۈشۈپ، مال باھاسى بەس- بەستە تۆۋەنلىدى. بازار- دۇكانلاردا ماللار ئېتىبار باھادا سېتىلىۋاتسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمايدىغان بوپقالدى. چۈنكى ئاۋامنىڭ يانچۇقىمۇ قۇرۇقدىلىشقا باشلىغانىدى.

بۇنىڭدىن بىز بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. جىمى نەرسىنىڭ يەرشارىلىشىشى بىزگە جاھاننىڭ يىراق بۇرجىكىدىكى ئۆزگىرىش، داۋالغۇشنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاشلا تېتىماقتا. بىز ئاسىيانىڭ يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا تۇرۇپمۇ ئامېرىكا، ياۋروپادىكى ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئەندىشە قىلماقتىمىز. ئۆي- مۈلۈك سودىسى ئاقسىدى. ئۆي باھاسى پەيدىنپەي چۈشۈپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئاستىلىدى. نەتىجىدە قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك پولات- تۆمۈرگە بولغان ئېھتىياج ئازلاپ، پولات- تۆمۈر سودىسىنى ئاقساتتى. پاختا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئازلىدى. پاختىغا بولغان ئېھتىياج تۆۋەنلىدى. پاختا باھاسى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك چۈشتى. ھەتتا ھەر كىلوگرامىدا ئىككى -ئۈچ يۈەندىن تۆۋەنلەپ، كېۋەز تېرىغۇچى، بىر يىللىق تۇرمۇشىنى پاختا پۇلى ئارقىلىق قامداش ئىستىكىدە يۈرگەن ھېسابسىز جاپاكەش دېھقانىنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى نېسىگە ئېلىپ تۇرۇپ تېرىغانىدى. پاختا پۇلىدا ھەممە قەرزنى قايتۇرماقچى، بىچارە خوتۇن- بالىلىرىنىڭ ئۈستىۋېشىنى يېڭىلىماقچى، كۆمۈر ئالماقچى، يېتىپ كېلىۋاتقان قۇربان ھېيتىنى ياخشىراق ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. مانا ئەمدى قاچىسىغا توپا چۈشتى. شۇنچە ئاپئاق، پاكىز پاختا سامان نەرقى، ھەتتا ئەرزان ئالىدىغانىمۇ بەزى يەرلەردە تۈزۈك ئادەم يوق...

نيۇ- يوركتىكى دۇنيا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ يۈرىكى بولغان ۋال ستىرېت كوچىسىدىن باشلانغان بۇ قۇيۇن دۇنيادىكى ھەربىر ئائىسىيە بازىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچراتتى. جۇڭگو بۇ يىل ئۇنىڭسىزمۇ تارىختا ئاز كۆرۈلگەن قار، يەر تەۋرەش قاتارلىق ئېغىر ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى؛ شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدىمۇ 29- نۆۋەتلىك دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلدى. ئولىمپىك مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن ۋە ئۈمىدكە تولغان چوڭ- كىچىك پايچىكلەر، فوندچىلار ھالسىرىغان پۇل مۇئامىلە بازىرىغا ئۈمىد بىلەن قارىغانىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «سەنلۇ (ئۈچ بۇغا) ۋەقەسى» چىقتى- دە، جۇڭگونىڭ يېمەك- ئىچمەك، بولۇپمۇ يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. سۈت پاراشوكىدىن مېلامىن بايقىلىشى، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى

www.uyghurkitap.com

بازىرىغىلا ئەمەس، ئېكسپورت سودىسى، پۇل مۇئامىلە، ئاكسىيە بازىرىغىمۇ ئېغىر توسالغۇ ئېلىپ كەلدى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ پارتلىشى بىلەن جۇڭگو ئاكسىيە بازىرى نۆۋەتتە بىر ئۆسۈپ، ئىككى چۈشۈشتەك داۋالغۇش ئىچىدە تۇرماقتا. بىزدىمۇ ئىقتىسادىي كاللىسى ئويغىنىپ، باشقا ئەل ـ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تاپقان پۇلىنى بانكىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلەنمەي، ئاللىقانداق فوند ياكى پاي چېكى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئارقىلىق مەبلىغىنى نەچچە ھەسسە دوملىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر بۇ بىر ـ ئىككى يىل مابەينىدە ئاكسىيە بازىرىغا قەدەم باسقانىدى. بۇ قېتىمقى كرىزىس ئۆز نۆۋىتىدە ئاكسىيە بازىرىغا ئەمدىلەتىن قەدەم قويۇۋاتقان ئۇيغۇرلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى پۇل مۇئامىلە بازىرى تازا ئاۋات ئىدى. ئۇ چاغدا ئىقتىسادمۇ تازا گۈللەنگەنىدى. ئۆي ـ زېمىن باھاسىمۇ، پاي چېكى ـ فوند باھالىرىمۇ تېز ئۆرلەۋاتقانىدى. فوند ـ پاي چېكى بازىرىدىكى كۆتۈلمىگەن ئۆسۈش ـ چۈشۈشلەر ئالدىن مۆلچەرلەنمىگەن بۇنداق ئەۋزەل شارائىت كىشىلەرنى ئاسانلا بىخۇدلاشتۇرۇپ، كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئەقلىنى كېسىپ قويىدۇ. لېكىن ئىقتىساد ساھەسىدىكى بۇ قېتىمقى بوران ـ چاپقۇندا مەيلى پىشقان كەسىپ ئەھلىلىرى بولسۇن، ياكى يېڭىدىن ئىش باشلاپ بۇ قاينامغا كىرگەنلەر بولسۇن زىيانغا ئۇچرىغانلار ئاز بولمىدى. قىسقىسى ئىقتىساد ئېڭى، بازار ئانالىزىنىڭ تايىنى يوق، جاھان رەپتارى بويىچە جىممىدە ياشايدىغان ئاددىي ئادەملەرلا ئەمەس، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە جەھەتتە قاقۋاشلاردىن سانىلىدىغان پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى كاتتىلار، نوپۇزلۇق شەخسلەر، داڭدار بايلاردىن تارتىپ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىقتىساد پەنلىرىدىكى دوكتور، پروفېسسورلار، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىلىرىنىڭ ئىقتىساد قانىلىنىڭ تەكلىپلىك ئانالىزچىلىرىغىچە ھەممىسى زىيانغا ئۇچرىدى، ھەتتا بازارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

بۇ قېتىمقى دۇنيا مىقياسلىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ زەربىسى ئىقتىسادىي تەسىردىن ھالقىپ، كىشىلەردە پسىخىك بېسىم ۋە ئەندىكىش سۈپىتىدە بەكرەك خاراكتېرلەندى. بۇ خىل ئېغىر زىيان، بېسىمغا تېخىمۇ قاتتىق، بىمەنە ئۇسۇل بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئەخمىقانە پاجىئەلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بىز ئامېرىكا، ياۋروپادا قەرزگە پېتىپ زىيان تارتىپ، ۋەيران بولۇپ ئۆلۈۋالغۇچىلار سانىنىڭ خېلىلا چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىلىپ تۇردۇق. ئالايلى، ئامېرىكىنىڭ لوس ئانجېلىس شەھىرىدە 6 ـ ئۆكتەبىردە ھىندىستانلىق كۆچمەن، 45 ياشلىق كارسىك راجارام ئالدى بىلەن ئايالى، باللىرىنى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. پاي چېكى بازىرى ۋە ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىدا ناھايىتى ئوبدان پايدا ئېلىپ كەلگەن كارسىك بۇ قېتىملىق كرىزىستا نۇرغۇن يىلدىن بېرى توپلىغان مەبلىغىدىن، بوغالتىرلىق خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان، ھەتتا گەدەنگىچە قەرزگە پاتقانىدى. «ئەسلى ئۆزۈملا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاشقان. ئۇنداق قىلسام خوتۇن ـ باللىرىم مەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرچىلىقتا قالغۇدەك. شۇڭا بۇ رەزىل دۇنيادىن ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشنى تاللىدىم.» مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى قالدۇرغان خېتى. قىينچىلىق ھەرقانداق ئادەمگە پسىخىك بېسىم پەيدا قىلىدۇ. لېكىن ساغلام روھ ـ ئېتىقادتىكى ئىنسان قىينچىلىققا مۇنداق تېخىمۇ بىمەنە ئۇسۇل بىلەن ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. ئۇ بەلكىم پايدا ئالغاندا بۇ ئالەمنى شۇنچە گۈزەل، ئۆزىنىمۇ قالتىس ئىقتىدارلىق دەپ ئويلىغان، ئىشەنگەن بولغىيتتى. جەبىر ـ جاپا باشقا كېلىپ بولغۇچە دۇنيانى رەزىل، ئىپلاس، ئادالەتسىزگە، ئۆزىنى يارىماس، كېرەكسىزگە چىقىرىۋېتىش ساغلام روھتىكى بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس. بىز ئۇنىڭغا كەلگەن زور يوقىتىشقا ھېسداشلىق قىلىمىز، لېكىن ئۇنىڭ قىينچىلىق ئالدىدا كۆرسەتكەن مۇنداق زەئىپانە ئىنكاسىغا نەپرەتلىنىمىز.

نىھايەتكى، مەن تېخى بىرەر ئۇيغۇرنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن بېسىم، زىيانغا مۇنداق ئەخمىقانە ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. لېكىن بىزنىڭ پايچىكلىرىمىز ۋە فوندچىلىرىمىزدىمۇ بەزىبىر پسىخىك مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەتراپىمدىكى ۋە ئۇيغۇر ئىقتىساد تورلىرىدىكى پۇل مۇئامىلە بازىرىدا زىيان تارتقان كىشىلەرنىڭ ھەسرىتىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، بۇ بازاردىكى بوران ـ چاپقۇننىڭ قېرىنداشلىرىمىزغا خېلىلا پسىخىك بېسىم ۋە مەسىلە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ سودىغا كىرىشكەن بىزدىكى كۆپلىگەن كىشى تېخى بۇ سودىغا خام ۋە ياكى يېڭى ئىش باشلىغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى. ئۇلار ئىشلەپ نەچچە يىلدىن بېرى مىڭبىر جاپادا يىغقان پۇلىغا، ھەتتا بەزىلەر قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەر، خىزمەتداشلىرىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ ياكى ئۆيلىرىنى رەنىگە قويۇپ بانكىدىن قەرز ئېلىپ پاي چېكى ــ فوند سېتىۋالغان. مانا ئەمدى دەسمايىنىڭ نۇرغۇن قىسمىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئائىلىدىكى ئىقتىسادىي ئۆزۈكچىلىك، قەرز ئىگىلىرىنىڭ سۈيلىشى، بانكا قەرزىنىڭ بېسىمى بۇ سودىدا زىيان تارتقان ھەربىر كىشىنى ھەرخىل روھىي بېسىم ــ ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەمگە زىيان ئاچچىق ـ تە! «ئەمدى قانداق قىلىمەن، تۈگەشتىم، ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم.» مانا بۇ بەزىلەرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى؛ «ھەممىنى قىلغان ئاشۇ، مېنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرغانمۇ، يول كۆرسىتىپ دەيدىغان سالغانمۇ شۇ. ‹بىر بالاسى بولمىسا، قويرۇق ياتامدۇ تاشتا›دەپ، بىلەتتىم ئۇنىڭ كەينىگە كىرگەننىڭ پوق يەيدىغانلىقىنى.» مانا بۇ بەزىلەرنىڭ زىيان تارتقاندىكى كىملەردىندۇ ئاغرىنىشى؛ «ئابرويۇم قالمىدى، قەرز سورىمىغان ئادىمىم قالمىغانىدى، باشقىلار ئالدىدا پۇنى چوڭ ئېتىۋېتىپتىكەنمەن، ھەي ي...» مانا بۇمۇ زىياندىن كېيىنكى قەرزدارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان غايەت زور پسىخىك بېسىم. بۇنداق ئېغىر بېسىم، قايغۇ ـ ھەسرەتلەر بىرلىشىپ زىيان تارتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمى، روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزدى. ئادەتتە پسىخولوگىيىدە مۇنداق بېسىمنىڭ ئۇڭايلا مىجەز قوداڭشىش، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، ئىشلاردىن رايى قايتىپ كېتىش قاتارلىق بىنورماللىقنى پەيدا قىلىپ، ئىشتىھاسىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق، تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلۇش، ھەتتا نېرۋا خاراكتېرلىك تۇرلۇك كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەتراپىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر كىشىلەردە مۇنداق پىسخىك بېسىمنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. شۇكرىلەركى، بىزلەرنىڭ ئەقىدە- ئېتىقادلىق، مىجەزى ئوچۇق، مېھماندوست، ئويۇن- تاماشىغا ئامراق، هال- مۇڭغا خۇشتار، چاقچاقچى، ئۆزىدىكى پىسخىك بېسىم ۋە روھىي توسالغۇلارنى پەسەيتىشنى، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشنى بىلىدىغان خەلق بوپقالغىنىمىز: هەرقانچە ئېغىر كۆلپەت كەلسىمۇ يەنىلا هاياتقا مۇھەببەت، چىدام، غەيرەت، ئۆلمەس ئېتىقاد بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان ئادەملەردىن بوپقالغىنىمىز...

پۇل مۇئامىلە كرىزىسى نۇرغۇن كىشىنى ئېهتىياتچان، تېجەشلىك، سەگەك قىلدى. ئىسپانىيىدىكى نۇرغۇن ياش ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنى قايتۇرۇۋېتىپ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. سۇسلىشىپ كەتكەن ئائىلە مېھرى، ئاتا- بالا مۇناسىۋىتى چىڭىدى؛ ئورتاق پاجىئە، ئوخشاش غەم- غۇسسە ياتلىشىپ كەتكەن قېرىنداش، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلىكنى كۈچەيتتى. كىشىلەر ساياهەت، كۆڭۈل ئېچىش، قىممەت باهالىق زىبۇ- زىننەت، يېڭى ئۆي جاهازلىرى ۋە يېڭى كىيىم سېتىۋېلىشتا زۆرۈر ئېهتىياجدىن باشقا چىقىملارنى ئامالنىڭ بارىچە تېجەشكە قىلىشقا باشلىدى. ياۋروپادىكى نۇرغۇن كىشى بۇرۇنقىدەك قىممەت باهالىق ئورگانىك كۆكتات سېتىۋېلىشتىن ئەرزان كۆكتات سېتىۋېلىشقا يۈزلەندى. دۇنيا بويىچە قىممەت باهالىق بۇيۇملار (ئالماس، داڭلىق ماركىلىق مەهسۇلاتلار)نىڭ سودىسى ئومۇمىيۈزلۈك كاساتلىششقا يۈزلەندى. خوتەن قاشتېشى سودىسىنىڭمۇ سۇسلاشقانلىقى مەلۇم.

بىزدىكى نۇرغۇن كىشى خەلقئارادىكى بۇ غايەت زور ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تەهدىتىنى بەك ئېنىق هېس قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. توغرا، بىز هازىرچە ئۇنچىۋالا خەتەرلىك ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىققا ئۇچرىمىدۇق. لېكىن خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر زەنجىرسىمان باغلىنىشلىق سىستېما. زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى سىلكىنسە يەنە بىر ئۇچىمۇ تەۋرىنىدۇ. ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ، دەپ هېچكىم هۆددە قىلالمايدۇ. شۇڭا ئېهتىيات قىلماي، سەگەك، تۈيغۇن، تېجەشلىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە سالماق، تەمكىن پىسخىك هالەت هازىرلىماي بولمايدۇ.

هازىر بۇ كرىزىسنىڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتى ئاساسەن ئۆتۈپ كەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ بۇ يىللىق ۋە كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي ئېشىش نىسبىتى 9.7 پىرسەنت ۋە 9.3 پىرسەنت بولىدىكەن. بۇ، ئۆتكەن يىلدىكى سۈرئەتتىن ئاستىلىغان بولسىمۇ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە قارىغاندا تېز بولىدىكەن.

ئىشەنچ— كاپىتال بازىرىنىڭ ئاساسى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي كاساتچىلىق مەزگىلىدە ئامېرىكا رەئىس جۇمهۇرى فرانكلىن روزۋېلت: «پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى تەڭشەشتە پۇل ۋە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بىر ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ— خەلقنىڭ ئىشەنچى» دېگەنىكەن.

ئارقىمۇ- ئارقىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان بازارنى قوتقۇزۇش تەدبىرلىرى ۋە سالغان مەبلەغلەر، هەرقايسى دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىلىرىنىڭ ئاساسىي ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئوخشاش ماكرولۇق تەدبىرلىرى ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەردە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئۈمىد پەيدا قىلماقتا. لېكىن ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئەنگلىيە مەركىزىي بانكىسىغا ئوخشاش بىر يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم چوڭ كۆلەمدە چۈشۈرۈلۈشى (يەنى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن ئۆسۈم نىسبىتى كۆرۈلدى) يەنە كۈتمىگەن يېڭى تەهدىتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئۆسۈم نىسبىتى چۈشسە قەرزدارلارنىڭ يۈكى يېنىكلەيدۇ. لېكىن يامان يېرى، بانكىدىكى زاپاس مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ- دە، ئايلانما مەبلەغنىڭ تۇيۇقسىز كۆپىيىشىنى، مەبلەغنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى هەربىر ئامىل زەنجىرسىمان باغلانغان. ئۇلار ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر ئامىل يەنە بىر ئامىلنىڭ سەۋەبى ۋە شۇنداقلا نەتىجىسى بوپقالىدۇ. پۇل پاخاللىقى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمدى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئېغىرمۇ چوڭ بولغان پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، مۇتەخەسسىسلەر مەسىلىنى هەل قىلغاندا سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئويدان ئويلىشىپ، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىدۇ. لېكىن دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى مەلۇم بىر تەڭلىمىگە سېلىپ، رېتىملىق باشقۇرۇش مەلۇم بىر ئورگان ياكى دۆلەتنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. دۇنيانىڭ ئىشلىرى هەممە ئىنساننىڭ ئورتاق باش قاتۇرۇشى، ئىلمىي، ساغلام ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىلىقلا ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىدۇ.

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئالىي مۇئاۋىن باشلىقى، ئىقتىسادشۇناس لىن يىفۇ: «جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تۆت تىرىليون خەلق پۇلى بىلەن مالىيىنى قوللاش پىلانى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن 9 - 8 پىرسەنتكىچە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ يەرشارى ئىقتىسادىغا قوشقان چوڭ تۆهپىسى» دېدى. ئەلۋەتتە بۇ، جۇڭگو ئۈچۈنلا ئەمەس، خەلقئارا ئىقتىساد ئۈچۈنمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ياخشى يۈزلىنىش.

مەيلى بۇ قېتىمقى ئىقتىسادىي بوران- چاپقۇن تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتسۇن ياكى كۆرسەتمىسۇن، دۇنيا تىنچ بولسا بىزمۇ تىنچ بولىمىز، تەرەققىي قىلسا بىزمۇ تەرەققىي قىلىمىز. «كېمىگە چىققانلارنىڭ ئۈمىدى بىر» دېگەنىدەك، هەممىمىز يەرشارى ئاتلىق بۇ غايەت زور كېمىگە چىققۇچىلارمىزغۇ ئاخىر. هەممىمىز سەگەك ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە چۈشەنچە بىلەن قوراللانغىنىمىز تۈزۈك. ئورۇنسىز، قالايمىقانچىلىقتىن؟ قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ئارقىنا ئىقتىسادىمىزدىن ئايرىمىغاي، ئىلاهىم.

---

ئاپتور: تېببىي پىسخولوگىيە ماگىستىرى(M3)



# «تۇغۇتتا ئۆلگەن» قازانلار

(فېلىيەتون)

**ئابدۇرەھىم ھەكىمى**

21-ئەسىر ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ كۆپ يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بىزدەك جاھاننىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدا بىكىنمە ھالەتتە ياشاۋاتقان «قۇدۇق پاقىلىرى»غا نىسبەتەن بۇ خىل يېڭىلىقلار خۇددى بىر چوڭ مۆجىزىدەك تۇيۇلۇپ، ھەممىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. مانا قاراڭ، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، پۇل مۇئامىلە تاللا بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، پۇقرالارنىڭ پاي چېكى ئوينىشى، فوند سېتىۋېلىپ باي بولۇشى، ئىنتېرتورىدا مۇھەببەتلىشىش، مال سېتىۋېلىش... قاتارلىقلار ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇخلىساق چۈشىمىزگە كىرمەيدىغان ئىشلار ئىدى. مانا بۇلار ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە تۆت ئادەم بىر يەرگە كەلسەك: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئائىلەڭلار تىنچ-ئامانمۇ؟» دېگەننىڭ ئورنىغا: «فوند سېتىۋالدىڭلارمۇ؟ قايسى تۈردىن ئالدىڭلار؟ قانچە پۇللۇق ئالدىڭلار؟» دېگەندەك دىققەت مەركىزىدىكى ئىشلاردا سۆزلىشىدىغان غەيرىي رەسمىي ئادەت شەكىللەنگەنتى. ئۇ چاغدا فوند سېتىۋالغانلار، سېتىۋالغاندىمۇ قانچە كۆپ سېتىۋالغانلار ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلايتتۇق. فوند سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتمىگەنلەر، ھەممىدە پۇلى بولسىمۇ فوند سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالماي پۇلىنى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە بانكىدا ئامانەت قويغانلار ۋەياكى زايوم سېتىۋالغانلار بىچارە، نامرات، زاماننىڭ كەينىدە قالغانلار سانىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن بەزىلەر پايدا قوغلاشسا، يەنە بەزىلەر مودا قوغلىشىپ، ئېشىنچا پۇللىرىنى بانكىدا قەرەللىك ئامانەت قويغانلار ئامانىتىنىڭ قەرەلىنى بۇزۇپ ئېلىپ، ئارتۇقچە پۇلى يوقلار تېخى ئالمىغان مائاشىنى بانكىغا رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىپ، ھەتتا بەزىلەر ئالتۇن جابدۇق، ئۆي-زېمىنلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ فوند سېتىۋالدىغان دولقۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدا بۇگۈن سېتىۋالغان فوندنىڭ باھاسى ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆسۈپ تۇرغانتى.

«ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن باشلاپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان بۇ جىلۋىگەر سەتەڭگە بىراقلا كۆز تەگدى. فوندنىڭ باھاسى كۈنسېرى چۈشۈشكە باشلىدى. ياق، داۋاملىق چۈشۈۋەرمىدى، ئەكسىچە، ئارىلاپ ئۆسۈپمۇ قويدى. لېكىن ئۆسكىنى چۈشكىنىگە دال بولالمىدى. خۇددى ئون قېتىم ئالغان تاھارەت بىر قېتىملىق ئوسۇرۇقتا سۇنغاندەك.

مانا، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكەنكىدەك يەنە تۆت ئادەم بىر يەرگە جەم بولساق: «فوند سېتىۋالغانمۇ؟ قانچە پۇللۇق سېتىۋالغان؟ قانچە پۇل زىيان تارتتىڭلار؟» دەپ ئەھۋاللىشىدىغان بولدۇق. ئاز سېتىۋالغانلار جىق سېتىۋالغانلاردىن ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان؛ جىق سېتىۋالغانلار ئۆزىنى ھاماقەت چاغلايدىغان؛ پەقەت سېتىۋالمىغانلار ئۆزىنى ھەممە ئىشنى ئالدىن كۆرەر دانىشمەن ھېسابلايدىغان بولدى.

مۇشۇ يېقىندا فوندنىڭ غەيۋەتتى تازا قىزىغان بىر سورۇنغا داخىل بوپقالدىم. سورۇندىكىلەر ئوتتۇز يىل بانكىدا ئىشلەپ يېقىندا ئارامغا چىققىنىمنى ئۇقۇپ، كۆڭلىدىكى مۇجمەل قاراشلارغا مەندىن توغرا جاۋاب ئالماقچى بولۇشۇپ سوئال-سوراق دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى:

— فوند دېگەن ئەسلي پۇقرالارنىڭ قولىدىكى پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن قۇرغان قىلتاقمىكىن دەيمەنغۇ؟

— بەزى فوند شىركەتلىرى پۇلىمىزغا ئامېرىكىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋاپتىكەن دەپ ئاڭلايمىز، بۇ راستمۇ؟

— بەزى فوند شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى مەبلەغنى يۆتكەپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىشلارمۇ بارمىشقۇ؟

— ...؟

مەن بىرنېمە دەپ بۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىمىسام، ئۇلاردىن تېخىمۇ يامان گەپلەر چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. پۇقرالار زىيان تارتقان فوند شىركەتلىرىنى ئاقلاپ گەپ قىلاي دېسەم، مېنىڭ دەردىممۇ شۇ تاپتا ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ غۇلغۇلىسىنى كۆلكىگە يۆلەپ ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدۇم.

— ئاغىنىلەر ، مەن فوند بازىرى ۋە بىز زىيان تارتقان فوند شىركەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە سىلەر قانائەتلەنگۇدەك بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمەن. بىراق سىلەر مەندىن سوراپ قالدىڭلار، شۇڭا مەن سىلەرگە ئەپەندىمنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا دادامدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر لەتىپىسىنى دەپ بېرەي، — دېدىم.

ئۇلار شۇ ھامان مېنى نېمە دەيدىكىن، دەپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇشتى.

— بىر كۈنى، — دەپ باشلىدىم مەن لەتىپەمنى، — ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قازىنى كىچىك بولغاچقا قوشنىسىنىڭ قازىنىنى سوراپ ئاچىقىپ ئاش ئېتىپ مېھمانىنى ئۇزىتىپتۇ. كېيىن ئەپەندىم قوشنىسىنىڭ قازىنىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ كىچىك قازىنىنى سېلىپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ. قوشنىسى تاماق ئېتەي دەپ تۇۋاقنى ئاچسا قازىنىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قازان تۇرغىدەك. بۇنى كۆرۈپ قوشنىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىچىك قازاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ: «ئەپەندىم، سىلىگە بىر قازان بەرسەم، سىلى ماڭا ئىككى قازان ئاچىقىپ بېرىپتىلىغۇ؟» دېگەنىكەن، ئەپەندىم: «تەقسىر، قازانلىرى ئېغىر قاتكەن، بىزنىڭ ئۆيدە يەڭگىدى. ئىچىدىكىسى قازانلىرىنىڭ بالىسى، شۇڭا ھەر ئىككى قازان سىلىنىڭ، خاتىرجەم ئىشلىتىۋەرسىلە» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئەپەندىم قازان تۇغدۇرالايدىكەن» دېگەن گەپ پۈتكۈل يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ. ئەپەندىم بىردىنلا قازان تۇغدۇرالايدىغان كارامەت ئىگىسىگە،خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. بۇ گەپكە ئىشەنگەن نادان پۇقرالار ئۆيلىرىدىكى چوڭ قازانلىرىنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ ئۆزلىرىنىڭ قازىنىنىمۇ تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەتتا ئۆيىدىكى قازىنىنى كىچىك كۆرگەنلەر قوتاندىكى قوي-ئۆچكە، قازنىقىدىكى بۇغداي-قوناقلىرىنى سېتىپ، بازاردىن چوڭ داش قازانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىممۇ كەلگەنلىكى قازاننى قايتۇرماي ئېلىۋېرىپتۇ. قازانلار ھويلىغا دۆۋىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەپەندىم كونا قازاندىن ئىككى-ئۈچىنى چىقىپ چۆيۈنلىرىنى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇپ، قالغان قازانلارنى بىر كېچىدىلا ھارۋىغا بېسىپ بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ خەجلەپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ قوشنىلار يىغىلىپ: «قازىنىمىز تۇغدىمىكىن، ئەپەندىم؟»دەپ سوراشقانىكەن، ئەپەندىم قازان ئىگىلىرىنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ، ناھايىتى قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا: «ھەرقايسىلىرىنىڭ قازانلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر قات ئىكەن، بىراق تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق بولماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە كۆپ قازاننىڭ تولغىقى بىراقلا تۇتقاچقا ئۆزۈم يالغۇز يېتىشىپ بولالماي قازانلىرىڭلار تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى. جەسىتىنى ئېپكېتىپ دەپنە قىلىشىۋېتەرلا!...»دەپتۇ ۋە ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى قازانلارنىڭ چۆيۈن پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ، — دەپ لەتىپەمنى تۈگەتتىم.

— ۋۇي، بىز زىيان تارتقان ئاشۇ فوند شىركەتلىرىمۇ داداڭنىڭ مۇشۇ لەتىپىسنى ئاڭلاپ قالغانمۇ-يا؟ دەپ سورىدى ئارىدىن بىرەيلەن.

— فوند شىركەتلىرىنى قويمىچىمىكىنە دەپ قېلىۋاتامسىلەر-قانداق؟ — دەپ سورىدىممەن دەرھاللا.

— ياق، دەيمىزا ئەمدى شۇ.

— يولنىڭمۇ ئوڭغۇل-دوڭغۇلى بولىدۇ. «ساڭزا-قۇيماق يېگىلى كۈندە ھېيت ئەمەس»، «خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي»، «ئامەت بىلەن ئاپەت قوشكېزەك»دېگەندەك، ئوشۇقۇڭلىمۇ ھەدېسلا ئالچۇ چۈشىۋېرەمدۇ-دە. فوند سېتىۋالغان زالنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق تۇرغان ئېكراننىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى «خەتىرى بار كەسىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈڭ» دېگەن خەتنى كۆرمىگەنمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر كۈلدى، بەزىلەر يىغلىدى، يەنە بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى، يەنە بەزىلەرنىڭ...

2008-يىل 29-ئىيۇن، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: جوڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى(M2)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى: رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



# ئەقىل-پاراسەت، مەۋجۇدلۇق ۋە مەھكۇملۇق

**تۇرسۇنمۇھەممەت توختى**

ئىنسانىيەت ئۆزۈن تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى توپلاش بىلەن بىرگە، ئەقىل-پاراستى ۋە زېھني قۇۋۋىتىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۆجىزىلەرگە باي بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دۇنيانى ياراتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالەمگە يۈرۈش قىلىشى، ئاسمان-پەلەك بىنالارنىڭ زېمىن يۈزىدە قەد كۆتۈرۈشى، كلون تېخنىكىسى، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېر تورىنىڭ ئەقىلنى لال قىلىدىغان يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مىكرو دۇنيا تەتقىقاتىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر... ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا زامانىۋى بىر دۇنيانى پەيدا قىلدى. تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىدىن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە ئۆتۈشى، نۆۋەتتىكى ئاساسىي رىقابەتنىڭ ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ئىكەنلىكى، ئەقىل ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا مېڭىنىڭ غايەت زور ئىقتىدارىنى ئېچىش، هاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغىتىش ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئالىم-مۇتەخەسسىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئەڭ جەلپكار تېمىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بەھس-مۇنازىرە قىلىشىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى بۇ مەۋجۇدلۇق ۋە مەھكۇملۇقتىن ئىبارەت ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ نازۇك ۋە ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە تاقىلىدىغان، زامان تەقەززا قىلغان تەخىرسىز مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەقىلىيلىك ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەن يېڭى ئېرا ۋە ئەسىر يۇقىراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەقىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، ئەقلىي بايلىقلارنى قانداق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئەقىلنى نېمىگە، نەگە ئىشلىتىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە بەھس-مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇش– ھاياتىي كۈچىمىزنى ئۇرغىتىش، مەۋجۇدلۇق ئاساسىمىزنى مۇستەھكەملەشتىكى تەخىرسىز زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئەقىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە كېسىپ بىرنەرسە دېيىش تەس بولسىمۇ، يەنە كېلىپ ھازىرچە بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق تەبىر بولمىسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن ئەقىل-پاراسەت ھەققىدىكى ئومۇمىي تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز.

## ئەقىل دېمەك بايلىق دېمەكتۇر

ئىنسان تەبىئەتتىن ئېيتقاندا ھەرقانداق ئادەم ياشاش

## تەقدىرنىڭ تەدبىرىگە

جەريانىدا ئۆزى موھتاج بولۇۋاتقان نەرسىلەرگە ئېرىشىش، گۈزەل ھەم باياشات تۇرمۇش بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشىدۇ. ھاياتلىقنىڭ نورمال داۋام ئېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئالدى بىلەن قورساق تويغۇزۇش، تۇرالغۇ ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى دېگەندەك ئەقەللىي ماددىي نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ. بۇ خىل موھتاجلىق ھاياتلىق كۆرىشىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنى قايناق ھەم رەڭدار، زىددىيەت-توقۇنۇشلارغا دېيەرلىك تويۇنغان رىقابەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىراق، تىل ۋە تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئىنسان ۋۇجۇدىنى مۇرەككەپ ۋە چەكسىز ئېھتىياج قاتلاملىرىغا ئىگە قىلغان بولغاچقا، بىر خىل ئېھتىياجنىڭ كاپالىتى يېڭى بىر خىل ئېھتىياجنىڭ بالاغىتىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج قاتلىمى ئىنسانغا مەڭگۈ قانائەتلەنمەسلىكتىن ئىبارەت ئالغا ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئادەم ئۈزلۈكسىز ئىنكار بەدىلگە ئۆز تۇسىنى يېڭىلاپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ خىل ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىش، باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈش ، يۇقىرى نوپۇزغا ئېرىشىش، ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىش ۋە بويسۇندۇرۇشتەك شېرىن ئىستەك ھاياتلىق سەھنىسىنى كەسكىن جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ رەھىمسىزلىكى كۈچلۈكلەر تاللىنىپ، ئاجىزلار ئېچىنىشلىق شاللىنىشتەك قىسمەتتە ئەكس ئېتىدۇ. رىقابەت ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ۋۇجۇدنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغىتىپ، ئىنساننى چەكسىز تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. رىقابەت تەرەققىياتنى ئىچكى ئېنېرگىيە ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. رىقابەت قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى ئەقىل-پاراسەتمۇ شۇنچە تويغۇنلۇق ۋە قوزغىلىش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە جىسمانىي كۈچ ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلانسا، زامانىۋى جەمئىيەتتە ئەقلىي كۈچ ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىدۇ. مەيلى ئەنئەنىۋى ياكى زامانىۋى جەمئىيەت بولسۇن شەخس، مىللەت شۇنداقلا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ماھىيەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا بايلىق يارىتىش ۋە بايلىق تالىشىش كۆرىشىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بايلىق ئېڭى كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكىتىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىدىيە ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

پۇل تېپىش، ئىگىلىك تىكلەش ئالدى بىلەن مەزكۇر شەخسنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ماھارىتى، نۇتۇق قابىلىيىتى، پۇرسەت ئېڭى، ئادەم بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ۋە نازۇك ھالقىلارنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، ساپا قۇرۇلمىسى، قابىلىيىتى دېگەندەك بىر قاتار پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ھالال مېھنىتى ئارقىلىق بېيىغان، ئىگىلىك تىكلىگەن كىشىلەرنىڭ «ئەقىللىق» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئەقىلنىڭ بايلىق پەيدا قىلغۇچى ئامىل ئىكەنلىكىدە. يەھۇدىيلارنى ئالساق، گەرچە ئۇلار پۈتكۈل دۇنيا ئاھالىسىنىڭ پەقەت 0.3پىرسەنتىنى ئىگىلىسىمۇ، يەھۇدىي كارخانىچىلار پۈتكۈل دۇنيادىكى داڭلىق كارخانىچىلارنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا كىشىلەر: «دۇنيانىڭ بايلىقى يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىدا، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا» دەپ قارىشىدۇ.

ئەقىل قارىماققا ئابستراكت تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى كونكرېتنىي ئىشلاردا ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئۇيغۇر تىجارەتچى ئامېرىكىغا چىقىپ گۆشنان پىشۇرۇپ سېتىش تىجارىتى قىلغان. گەرچە ئۇنىڭ گۆشنانلىرى ناھايىتى ئوخشىسىمۇ، لېكىن سېتىۋالىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا تىجارىتى يۈرۈشمەي، ئاشخانىسى تاقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. لېكىن ئۇ بۇ سودىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمەي، نېمە ئۈچۈن گۆشنانلىرىنىڭ بازار تاپمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، بازار تەكشۈرۈش، ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلاردا ۋاقىت ئېڭىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا يولدا كېتىۋېتىپمۇ ئوزۇقلىنىدىغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال گۆشناننىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش، كۆركەم، يېيىشكە قولايلىق قىلىپ ئوراپ، ماركا چاپلاپ سېتىش قارارىغا كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تىجارىتى يۈرۈشۈپ، ئىگىلىك تىكلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلىمنى ئىگىلىك شەكلى قىلغان ئۇچۇر دەۋرىنى يارىتىپ، بىرىنچى قېتىملىق زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلار ئەمدىكى دىققەت نەزىرىنى تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان ئېچىپ پايدىلىنىشتىن ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىشقا قاراتتى. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ ئوينايدىغان رولى ئەڭ گەۋدىلىك بولغاچقا، تېخنىكا ئىقتىدارى يۇقىرى ئەقىل-پاراسەت ئىگىلىرى بىلەن، تېخنىكا ئىقتىدارى يوق، بىلىمسىز كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق پەرقى كۆرۈنەرلىك زورىيىپ كەتتى. ياپونىيە مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەنگەن دۆلەت بولۇپ، «2003-يىلى ياپونىيە كارخانىلىرى دۇنيادىكى 500كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە يەنىلا 88نى ئىگىلەپ كەلگەن. 2003-يىلى جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى تۇنجى رەت 1000ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، 1080دوللارغا يېقىنلاشقان بولسا، ياپونىيىدە كىشى بېشى كىرىمى 33077دوللارغا يېتىپ، جۇڭگونىڭ 31ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.»[1] «برازىلىيە ۋە مېكسىكىنىڭ نوپۇسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 170مىليون ۋە 100 مىليوندىن ئاشىدۇ. مىكروسوفت شىركىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بولسا ئاران 32مىڭ نەپەر بولۇپ، 2000-يىلى مىكروسوفت شىركىتىنىڭ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتى 592مىلياد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، برازىلىيىنىڭ 1998-يىلدىكى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئون ھەسسىسىگە، ئامېرىكىنىڭ 2-چوڭ سودا شېرىكى بولغان مېكسىكىنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي

www.uyghurkitap.com

سوممىسىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.1990 ـ يىلى دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئون باي ئىچىدە بىرمۇ ئامېرىكىلىق يوق بولغان بولسا، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە ئامېرىكىلىقلارنىڭ سانى ئالتىگە يەتكەن .»[2] بۈنىڭدىن، نۆۋەتتىكى بايلىق يارىتىش شەكلىنىڭ نوقۇل ھالدا تەبىئىي بايلىقلارنى بولۇشىغا ئېچىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشتەك كونا سانائەت شەكلىدىن ، بىلىم ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئەقىلنى تۈۋرۈك قىلغان يېڭىچە سانائەتلىشىش شەكلىگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان ئېچىشمۇ سىجىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كارخانىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى شىياخېچاڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىچە: « جۇڭگونىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كۆمۈر زاپىسى 190مىليارد توننا بولۇپ، ئەگەر ھازىرقى يىلىغا بەش مىليارد تونىلىق سەرپىيات بويىچە ھېسابلىغاندا ئاران 40يىلغا يېتىدىكەن. بۇ، دۇنيادا ئىشلىتىدىغان ھەر ئۈچ توننا كۆمۈرنىڭ بىر تونىسى جۇڭگودا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.»[3] قارىغاندا، ئەمدى قارا كۆچكە، قالاق يېزا ئىگىلىكىگە،ئەرزان ئېلىپ قىممىتىگە ساتىدىغان ئەنئەنىۋى سودا شەكلىگە ، تەبىئىي بايلىقلارغا تايىنىش يوللىرى ئارقىلىقلا پۇل تاپقىلى بولىدىغان زاماننىڭ ۋاقتى ئۆتكەندەك قىلىدۇ. مەيلى تىجارەت يولىنى تاللايلى ياكى كارخانا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنايلى، ئەمدىكى دىققەتنى بىلىم ئېلىشقا ، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىشقا قارىتىپ، ئىدىيىدە ئۆيغىنىش ھاسىل قىلمىغاندا قىممەتلىك پۇرسەتلەر قولدىن كېتىپ قالىدۇ. چۈنكى ئەقىل بايلىقنى پەيدا قىلغۇچى مەنىۋى ئامىل بولۇپلا قالماي، ئەقىلنىڭ ئۆزىمۇ كاتتا بايلىق بولۇپ، بايلىق يارىتىشتا ماھىيەتلىك رول ئوينايدۇ.

جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ 30يىلغا يېقىن سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنىپ، كاپىتالىست، باي ـ پومېشچىكلار يەتكۈچە كۈرەش قىلىنىپ جازالاندى، ھاقارەتلەندى، دۇمبالاندى. نامراتلىقنى شەرەپ ھېسابلاپ كاپىتالىزمنى ھارغىچە تىللاش، ئايىغى ئۈزۈلمەس تۈرلۈك سىنىپىي كۈرەش، سىياسىي كۈرەش ۋە دەبدەبىلىك شوئارلىرىمىز بىلەن كوممۇنىزمغا يەتمەكچى بولدۇق. شۇ كۈنلەردە تىجارەتتىن ئېغىز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا كىشىلەر بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيىشكىمۇ پېتىنالماي (1958 ـ يىللاردىكى ئاتالمىش «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە « ئۈچ يىل يېڭى كىيىش، ئۈچ يىل يۇيۇپ كىيىش، ئۈچ يىل ياماپ كىيىش» شوئارى تەشەببۇس قىلىنىپ. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن)، ياماق چۈشكەن كىيىم مودا بوپكەتتى. تەرەققىي تاپقان ئەللەر جۇڭگولۇقلارنىڭ تولىمۇ ساددا ۋە ئەخمىقانە قىلىقلىرىغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا تەۋرەنمەي ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. بۈگۈنكى كۈندە بىز « نامراتلىقنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەس»لىكىنى تونۇپ يېتىپ، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» كۈرىشىگە ئاتلاندۇق. تەرەققىياتقا نىسبەتەن تەلپۈنۈشىمىز ھەسسىلەپ ئېشىپ، تەرەققىياتنىڭ « چىڭ قائىدە»ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. ئەينى دەۋر تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى كىشىلىرىمىزدە پۇل ۋە بايلىققا سەلبىي نۇقتىدىن قارايدىغان، ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىغا سەل قارايدىغان خاھىشلار مەۋجۇد. « قولى يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، بۇ خىل خاھىش پۇلى يوقلارنىڭ پۇلدارلارغا نىسبەتەن ھەسەتتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.(«19 ـ ئەسىر ــ ئىمپېرىيە دەۋرى، 20 ـ ئەسىر ــ ئۇرۇش دەۋرى، 21 ـ ئەسىر ــ ئىقتىساد دەۋرى»دەپ قارىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن ) كىمنىڭ كۈچلۈك، كىمنىڭ ئاجىزلىقى ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ تەرىپىدىن بەلگىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پۇلنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرە قىلىپ يۈرۈش ئەخمىقانىلىك ھېسابلانسا كېرەك. نەچچە ئەسىرلىك جاھالەتلىك دەۋرنى غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ھالسىراپ كەتكەن خەلقىمىز شۈكۈر ـ قانائەتتىن ئىبارەت پاسسىپ جاھاندارچىلىقنى ــ ئاڭنىڭ تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئۆلۈمتۈك روھ، مەنىۋى كۈشەندىنى ۋۇجۇدىغا يىلتىز تارتقۇزۇۋالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئاڭ ۋە ئىدىيە قاراشلىرىنى يېڭى دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرماي، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى پۇرسەتلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتسە، ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ رامكا ـ چۈشەكلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل ئارقىلىق پۇل ۋە بايلىق يارىتىش كۈرىشىگە ئاتلانمىسا، كېچىكىشنىڭ تېخىمۇ ئاچچىق قىسمەت شارابىنى يۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۈكۈر ـ قانائەت ئاجىزلارنىڭ ئۆزىنى بەزلەيدىغان تەسەللىچان روھىدىن ئىبارەت. غالىبلار ھامان ئالدىغا قارايدۇ، ئارقىسىغا تولا قارايدىغان ئادەملەردىن بىرەر ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش مەزكۇر كىشىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر تېنى ساق، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولسىلا بەخت دېگەن شۇ دەپ قارايدۇ ـ دە، ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە قىممىتىنى چۈشەنمەي، بىر پۈتۈن ئۆمرىنى تولىمۇ ئاددىيلىق ئىچىدە جان باقتىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

ئۇلۇغلىرىمىزدىن : «باي بولىمەن دېسەڭ شەھەر كەز» دېگەن ھېكمەت قالغانىكەن. دەرۋەقە ئادەم بىر ئورۇندا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇۋەرسە قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك قۇدۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاسمان شۇ دەپ ياشايدىغان روھىي ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. بېكىك دۇنيا، تەكرار تۇرمۇش، ئادەت كۈچى ئىنسان تەپەككۇرىنى ئاسانلا كېرەكتىن چىقىرىدۇ. پەقەت سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىشلا تەپەككۇرنى ئۇرغۇتىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، شەھەر كەزگەن ــ دۇنيادىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر

بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاندا، چېگرا ـ توساقلاردىن ھالقىپ كەڭ دائىرىدە ئىدىيە ئالماشتۇرالىغاندا، يەرشارىنىڭ كىچىكلىشىلىگەن كۆرۈنۈشىنى ، ھەرقايسى مىللەت ، قوۋمنىڭ ئومۇمىي روھىي قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگۈدەك سەۋىيە ھازىرلىغاندا ئەقىل باشقىچە ئېچىلىپ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى يېڭى بىر نۇقتىدىن تونۇش ئىمكانىيىتىگە، ئېگىلىك تىكلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىلگىرىلىشى، ھاياتتىن ئالىدىغان ھوسۇلى نىشانغا قارىتا بولىدۇ. نىشانى يوق ئادەملەر بىر پۈتۈن ئۆمرىنى خۇددى شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۇچۇپ يۈرىدىغان قامغاقتەك ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. نىشان ئادەتتىكىچە بولسا ئۆمۈرمۇ ئادەتتىكىچە ئۆتىدۇ، نىشان ئۇلۇغۋارلاشقانسېرى ھاياتىي كۈچمۇ باشقىچە ئۇرغۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتمۇ شۇنچە نۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاڭنىڭ ماددا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى، ئەقىل ئارقىلىق بايلىق ياراتقىلى بولىدىغانلىقى ، پۇل ـ بايلىقنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلنى ئاچىدىغانلىقىدەك ئاددىي قائىدىگە چوڭقۇر ماھىيەتلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىز پەقەت بۇ خىل ھېكمەت ـ قائىدىلەرنى شۇئار تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ھەرقانچە ئىلغار ئىدىيە بولغان تەقدىردىمۇ ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىنمىسا ھەڭگىۇ قىممەت يارىتالمايدۇ.

پۇل تېپىش جاپالىق جەريان بولۇپ، پۇلنى قانداق تېجەش، قانداق خەجلەش، نېمىلەرگە ئىشلىتىش مەسىلىسى تېخىمۇ كۆپ ئەقىل تەلەپ قىلىدۇ. ئىسراپچىلىق، بەتخەجلىك، ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چېلىش ــ نادان، شۆھرەتپەرەس كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشتىكى ساختا دەبدەبىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل روھىي ھالەت « قۇل ئات مىنسە چاپمىغان دۆڭى قالماس، دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆيى» دېگەندەك، ساپاسىزلىق ۋە روھىي جەھەتتىكى ئاچلىقنىڭ يېگىمچە شەكىلدە ئىپادە قىلىنىشىدۇر. مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرغىنىدەك، ھەقىقىي پۇلدارلار كەمتەر، كېبىرسىز كېلىدۇ. تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇپ، ئاددىي ـ ساددىي تۇرمۇش ئۆچىدىن مەنە ئىزدەشنى بىلىدۇ. دۇنيادىكى بايلارنىڭ رەت تەرتىپىدە ئۇدا 14قېتىم 1 ـ لىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان « دۇنيا كومپيۇتېر شاھى»، ئامېرىكىلىق كاتتا باي ھەم ساخاۋەتچى بىل.گېيتسنىڭ گەرچە 100مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن پۇلى بولسىمۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى تېجەشلىك بولۇپ، ئەدناسى پىكاپنى توختىتىشقا توغرا كەلسە ئەرزانراق ماشىنا توختىتىش ئورۇنلىرىنى نىشانلايدىكەن، ئوزۇقلىنىشىمۇ ئادەتتىكىچە ئىكەن. شۇڭا ئۇ بىرقىسىم ئامېرىكىلىقنىڭ نەزىرىدە « بېخىل» ھېسابلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە 20نەچچە مىليارد دوللار پۇلنى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئايىماي سەرپ قىلغان بۇ كاتتا باي نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتا شۇنچە تېجەشلىك؟! ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىزگە نىسبەتەن نەچچە ئون ھەسسەيۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسراپچىلىقنى مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ؟ ئىشتىھاسىغا تۇشلۇق تاماق بۇيرۇتماي ئاشۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتسا ئەڭ ئېغىر ئالىدۇ. بۇ خىل رېئال مەسىلىلەرنى قىممەت قاراش، مەدەنىيەت، ساپا قۇرۇلما نۇقتىسىدىن چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قىممەتلىك ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلىم بىلەن نامراتلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «نامراتلىق كىشىنى ئەۋزەل بىلىم ئېلىش شارائىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بىلىمسىزلىك كىشىدىكى نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلىۋېتىدۇ»[4] دېگەنىكەن. دەرۋەقە نادانلىق بىلەن نامراتلىقمۇ قوشكېزەك بولۇپ، نامراتلىق ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلنى چەكلەپ تۇرىدۇ. نامرات ئادەملەرنىڭ روھىيىتىمۇ ، تەپەككۇرىمۇ نامرات بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا يىراققا نەزەر سېلىش روھىدىن مەھرۇم قالغان. نامراتلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى، تەۋەككۇلچىلىك روھى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزىگە خاس يول ئېچىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.بېقىندىلىك ئېڭى كۈچلۈك بولغاچقا، ۋۇجۇدىغا قۇللۇق ئىدىيىسى يىلتىز تارتقان بولىدۇ. تېخىمۇ يامىنى، نامراتلىق ئادەمنى مەھكۇملۇققا باشلايدىغان ناچار ئىللەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى مەنبە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا نامرات قوۋمدا ھەرىكەت ۋە بەرىكەت ئاز، پىتنە ـ پاسات كۆپ بولىدۇ توپلىشىپ ياشاش ئاجىزلارنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، قارىماققا ئۇلار ئىتتىپاقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە روھىيىتى ھەقىقىي بىرلەشمىگەچكە، ھالقىلىق پەيتلەردە ئاسانلا چېچىلاڭغۇلۇق كېلىپ چىقىدۇ.

پەقەت قورساق تويغۇزۇش، جان ساقلاشنىڭ ساراسىمىدە پېتراپ يۈرگەن كىشىلەر، شۈبھىسىزكى قارا نامراتلاردۇر. تاشتىن قاتتىق غۇربەتچىلىك ئۇلارنىڭ روھىنى ئېغىر دەرىجىدە سىندۇرغاچقا، تەبىئىتىدە غۇرۇر تۇيغۇسى سۇسلاپ كەتكەن بولىدۇ. ھەتتا ئازغىنە پۇل ئۈچۈن رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ. 300يىل ھۆكۈم سۈرگەن «جاھالەت پەرلىرى» بولمىش خوجا ـ ئىشانلار دەۋرىدە داشقايناق قازاننىڭ تامىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن «پىر ـ غوجاملار»غا ئېتىقادىنى ئاتىۋەتكەن كىشىلەر ئازمۇ؟ گېزىتتىن كۆرۈشۈمچە، يېقىندا ئىككى بۇلاڭچى بىر يۇەننى بۇلاش سەۋەبلىك بىرى بەش يىللىق، يەنە بىرى ئۈچ يىللىق كېسىلىپ، قىممەتلىك ياشلىق باھارىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان! دېمەك، ئادەم قاچانكى غۇرۇردىن ئىبارەت ئادەمىيلىك ئەڭگۈشتىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، شۇندىن تارتىپ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. نامراتلىقنىڭ تۈرلۈك سەۋەبى بار، شۇڭا ئۇنى ئەيىب ھېسابلاشقا بولمايدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىدا تىرىشماسلىق ھەقىقىي ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە « قۇرئان كەرىم» دىمۇ : «ھەرقانداق

uyghurkitap.com

قـوۋم ئالـدى بـىلەن ئـۆز ئەھۋالـىنى ئۆزگەرتمىگـۈچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» [5] دېيىلگەن.

بـايلار بـىلەن كەمبەغەللەرنـىڭ تۇرمـۇش ۋە مەسـىلىلەرگە تۇتقـان پوزىتسىيـەسىمۇ پەرقلىـق بولـىدۇ. ئـالايلۇق: « كەمبەغەللەر ۋاقىتنى پۇل ھېسابلىمايدۇ. بىر باش چامغۇرنى بىر تىيىن قىممەت ئېلىپ قويغىنىغا قورسىقى ئاغرىيدۇ ـ يۇ، بىر كۈنـنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە ئىچى پۇشمايدۇ. باينىڭ ئارامى تەننىڭ ئارامى بولـۇپ، ئۇلار كۈچىنى تـوپلاپ بـاي بولـۇش يولىغـا ئاتلىنىدۇ. لېكـىن كاللىسى ئـارام تاپمايـدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ئارامى كاللىنىڭ ئارامى بولۇپ، پۇت ـ قولىغا ئارام يوق. (ئەسكى تامنى يۆلەپ، ئاچچىق موخۇركىنى بىر ـ بـىرىگە تۇتۇشـۇپ چەكـكەچ. ـ مەسـئۇل مۇھەررىردىـن تولۇقلىمـا) قارتـا ئوينـاش دېگەنـدەك ئىشلار بـىلەن ئـاۋارە. كەمبەغـەللەر ھـۇنەر ئۆگەنـسە، بـايلار باشقۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ. كەمبەغـەللەر قانـداق قىلغانـدا پـۇل تـاپقىلى بولىدىغانلىقـى توغرىـسىدا ئويلانمايدۇ ۋە ئىزدەنمەيـدۇ. بىر پۇڭنى قانداق قىلىپ ئىككىگە بۆلۈپ خەجلەشنى ئويلايدۇ. بايلارنىڭ پۇل تېپىش ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ، قانداق قىلىپ بىر پۇڭنى ئىككى پۇڭغا ئايلاندۇرۇشنىڭ غېمىدە بولىدۇ. كەمبەغەللەر تېلېۋىزور كۆرگەنـدە تاپىنى يوق فىلىمنىڭ ۋەقەلىكىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ كېتىدۇ. بايلار ئەزەلدىن بىكار تۇرمايدۇ. گولف توپ ئوينىغىلى بارسىمۇ بىجىرىدىغان توختاملىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ بوش ۋاقتى كۆپ بولۇپ، تورغا چىقسا قۇرۇق پاراڭ سېلىشىدۇ. بايلارغا بولسا توردىن ئۆزىگە نەپ تېگىدىغان ئۇچۇرلارنـى ئىزدەيـدۇ. كەمبەغـەللەر ئۆزىنـى توققۇزى تەلدەك سېزىدۇ، بايلار بولسا شۇنچە كۆپ نەرسىسى يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ...»[6] نامراتلاردىكى ئەجەللىك روھـي ئـاجىزلىق ــ نـامراتلىقتىن قۇتۇلـۇش ئـىستىكىنىڭ بولماسلىقى، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىنىڭ ئاجىزلىقى، تېخىمۇ مۇھىمـى ئەقىـل ـ پاراسـەتتىن پايدىلىنىـشنى بىلمىگەنلىكىـدە. ئەمەلىيەتـتە بـاي ۋە نـامراتلىق بىـر ئادەمنىـڭ پېشانىـسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن قىسمەت ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن داۋاملىق جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان شىجائەت، ئالغا ئىنتىلىش روھى ۋە مـۇۋەپپەقىيەت قـازىنىش ئـىستىكى كۈچلـۈك؛ ئۆزىدىكـى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى بايقاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر، روھـي ئىنتىلىشچانلىقى ئاكتىـپ كىـشىلەر ئۈچـۈن ئېيتقانـدا نـامراتلىق ئۆزىـنى تاۋلايـدىغان، چېنىقتۇرىـدىغان پىـچ، شۇنداقلا ئۆتكۈنچى بىر دەۋردىن ئىبارەت. دۇنيادا نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىم ھەتتا رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىنتـايىن جاپـالىق ۋە غۇربەتچىلىـك تۇرمۇشـنى بېـشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىغا دائىر تەسىرلىك نامايەندىلەر كۆپ.

خىمىيە ئىلمىدە مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار : ماددىنى تۈزگۈچى زەررىچىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئاتوم، ئاتوم مەركىزىگە جايلاشقان ئاتوم يادروسى بىلەن يادرو سىرتىدىكى ئېلېكترونلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئېلېكترونلارنىڭ ئېنېرگىيىسى قانچە تۆۋەن بولغانسېرى يادروغا شۇنچە يېقىن جايدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئېنېرگىيىسى قانچە ئاشقانسېرى يادرودىن شۇنچە يىراقتا ھەرىكەت قىلىدۇ، يىراقلىغانسېرى يادرونىڭ چەكلەش كۈچى ئاجىزلاپ بارىدۇ. نامراتلارنى ئاشۇ ئېنېرگىيىسى تۆۋەن ئېلېكترونلارغـا ئوخشىتىـشقا بولـىدۇ. ئۇلارنـىڭ پائالىيەت ئورۇنىسى كىچىك بولۇپ، پائالىيەت دائىرىسى تۇرمۇشتىن ئىبارەت يادرونى مەركەز قىلغان بولىدۇ. ئېنېرگىيە ئارتقانسېرى (بايلىق كۆپەيگەنسېرى) پائالىيەت دائىرىسىمۇ شۇنچە كېڭىيىپ كۆزىمۇ ئېچىلىپ، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. ئەڭ خەتەرلىكى، ئاڭ ۋە ئىدىيىنىڭ تار ئورۇنتا ئىچىدە قاپسىلىپ، چەكلىمىدىن ھالقىپ چىقالماسلىقىدۇر. بىر ئادەم ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئاڭ جەھەتتە ھاللىق سەۋىيە ھازىرلىمىسا تۇرمۇشى پۇچەك بوپقالىدۇ.

مىليادىرلارغا نىسبەتەن بايلىقنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلا پۈتكۈل ھاياتنى باياشات ئۆتكۈزۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ھايات ئۆتكۈنچى بىر جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، بايلىقنى ئۇ دۇنياغا بىرگە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. گەرچە ئۇلار بۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتقۇلۇقمۇ نېمە ئۈچۈن بايلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىش يولىدا شۇنچە تىرىشىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار نوقۇل ھالدىكى بايلىققا ئېرىشىشنى ھەرگىزمۇ ھاياتنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنـى قىلمايـدۇ. بۇنىـڭ ئارقـا كۆرۈنۈشـىگە مـۇرەككەپ روھـىيەت ئـامىللىرى يوشـۇرۇنغان بولـىدۇ. پەقەت ئەقىلنىـڭ بـالاغىتىگە مۇيەسـسەر بولالـساقلا نۇرغۇن سىرنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

## بىلىم ئەقىلنى نۇرلاندۇرغۇچى مەنبەدۇر

بىلىم گەرچە ئەقىلنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، لېكـىن ئەقىلنى پەيدا قىلغۇچى ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىـڭ ئىزاھلىـق لۇغىـتى»دە بىلىمـگە: «1. كىـشىلەرنىڭ ئەمەلىـيەت جەريانـىدا ئېرىـشكەن بىلـىش ۋە تەجرىبىلىرىنـىڭ مەھسۇلى ياكى مۇئەييەن ساھەگە ئائىت بولغان مەلۇماتلارنىڭ يىغىندىـسى. 2. مەدەنىـيەت ــ سـەۋىيىنىڭ دەرىجىـسى، مەلۇمـات»[7] دەپ تەبىر بېرىلگەن. « بۈيۈك خەنزۇ تىلى لۇغىـتى»دە « 1. يەن، سـەنئەت، تەلىماتلارنـىڭ بەزى تارمـاقلىرى: ئـۆگىنىش، مەشغۇلات ۋە ھـۈنەرلەرگە ئائىـت چۈشـەنچىلەرنىڭ جۇغلانمىـسى. 2. ئوقۇتـۇش، ئـۆگىنىش، تەتقىقات، تەجرىبىلەر ئارقىلىق مەلۇم ئەھۋال ۋە پرىنسىپلارنى تەكشۈرۈش ئـارقىلىق ئېرىشىلگەن مەلۇمـات. 3. ئېرىـشىلگەن ھەقىـقەت، بىلـىم ۋە پرىنـسىپلارنىڭ نەتىجىـسى. 4 ئۆگىنىش ئـارقىلىق ئېرىـشىلگەن بىلـىم ۋە نەتىجىـلەر...»[8] دەپ شەرھلەنگەن. « ئامېرىكا ئىنگلىزچىسىنىڭ ۋەبىستەر لوغىتى»دە « بىلـىم بولـسا پاكىـت، چىنلىـق يـاكى قائىـدىلەر ئارقىلـىق

ئىگىلىنىدۇ»[9] دېيىلگەن. «تۈركچە سۆزلۈك»تە « دۇنيانىڭ ياكى بىلىشنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىنى تېما قىلىپ، تەجرىبىگە تايىنىپ چىقىرىلغان مېتود ۋە پرىنسىپلار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن تەرتىپلىك چۈشەنچىلەر تۈركۈمىدىن ئىبارەت»[10]دەپ ئىزاھلانغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىم تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت، ئىنسانلارنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىي ھالدا سىستېمىلىشىشى: شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، ئىچكى ماھىيەتلىك باغلىنىشلىرى ھەققىدىكى بىلىش ۋە چۈشەنچىلىرى، شۇنداقلا ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئېرىشىلگەن يېڭى مەلۇماتلارنى كۆرسىتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئەقلىيلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىلىم مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە ئاشماقتا. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىردە يارىتىلغان يېڭى بىلىم، يېڭى قاراشلار تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يېڭى پەللە ياراتتى، بىلىمنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى كۈندە تەبىئىي پەننىڭ تارماق پەنلىرىلا 2400خىلدىن، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم ـ پەن تۈرلىرىلا 4000خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. پسىخولوگىيە پېنى پەيدا بولغان 1879 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر 70تىن ئارتۇق تارماق پەن بولۇپ كۆپەيگەن. ھازىر دۇنيادا ئىلىم ـ پەنگە ئائىت ژۇرنال 100مىڭ خىلدىن، ھەر يىلى نەشىردىن چىقىۋاتقان كىتاب 500مىڭ خىلدىن ئېشىپ كەتكەن.

دېمەك، بىر ئادەمنىڭ چەكلىك ئۆمرىگە نىسبەتەن بىلىم چەكسىزدۇر. شۇنداق ئىكەن، بىلىمگە ئېرىشىشتە ھەممىگە تەڭ ئېسىلىۋالماي، زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە ئۆگىنىشكە، دىققەتنى بىلىم ئېلىشقىلا مەركەزلەشتۈرۈۋالماي بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بارلىقنى ئىلىم ـ پەنگە ئاتىۋەتكەن، يەنە كېلىپ ۋاقتىغا ئەڭ ئۈنۈملۈك جەڭ ئېلان قىلالىغان ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېينمۇ بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئېرىشكەنلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ، چەكسىز بىلىم دېڭىزىنىڭ ساھىلىدىن پەقەت بىرەر تال «قۇلۇلە قېپى»غا ئېرىشكەنلىكىنى. كەمتەرلىك بىلەن ئەسكەرتكەن. بىلىم ئېلىشتا نىشان ئېنىق، ھەرىكەت مەقسەتلىك، ئۇسۇل توغرا بولمىسا ئۈنۈمدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز نىشانى، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئەسقاتىدىغان بىلىملەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا كۆپرەك ئۈنۈمگە ئېرىشىش، قىممەت يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا ئىنسانىيەتنىڭ توپلىغان بىلىملىرى ئاساسەن يېزىق ئارقىلىق كىتابلارغا پۈتۈلۈپ، ئۈزلۈكسىز بېيىش ئارقىلىق غايەت زور بىلىم خەزىنىسىنى پەيدا قىلغان. بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دۇنيادىمۇ كىتاب يەنىلا بىلىمگە ئېرىشىشتىكى ئاساسىي ۋاسىتىلىك رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. گەرچە بىلىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ئەمەلىيەتتىن كەلگەن رېئال ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بىلىم ئالغۇچىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە تەجرىبە ۋە تەسىراتنىڭ مەھسۇلى بولمىغاچقا، ئادەتتە ئابستراكت، نەزەرىيىۋى تۈس ئالغان بولىدۇ. ئۆگەنگۈچىگە نىسبەتەن جانسىز، ئۆلۈك نەرسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا بەزى ئادەملەرنىڭ كىتابىي بىلىمى مول بولسىمۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنى بىلمىگەچكە، جانلىق بىلىمگە ئېرىشەلمەيدۇ. كىتابىي بىلىم ئەمەلىي بىلىمگە ئايلىنىپ قوللىنىلىشچانلىققا ئىگە بولغاندىلا ئىقتىدار نامايان بولغان بولىدۇ. مىسالەن: سۇ($H_2O$)نىڭ ھىدروگېن ($H_2$)بىلەن ئوكسىگېن ($O_2$) دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى بىلگەنلىك بىلىمگە ئىگە بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. قول سېلىپ ئىشلەش ئارقىلىق ھىدروگېن گازىنى ئوكسىگېن گازىدا كۆيدۈرۈپ سۇ ھاسىل قىلىش جەريانى بولسا ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆگەنگۈچى ئېنېرگىيە مەسىلىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئەڭ زور مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: « ھىدروگېن ئوكسىگېندا كۆيسە سۇ ھاسىل بولىدۇ، يەنە كېلىپ مۇھىت بۇلغىمايدۇ. يەرشارىدا بولسا سۇ بايلىقى ئەڭ مول . شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سۇنى پارچىلاپ ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېن ھاسىل قىلىشتەك يېڭى ئېنېرگىيىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەيمىز؟» دېگەندەك سوئالنى قويالىسا، بۇ، ئۆگەنگۈچىدە ئىجادىي پىكىر قىلىش روھىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىقتىدار بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، جانلىق ئىشلىتىش مەسىلىسى بولۇپ، پىكىر ۋە تەپەككۇرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. بىلىمنى ئۆلۈك قوبۇل قىلىشتەك پاسسىپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، پىكىر ۋە تەپەككۇرغا تايىنىشتەك جانلىق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىلا ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرگىلى، نىشانى يېڭىلىق يارىتىش يولىغا بۇرىغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ مورتىمېر ئادلېر ئىلىم ـ پەننى ئەقىل، پەلسەپىنى پاراسەت، دىننى روھ دەپ قارىغان ھەم بىلىم بىلەن پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىرلا خىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇرلىغان نەرسە بىلىمدۇر، ئۇ خىل ياكى بۇ خىل شەكىلدە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە پىكىردۇر»[11] دېگەن. ئەپلاتون: «قانداق پېتى بولسا شۇنداق پېتى قىلىۋېرىدىغان كىشلەر نادانىدۇر» دېگەن. يەھۇدىيلار بولسا كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى بىر خىل تەكرارلىق دەپ قارايدۇ؛ بىلىمى بولۇپ ئەمەل قىلمىغان، ئىشلەتمىگەن كىشىلەرنى «كىتاب ئارتىۋالغان ئېشەك»كە ئوخشىتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىنىڭ بىلىم قارىشى يېڭى مەنالار بىلەن بېيىپ باردى. يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىرنىڭ ئۆزگىچە گۈدۈك ساداسى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى»نىڭ رەسمىي

www.uyghurkitap.com

باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ماددىي بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلىمدىن كېلىدىغان بولغاچقا، بىلىم رىقابىتى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك رىقابەت شەكلىگە ئايلاندى. « ئامېرىكىدا ھازىر دېھقانچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئاران بىر پىرسەنتتىلا ئىگىلەيدۇ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2000 ـ يىلى 17پىرسەنتتىن 2پىرسەنتكە تۆۋەنلىگەن. قالغانلىرى مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمى بىلىم ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.» [12] بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بىلىم ئىگىلىكىگە يۈزلىنىشى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، GDP دا يېڭى ئېشىش ۋەزىيىتىنى ياراتماقتا. بىل.گېيتس دەل بىلىم ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچىلارنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «بىلىم»، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىزدىكى نەزەرىيىۋى تۈس قويۇق، ئۆلۈك بىلىملەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە جانلىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، قوللانغىلى، پايدىلانغىلى، ئىشلەتكىلى بولىدىغان، مۇئەييەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان، بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشنى ئىگىلىك شەكلى قىلغان جانلىق بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بىلىم تاۋارلاشقان بولۇپ، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى، شۈبھىسىزكى ئىجادىي پىكىر ۋە تەپەككۇر ، يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى تۈۋرۈك قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىختىساس ئىگىلىرى قەدىرلىنىدىغان، بىلىمگە ھەقىقىي ئېتىبار بىلەن قارايدىغان تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلىمدىن ئىبارەت ئالاھىدە تاۋارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلىنىپ، قالاق ئەل ۋە قوۋملار سېتىۋالغۇچى، نوقۇل ئىستېمال قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىستېمال قىلغۇچى ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلىنىش يولىدا بەدەل تۆلىمەيدىكەن، مەدەنىيەت جاھانگىرلىرىنىڭ يەمچۈكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بازار ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ، ئېتىقاد، قىممەت قاراشلىرىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چېگرا ـ توساقلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغىنىدەك، بىلىمنىڭ تاۋارلىشىشىمۇ ئەقىدە ـ ئېتىقادتا كرىزىس پەيدا قىلماي قالمايدۇ. پەقەت ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالىغاندىلا ئۆزلۈك دەرىخىنى ياشارتىپ تۇرغىلى بولىدۇ.

پەن بىلەن تېخنىكا مەنىداش ئىبارە. پەن بولسا بىلىمنى تېخنىكىغا ئايلاندۇرىدىغان، بىلىمنىڭ ماددىيلىشىش ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر. پەن ئارقىلىق تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. « پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېيىلىشتىكى سەۋەبمۇ شۇ. كىشىلەر پەن ـ تېخنىكىنى «قوش بىسلىق شەمشەر»گە ئوخشىتىدۇ. ئۇ توغرا مەقسەتتە قوللىنىلسا ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئىنسانلار پەقەت دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ. لېكىن دۇنيانى بويسۇندۇرالمايدۇ. تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى زور بىر قېتىملىق ھالاكەتتىن، شۇنداقلا يېڭى بىر باشلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەنئەنىۋى بىلىم قارىشىدا ئىقتىدارنىڭ رولىغا سەل قارالغان بولۇپ، بىلىم ئىگىلىكىدە ئىقتىدار، يېڭىلىق يارىتىش روھى ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىدۇ. ئىقتىدار پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ، بىرەر پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشتىكى پسىخىك ساپا بولۇپ، ئاساسەن شەخسنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتچانلىقى ياكى ئەمەلىي خىزمەت سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىم بولسا ئىقتىدار ۋە ئەقىلنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەقىل ۋە ئىقتىدار بىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەقىل ئۆز نۆۋىتىدە بىلىم ۋە ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇلار بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىش، تولۇقلاش، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. بىلىم ۋە تەجرىبىسى مول كىشىلەردە يېڭى ئوي ـ پىكىرلەر ئاسان تۇغۇلىدۇ. بىلىم پەقەت ئىقتىدار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندىلا ئاندىن بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. بىلىم ئېلىشتىكى مەقسەتمۇ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىلىمگە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەقىل بولسا خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ تۇغما ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىرسىيەتلىك ساپا ئاساسىدا تەلىم ـ تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئەقىل ۋە ئىقتىدار بولسا ئادەمدىن بەلگىلىك دىت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك بىلىم ئارقىلىق ئەقىل تاپقىلى بولىسىمۇ لېكىن بىلىمنىڭ ئۆزى ھەرگىز ئەقىلگە باراۋەر ئەمەس. بىلىملىك بولغانلىقنىڭ ئۆزى ئەقىللىق بولغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەقىللىق ئادەمنىڭمۇ بىلىملىك بوپكېتىشى ناتايىن. ئومۇمەن ئەقىل ئەقلىي ئامىللارنىڭ ماسلىشىپ رول ئوينىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. بىلىم ئىقتىدارغا ئايلىنىش جەريانىدا نۇرلىنىپ بارىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە بىلىم بولۇپ پىكىر بولمىسا ، شىجائىتى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرمىسا، ئەقىل ـ پاراستى مېۋە بېرەلمەيدۇ.

شامالدۇرغۇچ ئەسلىدە قارا رەڭدە ئىشلەپچىقىرىلىپ ئومۇملاشقاچقا كىشىلەردە « شامالدۇرغۇچ قارا رەڭدە بولىدۇ» دېگەن قاراش ئومۇملىشىپ قالغان. ياپونىيىدە شامالدۇرغۇچ ئىشلەپچىقىرىدىغان 70مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار چوڭ بىر شىركەت ۋەيران بولۇش گىرداپىغا بېرىپ قالغاندا، شىركەت خوجايىنى زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن كەڭ ـ كۆلەملىك پىكىر ئالغان. زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى: « بىز نېمە ئۈچۈن شامالدۇرغۇچنى قارا رەڭدىلا ئىشلەپچىقىرىمىز، رەڭگى ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ كۆرمەيمىز؟» دەپ پىكىر بەرگەن. شىركەت بۇ پىكىردىن دەرھال ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، تۈرلۈك رەڭدىكى پاسونى يېڭى شامالدۇرغۇچلارنى ئىشلەپچىقارغان. نەتىجىدە شامالدۇرغۇچ بازىرى بىردىنلا

جانلىنىپ، شىركەت ۋەيران بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ تەكلىپ ـ پىكىر خاسىيىتىدە روناق تېپىپ كەتكەن. دېمەك پىكىر ئىجادىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، پىكىردە ئەقىل ـ پاراسەت ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا پىكىر ئۇلغارلىقى بىلەن تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىلىمى مول، گۇمانىي تۇيغۇلارغا باي كىشىلەرنىڭ پىكىر يوللىرى كەڭ بولىدۇ، مەسىلىگە كۆپ خىل نۇقتىدىن پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. پىكىر ئۆز نۆۋىتىدە ئادەت كۈچىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقالايدىغان بولغاچقا ئاسانلا كىشىلەرنىڭ گۇمانلىنىشىغا ئۇچرايدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسى ئادەتتىكىچە كىشىلەرنىڭ پىكرىمۇ ئادەتتىكىچە بولىدۇ. بىلىمى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ساپا قۇرۇلمىسى مۇكەممەل كىشىلەرنىڭ پىكرى تىرەن ۋە ئۆزگىچە بولىدۇ. سىياسىيون، پەيلاسوپلارنىڭ پىكرى ئەقىل ـ پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، كۈچلۈك يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىجادىي پىكىر بىلىمنى چەكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بايقاش ــ يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك بەزى پىكىرلەرگە ئاتوم بومبىسىدەك قۇدرەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. پىكىر بولمىغان كاللىنىڭ بىر پارچە گۆشتىن پەرقى بولمايدۇ.

خەلقىمىز مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز كىشىلەرنى «قارا قورساق» دەپ ئاتىشىدۇ. گەرچە ئۇلار ياشاش جەريانىدا چەكلىك بولسىمۇ بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئېرىشسىمۇ ، بىلىمى تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالغاچقا، ھەرقانچە زېرەك بولغان تەقدىردىمۇ ئەقىل ـ پاراسىتىنى دېيەرلىك نامايان قىلالمايدۇ. مەسىلىلەرنى ئىلمىي نۇقتىدىن چۈشىنەلمەيدۇ. قارا قورساق ئادەملەر ئىلمىي سۆھبەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارغا چوڭ زاكون ـ قائىدىلەرنى بىلدۈرۈشمۇ بەسىي مۈشكۈل! بىر ئادەمنىڭ بىلىمى قانچە مول، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا قانچە باي بولغانسېرى ئەقىل كۆرسەتكۈچىمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. ئادەتتە ئەقىللىق ئادەملەر كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق ـ چۈشەك مەنپەئەت ۋە زىيانلار بىلەن ئانچە ھەپىلىشىپ كەتمەيدۇ. نەزىرىنى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتىپ، كەلگۈسىنى نىشانلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ. زېرەكلەرنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، دىققەت نەزىرىنى كۆز ئالدىدىكى ئۇششاق ـ چۈشەك پايدا ـ زىيان مەسىلىلىرىگە بەكرەك قارىتىۋېلىپ، يىراقنى، كەلگۈسىنى كۆرەلمەي قالىدۇ. زىيادە زېرەكلىشىپ كېتىش سەزگۈرلۈك كېسىلىنى پەيدا قىلىپ، بىر ئىشلارنى زىغىرلاپ كېتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىدىن ئاسانلا مەھرۇم قالىدۇ. ئىسپانىيىلىك مەسئۇنىر بالتاسار گراسئەن: «ئەقىللىق دەپ قارىلىش بىر خىل شەرەپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئىشەنچىنى ئۇرغۇتىدۇ، لېكىن زېرەك دەپ قارىلىش گۇماننى قوزغايدۇ»[13] دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئادەم پەرزەنتىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. زېرەكلىك بولمىسا ئەقلىمۇ كەمتۈك بوپقالىدۇ. لېكىن زىيادە زېرەكلىك ئەقلىي تەرەققىياتنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىلىم، ئىقتىدار، ئەقىلنىڭ پەرقى ھەققىدە توختىلىپ: « بىلىم ــ ئوزۇق، ئىقتىدار ــ كۈچ، ئەقىل ــ چىراغدۇر» دەپ قارىغان. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىمنىڭ ئەقىلنى نۇرلاندۇرغۇچى مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ، شىر يۈرەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق ھەم قەھرىمانلىق ھەققىدىكى قىسسىلىرى زېمىننى تىترىتىدىغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەشلىرىدە ئەكس ئېتىپلا قالماي، يەنە بىلىمنى ئەڭ زور بايلىق سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، ئەقىل ـ پاراسەتنى دەل جايىدا ئىشقا سېلىپ، پارلاق مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن سەمەرىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ۋۇجۇدىمىز سېھىرلەنگەندەك، يۈزىمىز يورۇغاندەك پەخىرلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمىز. چۈنكى ئۇلغار مەدەنىيەت ، يېڭىلىق يارىتىش روھى، بەلگىلىك تۆھپىسى بولمىغان مىللەتنىڭ تەسىرى بولمايلا قالماي، بەلگىلىك قىممەت ۋە ئىناۋەتكىمۇ نائىل بولالمايدۇ. شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدە شاھانە ئەسەر ھېسابلىنىدىغان « قۇتادغۇ بىلىك» تە ( ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىمۇ « بەخت كەلتۈرگۈچ بىلىم» دەپ قويۇلغان) سىمۋوللۇق تۆت ئوبراز يارىتىلغان بولۇپ، كۈنتۇغدىنى ئادالەتكە، ئايتولدىنى دۆلەتكە، ئۆگدۈلمىشنى ئەقىلگە، ئودغۇرمىشنى قانائەتكە سىمۋول قىلغان. بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىر پۈتۈن ئەسەردە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

154. قېرىدە ئىدراك بولسا ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ.
بىلىم كىمدە بولسا ، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.
250. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە قاراپ كۆرسەڭ،
(ئېيتقىن) قارا خەلق، بەگ ياكى دۇنيا سورىغۇچى بولسۇن،
251. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى بىلىمگە ئېرىشكەن بولسا،
ئۇلار زامان(ۋە) دۇنيانى قولدا تۇتالىدى.
157. بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ،
كېسەلنى داۋالىمىسا كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.
271. ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر،
ئەي كۆزسىز قارىغۇ، بىر ئۇلۇش بىلىم ئال.
297. قەدىر ـ قىممەت ئىدراك ئۈچۈندۇر،
ئەقىل ـ ئىدراكسىز كىشى بىر ئۇچۇم لايدۇر.
313. بىلىم بىر بايلىقدۇركى (ئۇ زاۋال) كەمبەغەللەشمەيدۇ،
ئوغرى ـ ھىيلىگەرلەرمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ.[14]

قاراڭ، مىڭ يىل ئىلگىرى دېيىلگەن، كىشىنى سائادەت يولىغا باشلايدىغان دۇردانە پىكىرلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە؟! ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىنساننى بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئامىل، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى، بىلىم ئارقىلىقلا دۇنيانى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى قەيت

www.uyghurkitap.com

قىلىش بىلەن بىرگە ، بىلىمسىز، ئەقىل ـ ئىدراكسىز كىشىلەرنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا، تېنىنى كېسەل چىرمىۋالغان تىرىك مۇردىغا، ئادەمىيلىك قىممەت نۇقتىسىدىن بىر ئوچۇم لايغا ئوخشىتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە مۇنداق بىر چوڭ ھەقىقەتنى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىدۇ: دۇنيادا بىلىمدىنمۇ زور بايلىق يوق! بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئىنساننى بۈيۈكلۈككە ، سائادەت يولىغا؛ بىلىمسىزلىك بولسا مەھكۇملۇق ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. قىممىتىمنى ئاشۇرىمەن، مەۋجۇدلۇقۇمنى مۇستەھكەملەيمەن، كەلگۈسۈمنى نۇرلاندۇرىمەن دېسەڭ تىرىشىپ بىلىم ئال! ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى جارى قىلدۇر! بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ خار ـ زەبۇن قىلىدۇ، قول ۋە بېقىندىچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؛ كاللاڭنى قاتتىق سىلكىپ، ئۇيقۇڭنى ئاچ! ئەتراپىڭغا پاراسەت كۆزۈڭ بىلەن باق، شۇ چاغدا ھىيلە ـ مىكىر قىلتاقلىرىغا دەسسىمەيسەن... ئۇ يەنە يەھۇدىيلار كۆپ تىلغا ئالىدىغان «مال ـ دۇنيانى ئوغرى ئوغرىلاپ كېتەلىگىنى بىلەن بىلىمنى ئوغرىلىيالمايدۇ» دېگەن گەپنى ئەينى ۋاقىتتىلا دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

208. ھېچ ياخشىلىق بىلىمنىڭ بايىسىدىندۇر،
سىلى بىلىم بىلەن كۆككە (مۇ)يول ئېچىلدۇ.[15]

مۇتەپەككۇرنىڭ بىلىم قارىشى تىرەن ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، بىلىم ئۇقۇمىنى ھەرگىزمۇ تار دائىرىدە ، دىنىي ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر دائىرىسىدە چەكلەپ قويماي، ئىنسانغا كۈچ ـ قۇدرەت ۋە پاراسەت ئاتا قىلىدىغان ، ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدىغان، تەرەققىياتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلەردىن تونۇغان. دەرۋەقە بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا يول ئېلىپ، ھەتتا ئاي شارىغا قەدەم ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى رېئاللاشتى. پەن ـ تېخنىكىدا قۇدرەت تاپقان ئەللەرنىڭ دۇنيادىكى خوجايىنلىق ئورنى تېخىمۇ ئۈستى. نامرات ئاۋام ـ خەلقلەر بىلىم جەھەتتىمۇ نامرات بولغاچقا، ھېلىھەم خۇددى دەرەخ ئاستىدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكتەك ئاجىز ۋە نىمجان ھالەتتە ياشىماقتا.

« قۇتادغۇبىلىك» ھەقىقەتەنمۇ بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ئىدى. ئەگەر بىز بۇ قامۇسنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ۋۇجۇدىمىزنى ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن سۇغۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئىپادە قىلالىغىنىمىزدا تەرەققىياتتىكى ئىزچىللىق ۋە ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىشىمىزدا گەپ يوق ئىدى. ئەپسۇس، نەچچە يۈز يىللىق جاھالەتچىلىك ، دىنىي مەزھەپچىلىك كۈرەشلىرى، ئىچكى نىزا ۋە توقۇنۇشلار ، دىنىي ئەسەبىيلىك ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلار دېگەندەك تەتۈر قىسمەت ۋە بالايىئاپەتلەر خەلقىمىزنى ماددىي جەھەتتىن ھالسىرىتىپ، مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، نامراتلىق ۋە نادانلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى. بولۇپمۇ ئىلىم ـ مەرىپەتتىن ياتلىشىپ، ئەقىل بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى جاھالەت ـ نادانلىقنىڭ ئەخلەت، لاي ـ لاتقىلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ قالدى. قۇلچىلىق، روھىي جەھەتتىكى مەھكۇملۇق ئىللەتلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. بىلىم ئاشنىلىرى جىددىيلىك ۋە كۆيۈرلۈقتا ئەيىبلىنىپ، ئېچىنىشلىق تەقدىر ـ قىسمەتلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. دىلغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان مەدرىسەلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ، بۇ مۇقەددەس ئىلىم دەرگاھلىرى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ نادان چوقۇنغۇچىلىرى، جانىمۇ، جاھانىمۇ ئۇنتۇغان قاراقورساق ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى بىلەن توشۇپ، ئۇلارنىڭ جاھالەتنى چىللايدىغان ئېچىنىشلىق «ھۇم ـ ھۇم»لىرى ئەقىلنى تەرك ئەتكەن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئىسلامىيەت ئاسىيسى ئافاق غوجىدەك لەنەتگەردىلەرنى ئاۋام ـ رەئىيەت خۇدادىن تۆۋەن، پەيغەمبەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ « مۇبارەك» دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىش، ئالقىنىنى بىر تۇتۇۋېلىش، پېشىغا باش ئۇرۇشنى كاتتا بەخت دەپ بىلىشتى. ساغلام روھ ۋە ھەقىقىي ئەقىدە ـ ئېتىقادتىن مەھرۇم قالغان خەلقىمىز تەقدىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى جاھالەت ھامىيلىرى بولمىش سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۇ دۇنيانىڭ غايىۋى جەننىتىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. باقىي دۇنيانىڭ كۆلپەتلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، بىزنىڭ جەننىتىمىز ئۇدۇنيادا دەپ قارىدى. بۇ دۇنيا ئۈچۈن تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆرەش قىلىدىغان، قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ئىسيانكار روھنىڭ سادالىرى سىرلىق ھالدا غايىب بولدى. ئىلىم ـ پەن روھى ۋە قويۇق مىللىي مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان تارىخىمىزنىڭ چىرىغى ئۆچتى. كىملىكىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىباھا كىتابلىرىمىز تۈركۈملەپ كۆيدۈرۈلۈپ، ئىس ـ تۈتەككە ئايلىنىپ كەتتى!!! ئەڭگۈشتەر مىراسلىرىمىز، مول تارىخىي يادىكارلىقلىرىمىز ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن خالىغانچە توشۇپ كېتىلدى. بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. خەلقىمىز قارا نادانلىقنىڭ پاتقىقىغا شۇ قەدەر پېتىپ كەتكەچكە، « گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، گۆھەرلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىگەچكە، نەزەر ـ گۆزىرىنى ئاغدۇرۇپمۇ قويمىدى. قىسقىسى ، ئىسسىق جاننى ساقلاشنىڭ كويى بىلەن بوپكەتتى. نادانلىققا كانىدەك پېپىشتىكى ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى چەتكە قاقتى.

يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ «شەيتانغا دەرس بېرىدىغان» سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش ھىيلىسى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقى ھىيلە ـ مىكىردىن ئىبارەت ئۆزگىچە ئەقىل بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، مائارىپ ۋە ئېتىقادتىن ئىبارەت ئىككى مەنىۋى ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالغان خەلقنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسىنى يوقىتىپ روھسىز تەنگە ئايلىنىپ

قالدىغانلىقى ، بۇنداق خەلقنى بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ قاياققا يېتىلىسە شۇ ياققا ماڭىدىغان تۆگىدەك قىلىپ قويغىلى بولىدىغانلىقنى چوڭقۇر ماھىيەتتىن چۈشەنگەچكە، مائارىپ ۋە بايلىق خەلقنىڭ ئىگىنى ئويغىتىپ قويىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپ سېلىشنىڭ ئورنىغا مەسچىتلەرنى كۆپەيتىپ بەرگەن. بىر قۇۋمىدىكى كىشىلەر ئارىسىغا نىزا ـ ئاداۋەت، تەپرىقچىلىك ئۇرۇقلىرىنى تۆيدۇرماي چېچىۋېتىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خەلقتىن خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرگەن. تۈرلۈك باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساقنى كۆپەيتىش يولى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ چاپىنىنى تىزىدىن ئاشۇرماي، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قورساق غېمىگە بۇرىۋەتكەن. گەرچە جاللات شېڭ شىسەي بىر مەھەل «ئىلغار»لىق تونىنى كىيىۋېلىپ مەرىپەتچىلىكنى يولغا قويغان بولسىمۇ، كېيىن جاللاتلىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ۋە مىللىي سانائەت ــ ئىگىلىكنىڭ ئۇمۇرتقىسى بولغان چوڭ بايلار، كاتتا سودىگەرلەرنى قىرىپ تۈگەتتى!

جاھالەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك»دەپ تەرىپلەنگەن «مۇفتاھىل ئەدەپ» ناملىق ئەسىرىدە: « ئىلىمدىن باشقىنى سەرمايە دەپ ھېسابلىما، چۈنكى ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە. ھەي ياش ئىلىم ئۆگەن. چۈنكى نادانلىق نومۇس. نادانلىققا ئېشەكتىن باشقا مەخلۇق رازى بولمايدۇ... ئىلىم ئارتقاندا دۈشمەننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى توپىغا مىلىگىلى بولىدۇ. ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر... دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم. بىلىملىك كىشىنىڭ ئۇخلىشى تەقۋادار راھىبنىڭ ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل... ئەگەر ئىپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ سېنى يەرگە ئۇرىدۇ. بۇ زامان پەسكەشلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇۋاتقان ، ئۇلۇغ ـ مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرىتى بېسىلىپ كېتىۋاتقان ئىپلاس زاماندۇر. بۇ زامان مەرۋايىت مارجانلىرى ئاستىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن، ئۆلۈكنىڭ تاپلىرى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايدۇ؛ تۇرمۇش ئەقىللىق، پاك كىشىلەرگە كەينىنى قىلىۋالغان، ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كاساتلاشقان؛ نادان ـ جاھىللار بازار تاپقان جاھاندۇر... ئەپسۇسكى ، كۆڭلۈمدىكى دوستلىرىممۇ مېنى چېقىشتىن تارتىنمايدىغان، قۇملۇقنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىغا ئايلىنىپتۇ... سەپەر قىل، چۈنكى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ. توختام سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋەرمەي سۈزۈك سۇ ئىزدە...»[16]دېگەنىدەك پاساھەتلىك ئەقىل دۇردانىلىرى ئارقىلىق نىدالىق خىتابلىرىنى قىلغان. دېمەك بىز بەش ئەسىر مابەينىدە بىلىمسىزلىكنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى يەتكىچە تارتقان بولساقمۇ، قانداقلا بولمىسۇن مەۋجۇدلۇقىمىزنى يوقىتىپ قويماي بۈگۈنگە ئۇلاشقان، ئەتۇر قىسمەتلەرنىڭ ئازابلىق تولغاقلىرىدا تۇنجۇقۇپ قالمىغان قىسمەت ۋە مۆجىزىلەرگە باي شۇنداق بىر مىللەت! شۇنداقلا قىشلىق ئۆچەكنىڭ ئەڭ ئۇزۇن غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلىغان، ھەتتا بۇ ئۇيقۇنىڭ رېكورتىنى ياراتقان مىللەت!

بۈگۈنكى كۈندە «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى» يولغا قويۇلۇپ، ھەتتا چەت تاغلىق رايونلاردىمۇ مەكتەپلەر بار بولدى. ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن كەڭ بىلىم ئېلىش شارائىتى يارىتىلدى. بىلىم رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ساۋاتلىق بولۇشقا قويۇلىدىغان ئۆلچەممۇ ئىلگىرىكى خەت تونۇشتىن، كەم دېگەندە ئۈچ خىل تىلنى بىلىش، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قىلالايدىغان، ماتېماتىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى بىلىدىغان ھەم ئىشلىتەلەيدىغان، كاتىبات يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان، ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىشنى بىلىدىغان بولۇش دېگەندەك شەرتلەرنى ھازىرلاشقا ئۆستۈرۈلدى. قىيىنچىلىقنى ئۆزىنى تاۋلايدىغان ئوچاق دەپ بىلىدىغان ، پۇرسەتنى كۈتۈش ئەمەس يارىتىش يولىدا تىرىشىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قىممىتىنى ھەققىي تونۇغان بىر تۈركۈم ئىرادىلىك، ئەقىللىق، ئىلىم سۆيەر كىشىمىزنىڭ بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەگ ـ قاتلاملىرىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىزدەش روھى؛ ئىجادىي تەپەككۇر ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياراتقان مۆجىزىلىرى، ئىلىم ـ پەنگە قوشقان يېڭى تۆھپىلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىپ، نامدار مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىشى؛ كەشپىيات روھىنىڭ قايتا تىرىلىشى؛ پاراسەتلىك، باتۇر، ئەل سۆيەر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامى ـ شەرىپىنىڭ دۇنيا جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسىدىن ئورۇن ئالالىشى، مىللىي كارخانا ۋە شىركەتلەرنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى... ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ۋۇجۇدىمىزنى ئىپتىخار ۋە غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن لەرزىگە سالماقتا. بۇنداق پەخىرلىك مەنىۋى تۇيغۇنىڭ بولۇشى غەيرەت ـ شىجائىتىمىزنى ئۇرغىتىپ، ئۆزلۈككە نىسبەتەن ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۈلگە بولالىغۇدەك تۆھپىكارلىرى، ئەل ئېتىراپ قىلىدىغان سەركىلىرى، پەيلاسوپ ـ ئالىملىرىنىڭ بولماسلىقىنىڭ ئۆزى بىر پاجىئە بولۇپ، بۇنداق مەنىۋى قەھرىمانلىرى يوق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا غالىبلىق تۇيغۇسى سۇسلاپ كەتكەن بولىدۇ.

بىزدىكى ئىلىم ـ پەن روھى ھەم بۇ جەھەتتىكى ئويغىنىشىمىز زادى قايسى دەرىجىدە؟ توغرا، جاھالەت دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا ئات پەرقى ياخشى. بىراق نۆۋەتتىكى رىقابەت ۋە خىرىس نۇقتىسىدىن قارىغاندا تولىمۇ ئارقىدا. ئەتراپىمىزغا نەزەر ئاغدۇرساقلا، بىزدە يەنىلا كۆزنى ئاچماي كونا مۇقامغا توۋلاپ، بىلىمگە ئەقىدە باغلىماي ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقانلار كۆرمىڭ بولۇشتەك ناچار ئىجتىمائىي كىلىمات كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئازسانىدىكى سەرخىللار تەرىپىدىن ئەمەس،

ئۇيغۇركىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەلكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، ئىختىساسلىقلار ئارىسىدىكى رىقابەتنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. كۈنسېرى يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان دۇنيا كىشىلەرگە ئۆمۈر بويى ئۆگىنىپ بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرمىسا، دەۋر تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغانلىقنى جىددىي ئاگاھلاندۇردى. بىزدە بۇ نۇقتىنى نازۇك ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ماھىيەتلىك تەرەپلەرگە باغلاپ چۈشىنىدىغانلار، ئۆگىنىش مەسىلىسىگە تەخىرسىز مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلار زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، مەكتەپلەرگە نىسبەتەن كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماس بوپقېلىۋاتقانلىقىنى، ياپپاش تۇرۇپلا قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتقانلىقى؛ ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان، ئۆزىنى كادىر، زىيالىي دەپ بىلىدىغان تالاي كىشىمىزنىڭ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر پارچە كىتاب ياكى ژۇرنال ئوقۇپ قويماي « كۈن ئۆياقتا، پۇل بۇياقتا» خاھىشى بويىچە قۇرۇق پاراڭ، پىتنە ـ پاسات بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى : 8مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللىرى پەقەت بىرنەچچە مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆزىمىز كۆرۈپ، قۇلىقىمىز ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ۋاقىت ئېگى، كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش سەۋىيىسى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. كىتابخۇمار فرانسۇزلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ « 27مىليون نۇسخىدىن تەركىب تاپقان گۆھەر كىتابلىرى 400كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كىتاب جاھازلىرىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا ئىگىلىگەن بولۇپ، نۆۋەتتىكى ساقلاش سۈرئىتىگە ئاساسلانغاندا، قالغان يېرىمىنى يېرىم ئەسىردە توشقۇزۇپ بولغىلى بولىدىكەن. فرانسىيىدە ھەر كۈنى 50پىرسەنت ئادەم گېزىت، 43پىرسەنت ئادەم ژۇرنال كۆرىدىكەن. ‹فرانسىيە كەچلىك گېزىتى› نىڭ 1982 ـ يىلدىكى تارقىتىلىشى 400مىڭدىن، ‹ تېلېۋىزىيە ھەپتىلىك ژۇرنىلى›نىڭ تارقىتىلىشى 2مىليون 700مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.» [17]

ئۆزىگە نىسبەتەن ھەردائىم «مەن كىم؟»، شەيئى ـ ھادىسىلەرگە، يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىگە « نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ تۇرالمىغان ئادەمنى ساغلام، نورمال ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئەڭ زور يوشۇرۇن بايلىق ئىنسان ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنى قانداق قېزىش ھەم پايدىلىنىشنى بىلمەسلىك مەزكۇر شەخس ئۈچۈن ئەڭ زور بەختسىزلىك ۋە پاجىئە ھېسابلىنىدۇ. جالالىددىن رۇمىي مۇنداق يازىدۇ:

*ھېچنەرسە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە بىرقەت،*
*ھەر نە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئىبرۇر بىلسەڭ ئەبەد.* [18]

بىز بىخۇدلۇقنى تەرك ئېتىپ، ئىدىيىدە ئويغىنىپ، نۆۋەتتىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت»نى شەكىللەندۈرەلىسەك؛ بىلىمنى ئۆلۈك، پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلماي ئىجادىي تەپەككۇرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئەقىل بۇلاقلىرىمىزنىڭ كۆزىنى ئۈنۈملۈك ئاچالىساق، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ پىكىر يوللىرىمىزنى كېڭەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىغا يۈزلىنەلىسەك، شۇندىلا كېلەچەك بىزگە كۈلۈپ باقىدۇ.

## پەلسەپە ۋە ئەقىل

پەلسەپە ـ شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي يەكۈنگە ئېرىشتۈرىدىغان ؛ تەبىئەت ـ جەمئىيەت، پۈتكۈل دۇنيا توغرىسىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرى ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغىتىدىغان دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى تەلىماتتۇر. پەيلاسوپ مورتىمېر ئادلېر: « پەلسەپە پاراسەتكە تولغان روشەن بىلىملەرنى بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت ، دۇنيا، پەرۋەردىگار، گۈزەل تۇرمۇش، جەمئىيەتكە ئائىت ئەقىل ـ پاراسەتلەرنى تەقدىم قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھايات نىشانى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يۈزەكى ياكى پارچە ـ پۇرات شەيئىلەر ھەققىدىكى باشقا پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سەندە پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان قەلب، تەڭداشسىز ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىقلا بولىدىكەن، پەيلاسوپ بولالايسەن»[19] دەپ قارىغان. پەلسەپە تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان كاتتا ئىلىم. گەرچە ئۇ ئارقىلىق بىۋاستە ماددىي نەرسىلەرنى ياراتقىلى بولمىسىمۇ، يېڭى ئىدىيىلەرنى يارىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى زۆرۈر نىشان ۋە يېتەكلەش بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ قوماندانى، پەلسەپە بولسا ئىدىيىنى يارىتىدۇ. ھاياتنى، تۇرمۇشنى، دۇنيانى چۈشىنىشتە پەلسەپىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر ئىلىم بولمىسا كېرەك. تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغىتىش ۋە نۇرلاندۇرۇشتا پەلسەپىنىڭ ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ. سوقرات: « تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن تۇرمۇشنى ياشىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىز ئەقىلنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك»دېسە، مۇرتىمېر ئادلېر پەلسەپىنىڭ سۆز مەنىسىنى « ئەقىلنى سۆيۈش» دەپ قارىغان. ئەقىلنى پىچاققا، پەلسەپىنى بىلەيگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. پەلسەپە ھەققىدىكى بىلىش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى مەزكۇر كىشىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش، ھەقىقەتنى تونۇش پاراسىتىمۇ شۇنچە ئۆسۈپ بارىدۇ. يەنە كېلىپ ھاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ چۈشەنگىلى، غايە ۋە نىشانىنى تېخىمۇ ئۇلۇغۋارلاشتۇرۇپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

پەيلاسوپلارنىڭ تەپەككۇرى تېرەن ۋە ئەتراپلىق، تەسەۋۋۇرغا باي: تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ تۇيغۇن بولغاچقا، ئۇلار ھەتتا «يىلاننىڭ كۆشىشى»نى بىلەلەيدۇ؛ بۈگۈن ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپلا قالماي، كەلگۈسىنىمۇ ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ قاراشلىرى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىيالايدۇ. نېمە ئۈچۈن سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتېللارنىڭ پەلسەپىۋى

قاراشلىرى ئەسىرلەر ۋە ئېرالاردىن ھالقىپ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاۋامنىڭ قەدىرلىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولالىدى؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر قىسىم ئىدىيە-قارىشى يۈكسەك پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، تارىخ ۋە ھەقىقەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلىگەنلىكىدە. پەيلاسوپلارنىڭ پاراسەت چاقناپ تۇرغان قاراشلىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىخۇدلىشىپ قالغان پىكىر ۋە تەپەككۇرىدا غىدىقلىنىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەقىل-پاراسەتنىڭ يېڭى چېقىنىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەنىۋىيەتنىڭ ئەڭ سەرخىل سەركىلىرى دەپ قارىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە كىشىلەر پەلسەپىنى ئىلاھىيەتنىڭ دېدىكى دەپ قارىغان. پەيغەمبەر بىلەن پەيلاسوپنىڭ ئورنى ۋە ئىدىيە يارىتىش مېتودى ئوخشىمىسىمۇ، بەزى كىشىلەر ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئورۇنۇپ باققان. جامالىددىن ئافغانىي 1870-يىلى ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىدا: «بىر مىللەتكە نىسبەتەن پەلسەپە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. پەيلاسوپلار بىلەن دىن پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، پەيغەمبەرلەر ئىلھام ۋە ۋەھيي ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ. پەيلاسوپلار بولسا تەپەككۇر ئارقىلىق ھەقىقەتنى تاپىدۇ. پەيغەمبەرلەر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ. پەيلاسوپلار تونۇش جەھەتتە خاتالىقلاردىن ساقلىنالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ... لېكىن ھەربىر دەۋر ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەيلاسوپقا موھتاج! پەيلاسوپلار ۋە دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇتەپەككۇرلارسىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ»[20] دېگەن. جامالىددىن ئافغانىي پەيلاسوپلارنىڭ يۈكسەك ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان. پەيغەمبەرلەر ئېتىقاد، پەيلاسوپلار ئىدىيە يارىتىدۇ. ئېتىقاد بولمىسا ئىنسان مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىدىيە بولمىسا زۆرۈر ۋە توغرا يېتەكلەش كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. گەرچە پەيلاسوپلارنى پەيغەمبەرلەرگە سېلىشتۇرۇشقا بولمىسىمۇ، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيون، پەيلاسوپلىرى بولمىسا ئاۋام ئىدىيە جەھەتتىن ئويغىنالمايدۇ، يېتەكلەش خاراكتېرلىك مەنىۋى كۈچتىن مەھرۇم قېلىپ، خۇددى سەركىسى يوق قوي پادىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. پەيلاسوپلىرى قانچە كۆپ مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلەردە تەبىئىي ئامىللار قويۇق بولۇپ، زامانىۋى ئامىللار كەمچىل بولىدۇ. تەبىئىي ھېسسىياتقا مايىل بولغاچقا مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ قارىيالمايدۇ. قارىماققا ئۇيۇم-ئىتتىپاقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە مىللىي ئويغىنىش كۈچى ئاجىز بولىدۇ. بۇنداق مىللەتلەر بىلىمگە ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمىگەچكە، بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ، ئۆز ئىچىدىن چىققان مۇتەخەسسىس، ئالىم، پەيلاسوپلارنىڭ «گۆھەر»لىك قىممىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، شۇ ۋەجىدىن قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. رىقابەت ئېڭى سۇس، ۋاقىت ئېڭى ئاجىز بولغاچقا، تەپەككۇرنى پالەچ قىلىدىغان تەكرار تۇرمۇشقا كۆنۈككەن بولىدۇ. ئۈنۈمسىز ئىش-پائالىيەت، ساختا دەبدەبىلەرنىڭ ئالۋۇنلىرى ئېڭىنى چىرمىۋالغان بولىدۇ.

سىياسىي مىللەتلەر بولسا كۈچلۈك مىللىي ئويغىنىش ئېڭى، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىلغار مەدەنىيىتى، ئۇنىۋېرسال رىقابەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى، زامانىۋى پەن-تېخنىكىسى، خەلقلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى ، ۋاقىت ئېڭىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىشكە ماھىرلىقى، سىياسىيون، پەيلاسوپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۆزىنى دادىل ئوپېراتسىيە قىلالايدىغانلىقى، ئۆزىدىن ھالقىپ باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلىدىغانلىقى، دېموكراتىيىنى سۆيىدىغانلىقى، بولۇپمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى... دېگەندەك بىر قاتار ئىلغارلىقى ئارقىلىق ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. سىياسىي مىللەتلەر ئەقلىيلىككە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇڭا سىياسىيون، پەيلاسوپلارنى مىللەتنىڭ ئەڭگۈشتىرى، چولپان يۇلتۇزى دەپ بىلىدۇ. ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلەردە ھېسسىيات ئامىلى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ماگدامدا بىر خاتالىق سادىر قىلىپ تۇرىدۇ.

بىز، يەنى ئۇيغۇر مىللىتى ھازىرچە تېپىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەت تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇپ، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزدە پەلسەپىۋى سېزىمگە ئىگە كىشىلەر تولىمۇ ئاز. ئەقىل ئەسەبىي ھېسسىيات قايناملىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىغان. شۇڭا بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىمىز ئەدناسى ئېكرانغا بىر-ئىككى قېتىم چىقىپ قالغان ناخشىچىلارنى تونۇيدۇكى، پەيلاسوپ، ئالىملىرىمىزنى تونۇمايدۇ. تېلېۋىزىيە قانىلىدا پەيلاسوپ سۆزلەۋاتقان بولسا ئۇنى دەرھال ئۆچۈرۈپ، سەنئەت، كىنو بېرىلىۋاتقان قاناللارنى ئىزدەيدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ۋاقىت ۋە زېھنىمىزنى يۈزە، ئادەتتىكى، ماھىيەتسىز مەسىلىلەرگە سەرپ قىلىپ، دىققەت نەزىرىمىزنى نۆۋەتتە زۆرۈر بولۇۋاتقان تەخىرسىز مەسىلىلەرگە قارىتالمايمىز؟ ياكى تەبىئىتىمىزدە ئەقىلنى تونۇش، چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى يوقمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىمىزدىكى بىر قاتار ئاجىزلىقنى بېرىپ چىتىلسا كېرەك.

## ئەخلاق ۋە ئەقىل

پەيلاسوپ سوقرات: «گۈزەل ئەخلاق — ئەقىل دېمەكتۇر» دېگەنىكەن. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىختا، بىر قەدەر مۇكەممەل مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە مىللەت بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئەقىلنى ئەخلاققا بىرلەشتۈرۈپ تونۇپ كەلگەن. ئادەتتە بىز ئەخلاقسىز ، چاكىنا كىشىلەرنى « ئەقىلسىز» ئىبارىسى بىلەن، دىيانەتلىك، ئەدەپ-قائىدىلىك، پەزىلەتلىك

www.uyghurkitap.com

كىشلەرنى«ئەقىللىق» ئىبارىسى بىلەن ئاتايمىز. بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىغا قارىمايدىغان، تاشلىۋېتىدىغان، ھەتتا خورلايدىغان كىشلەرگە نىسبەتەن «ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز، ئەقىلسىز» ئىبارىلىرى ئارقىلىق نەپرىتىمىزنى ئىپادىلەيمىز. دەرۋەقە، ئەقىل ئەخلاق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەخلاق ئەقىلنى توغرا مېتود بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەخلاق كاتېگورىيىسى ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلارغىلا تەتبىقلاپ چۈشەنسەك تولىمۇ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالغان بولىدۇ. سەلتەنەتنى ھەرقانچە كامال تاپقان ئەل ياكى مىللەت بولسۇن، ئەگەر ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشسە ئەقىل-پاراستىمۇ خۇنۇكلىشىدۇ-دە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى تېزلىشىدۇ. ئەخلاق مىللەتنىڭ روھى، ئىنسانىي پەزىلەتنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان چىراغ. ئەخلاق كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ، ھەردائىم كىشلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئەخلاق بولمىسا كىشلەردىكى ھايا-نومۇس ئېگى يوقلىپ، ۋىجدان، غۇرۇر دېگەنلەرمۇ سۇغا چىلىشىدۇ-دە، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھايۋانىيلىق باش كۆتىرىدۇ. ئادەتتە قانۇن بىر تەرەپ قىلىپ بولالمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ئەخلاق تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەت ئەخلاق مەسىلىسىنى ئىنتايىن نازۇك مەسىلە دەپ قاراپ، يۇكسەك ئېتىبار بەرگەن. ئەخلاق جەھەتتە يۇقىرى ساپا، مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولغاندىلا باشقا ئىشلار جايىدا يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

ئىرىشىپ ئۆگىنىش، ۋاقىتنى قەدىرلەش، باشقىلارغا ياردەم قىلىش، گەپ-سۆز، يۈرۈش-تۇرۇشتا مەدەنىي بولۇش، ھەسەت ۋە پىتنە-پاساتنى تەرك ئېتىش، ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىق... گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. غايىسىزلىك، ئىشەنچنى يوقىتىش، غەيۋەت-شىكايەت، كۆرەلمەسلىك، چېقىمچىلىق، ئىچىملىك-چېكىملىككە بېرىلىپ تەن ۋە روھنى تەڭ زەئىپلەشتۈرۈش بەدىلىگە ئەقىلنى دوغا تىكىش، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، ئەھمىيەتسىز ۋە ئورۇنسىز يىغىلىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك، ئىرىشماسلىق، بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش، ئۆزىنى بىلمەسلىك ۋە سورىماسلىق، چاكىنا-پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە بېرىلىش، پاھىشۋازلىق، سۆز-ھەرىكەتتە مەدەنىي بولماسلىق، كىيىنىشتە تاپتىن چىقىپ كېتىش، ئورۇنسىز جېدەل-ماجىرالارنى تېرىش ، ئائىلىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك، بالىنى تېپىپ قويۇپ كارى بولماسلىق، ئەمگەك سۆيمەسلىك، ئەقىدىسىزلىك، ئېتىقادنى يوقىتىش، بىكارچىلىق، ھۇرۇنلۇق، ئويۇن-تاماشىغا قانماسلىق... دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىللەت ئەخلاقىي جەھەتتىكى چىركىنلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەقىل

ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئىنسانلار يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى بىر پادىشاھ چەت سەھراغا بېرىش جەريانىدا ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللاردا مېڭىپ پۇتلىرى ئاغرىپ، ھېچ ھالى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جىمى يولغا بىر قەۋەت كالا تېرىسى سېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھلىقتىكى ھەممە كالىنى سويغان بولسىمۇ بىراق يېتەرلىك تېرە توپلانماپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئەقىللىق چاكار يۈرەكلىك بىلەن: «ئالىيلىرى، بۇ ئىشقا نېمانچە ئاۋارە بولىدىلا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىككى پۇتلىرىغا كالا تېرىسى ئورىۋالسىلا بولمامدۇ» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھال پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئىنسانلار ئاياغ كىيىدىغان بوپتۇ.

دۇنيادا كەڭ ئومۇملاشقان ئاددىيغىنا كەشپىيات — ئەگرى نەيچىلىك سۇمۇرگۈچمۇ مۇنداق بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە ياسالغان: بىمارنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كېسەلگە قارىغۇچى ئادەتتىكى بىر ئايال بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ يېڭى كەشپىياتنى روياپقا چىقارغان. قارىماققا، بۇ كەشپىيات تولىمۇ ئاددىي بولغىنى بىلەن، كىشلەرنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەقىل ئىجادىي تەپەككۇر ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ دەل يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. يېڭىلىق يارىتىش بىرەر نەرسىنى كەشىپ قىلىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بىلىمدە، تېخنىكىدا، نەزەرىيىدە، تەپەككۇردا، كرېدىتتا دېگەندەك كەڭ تەرەپلەردىكى يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىجادىي تەپەككۇر ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ رىقابەتتە يېڭىش ۋە يېڭىلىشىنى ، مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ياكى تۇرالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىچكى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى دەۋر كىشلىرى يېڭىلىق يارىتىشنى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ جان تومۇرى دەپ تونۇماقتا . ياپونىيىنى ئالساق، گەرچە بۇ دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ناھايىتى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنالىشى — ئۇلارنىڭ مائارىپقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق بىلىم ۋە تېخنىكىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولالىغانلىقىدا. شۇڭا بەزى كىشلەر « بىلىم ئامېرىكىدا پەيدا بولۇپ، ياپونىيىدە تېخنىكىغا ئايلىنىدۇ» دېيىشىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنالىشىمۇ ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىگە ئەڭ ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتەكچى قىلىپ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلالىغانلىقىدا.

بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق شۇكى، نەچچە

ئون يىلدىن بېرى ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىلىپ، خاسلىققا سەل قارالدى؛ نەزەرىيىۋى بىلىمگە زىيادە ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە سەل قارالدى؛ شەكىللۋازلىق، شوئارۋازلىق، قېلىپلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇنىۋېرسال ساپاغا سەل قارالدى. «تۆمۈر تاۋاق»، «تۆمۈر ئورۇندۇق»قا ئېرىشىش ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر مەقسىتىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئىمتىھان نەتىجىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تەقدىرى»نى بەلگىلەيدىغان ئەڭگۈشتەرگە ئايلىنىپ قېلىپ، بارلىق مائارىپ پائالىيىتى بۇ «مەركەز» ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مائارىپنىڭ نىشانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش، ياشاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتەك تەرەپلەرگە قارىتىلماي، نومۇر ئۈچۈن ئوقۇتىدىغان، نومۇر ئۈچۈن ئۆگىنىدىغان پاسسىپ مائارىپ قارىشىنىڭ ئۇزاق مەزگىل دەۋرلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پىكىر ۋە تەپەككۇرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قالدۇردى. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى دەبدەبىلىك نەزەرىيىلەر، سىرلىقلاشتۇرۇلغان بىلىملەر دۆۋىسى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى. نەتىجىدە، جەمئىيىتىمىزدە ئون يىل ئوقۇپمۇ قولىدىن بىرەر ئەمەلىي ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان مەدەنىي ساۋاتسىزلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە مائارىپنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىز ئىزدىمەكچى بولغان مائارىپ تەربىيىلەنگۈچىلەردە ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە ساغلام ۋۇجۇد، ئىلمىي ئۆگىنىش روھى يېتىلدۈرەلەيدىغان، ئىجادىي پىكىر ۋە تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغىتالايدىغان، ئەقىل بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز رىقابىتىگە دادىل يۈزلىنەلەيدىغان، خاسلىقى بولغان مائارىپتۇر. يېڭىلىق يارىتالايدىغان مائارىپنى بەرپا قىلماي تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتالايدىغان يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشتىن سۆز ئېچىش بەسى مۈشكۈل.

## ھېسسىيات ۋە ئەقىل

ھېسسىيات بولمىسا ئەقىل قاناتلىنالمايدۇ. ئەمما ئەقىل بىلەن ھېسسىيات دائىم دېگۈدەك توقۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. ئەقىلنىڭ ھېسسىياتنى زىيادە چەكلەپ تۇرۇشى ھېسسىياتنىڭ قۇرغاقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئەقىلنىڭ ھېسسىيات تەرىپىدىن قۇل قىلىنىشى ئاسانلا ئەقىلدىن ئېزىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەمدە ھېسسىيات بولمىسا قىزغىنلىق، قىزىقىش، خۇشاللىق، ھاياجان، مۇھەببەت ـ نەپرەت دېگەندەك پىسخىك كەيپىياتلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئادەم گويا ھېسسىياتسىز مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېسسىيات بولمىسا بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق، ھېسسىياتنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئەقىل ھېسسىيات قايناملىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىسا، ئادەم توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ ـ دە تەتۈر قىسمەتلەر قايىنىمىغا غەرق بولىدۇ.

مۇبادا سىز تېز سۈرئەتتە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك تاللاشقا دۇچ كەلدىڭىز: يولنىڭ بىر قاسنىقىدا بىر بالا، يەنە بىر قاسنىقىدا ئۈچ بالا سىزگە قارشى يۆنىلىشتە كېلىۋاتقان بولسۇن، بىر بالىنىڭ ماڭغان يولى قاتناش قائىدىسىگە نىسبەتەن توغرا، يەنە بىر چەتتىكى ئۈچىنىڭ يول يۈرۈشى قائىدىگە خىلاپ بولسۇن: شۇ پەيتتە ھادىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئاللىقاچان مۇقەررەرلىشىپ بولدى. ئەمدىكى گەپ رولنى بىر بالا ياكى ئۈچ بالا تەرەپكە بۇراش مەسىلىسىلا قالدى. شۈبھىسىزكى، دەل شۇ چاغدا ئەقىل بىلەن ھېسسىيات كەسكىن توقۇنىشىدۇ. ھېسسىياتىڭىز رولنى بىر بالا تەرەپكە، ئەقلىڭىز بولسا ئۈچ بالا تەرەپكە بۇراشقا دەۋەت قىلىشى تۇرغان گەپ. ھارام بوپقالغان قويىنى ئەقىل نۇقتىسىدىن تەكشۈرتۈپ كۆرۈپ بېقىشقا بولسىمۇ، ھېسسىياتىڭىز بېقىشقا يول قويمايدۇ. ئادەمنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ئارىسىغا شەيتان يوشۇرۇنغان بولارمىش. گەرچە بۇ بىر ئۇبرازلىق ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئادەم ھەر دائىم ھوشيار تۇرمىسا ئاسانلا «شەيتان»نىڭ ئېزىقتۇرىشىغا ئۇچراپ، ئۆزىنى كاچاتلايدىغان ئىشلار رېئاللىقىمىزدا كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئائىلى، كۈچلۈك شەھۋانىي ئىستەكنىڭ غىدىقلىشى روھىڭىزنى چۇلغىۋالغاندا نىيىتىڭىز بۇزۇلغان بولسۇن، شۇ چاغدا ھېسسىيات شۇ ئىشنى قىلىشقا، ئەقىل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈندەيدۇ. بىزدە بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ مەڭگۈلۈك قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. بىر ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىماي قېنىڭىز قىزىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغىنىڭىزدا ئەقىل ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەشكە ماھىر بولمىسىڭىز، ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

گەرچە ئادەم ئۈچۈن ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوخشاشلا مۇھىم بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئامىلنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ مېڭىش ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەقىل ئىنساننىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ھېسسىيات ئەقىلنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنمىغاندا زورۇر تەرەققىيات پۇرسىتى قولدىن كېتىدۇ، ئۆزلۈك ئېگى سۇسلاپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، مەۋجۇدلۇق مەھكۇملۇققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئەقلىي مىللەتلەرنىڭ ھېسسىيات مىللەتلىرىگە قارىغاندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

ھېسسىيات ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مىللەت ئەزالىرىدا ئاسان ھاياجانلىنىش، بىرەر نەرسىگە ئوتتەك قىزىقىپ، ئاسانلا پوقتەك سوۋۇش، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولماسلىق، يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىش، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىنى كۆرمەسلىك، قىزىققانلىق، ھېسسىياتقا بېرىلىش، پرىنسىپنى ئۆلچەم قىلماسلىق، ئاسانلا بولدى قىلىۋېتىش... دېگەندەك خاھىشلار بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى تىپىك ھېسسىيات مىللىتى دەپ قاراشتى. ھازىرچە بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، بىزدە

www.uyghurkitap.com

ھېسسىيات ئامىللىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئاققا قارا ئاسان يۇققىنىدەك، بىزدە بىرەر ئىشتا نام ـ نەتىجە قازانغۇچىلارغا نىسبەتەن نېمىشقىدۇر ئارقىسىدىن سۆز ـ چۆچەكمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا بەزى رەزىل كىشلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەك تارقىتىشى بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئېنىقلاپ كۆرمەيلا بىر قىسىم ئالىم ـ ئۆلىما، ئەدىبىمىزنى غاجاپ، سېستىپ بىريەرگە ئاپاردۇق. ئۇلارنىڭ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قان تۆكۈرۈپ ئەسەر يېزىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمىدۇق. بەدىئىي ئەسەرلىرىمىز، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە «تەسىرلىك» ئەسەر ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق ئەسلىدىنلا مىسكىن يۈرەكلەرنى تېخىمۇ ئېزىدىغان يىغلاڭغۇ ھېسسىياتقا باي، چۈشكۈن روھنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەر، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ئاۋۇپ، ھېسسىياتقا مايىل خەلقىمىزدىن كۆز يېشى تەلەپ قىلدۇق. بىز ئۇيغۇرلار يەنە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى»دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىمىز. بىر قارىماققا بۇ مەلۇم مەنىدە يامان نام جۈملىسىدىن بولمىسىمۇ، سىنچى نەزەر بىلەن باققىنىمىزدا ئەقلىيلىككە نىسبەتەن بىر خىل ھاقارەتتەك، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشنىلا بىلىپ، باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغىنى ئېنىق. راست گەپنى قىلغاندا، شۇ كۈنلەردە ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ قۇترىشى ئەقلىمىزنى كورلاشتۇرۇپ، كۆزىمىزنى تورلاشتۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. ئەمدى ھېسسىياتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلماساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

※ ※ ※

پسىخولوگىيە ئىلمىدە دىققەت، كۆزىتىش، ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قاتارلىقلارنى ئەقىل ئامىللىرى دەپ قارايدۇ. دىققەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ روجىكىگە، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ رازۋېدچىكىگە، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ ئامبىرىغا ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ قانىتىغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئامىللار ئىچىدە بىرەرسى ئۆز رولىنى يوقاتسا، ئەقلىي ئىقتىداردىن سۆز ئېچىش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېھتىياج، قىزىقىش، مۇددىئا، ھېسسىيات، ھەۋەس، ئىرادە، تېمپېرامېنت قاتارلىقلار غەيرىي ئەقلىي ئامىللار دەپ قارىلىدۇ. غەيرىي ئەقلىي ئامىللار گەرچە بىۋاسىتە ئەقىلنى پەيدا قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ۋۇجۇدىنى ھاياتىي كۈچتىن ئىبارەت ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مىسالەن، ئېھتىياج تۈپەيلى قىزىقىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. قىزىقىش ھەۋەسكە ئايلانغاندا ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزى ھەۋەس قىلغان ئىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغدا تارتقان ھەرقانچە جاپامۇ كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئادەمدە قىزىقىش، ھەۋەسلا بولۇپ ئىرادە بولمىسا بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تەپەككۇرسىز ھاياتنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. ئەقىل پەقەت تەپەككۇرنىڭ خاسىيىتىدە نۇرلىنىدۇ. دېمەك، ئەقىل ئامىللىرى بىلەن غەيرىي ئەقىل ئامىللىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ قايسى دەرىجىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسلىسى ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ.

بەزىلەر ئەقىل ـ پاراسەتنى ماددا دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر روھىي كۈچ دەپ قارايدۇ. بەزىلەر مېڭىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك ئىنكاسنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ... ئەقلىنىڭ ئىپادىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ساپاسىنى ، بولۇپمۇ مېڭىنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمدارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئالاھىدە قابىلىيەت بولۇپ، كونكېرىتنىي ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەقلىنىڭ يوشۇرۇن ھالتى بومبىنىڭ تىنچ تۇرغان ھالىتىگە، يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا ئۆتۈپ، پارتلاش خاراكتېرلىك مەنىۋى كۈچ ھاسىل قىلىشىنى بومبىنىڭ پارتلىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىختىساسلىقلار رىقابىتىنىڭ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتۈشى، ئەقىل ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

« دۆت» دېگەن ئۇقۇم نىسپىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، نورمال تۇغۇلغان ھەرقانداق ئادەم ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا دۆت بولمايدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. « دۆت»لۇك بىر تەرەپتىن ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى بىلمىگەنلىك ياكى جارى قىلدۇرالمىغانلىقتىن كېلىپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولالماسلىق، ئەقلىي ئامىللارنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالماسلىق، سۆرەلمىلىك، ھۇرۇنلۇق، ئىرادىسىزلىك، تىرىشماسلىق، كاللا ئىشلەتمەسلىك، شىجائىتىنى يوقىتىش دېگەندەك پاسسىپ روھىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇمكى، نورمال تۇغۇلغان ئادەملەرنىڭ ئەقىل ئويغىنىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پالانى مىللەتنى« ئەقىللىق»، پۇستانى مىللەتنى « دۆت» دېيىش ئەمەلىيەتتە لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇيەردىكى پەرقنى ئەقلىنى ئىشقا سالالىغانلىق ياكى سالالمىغانلىق مەسلىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئالايلۇق، يەھۇدىيلارنى «ئەقىللىق مىللەت» دەپ ئاتىماي، «ئەقلىنى جايىنى تېپىپ ئىشلىتىشنى بىلىدىغان مىللەت» دەپ ئاتىساق توغرا بولىدۇ.

تالانت ئەمەلىيەتتە ئەقلىنىڭ يۈكسەكلەشكەن بىر خىل ئىپادىسىدۇر. تالانت ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىي ئەمگەكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئېينىشتېين تالانتنى: « بىر پىرسەنت ئەقىل ۋە ئىلھام بىلەن، 99پىرسەنت قان ـ تەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسى» دەپ قارىغان. بۇ گەپ سەل مۇبالىغىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەجىر ـ مېھنەتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەمەلىي ئىشلەش روھى بار ئادەتتىكى كىشلەر ئەمەلىي ئىشلەش روھى بولمىغان ئەقىللىق كىشلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇققا ئېرىشەلەيدۇ. ئەقىل غايەت زور يوشۇرۇن بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئاچقىلى ۋە تەرەققىي

قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەقىلنى قانچە ئىشلىتىپ بەرسە شۇنچە ئېچىلىدۇ، ئىشلەتمىگەنسېرى دات باسىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا «نورمال بولغان چوڭ مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش سىغىمى تەخمىنەن 600مىليون دانە كىتابتىكى بىلىمنىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا تەڭ كېلىدىكەن. ئىنسانلار ئىقتىدارىنى ئازراقلا جارى قىلدۇرالىسا 40خىل تىلنى ئۆگىنىۋالالايدىكەن.» [21] «ئىتالىيە كاردىنالى بوزما ماتىبل (1774 ـ 1899) ئىسىملىك ئېپىسكوپ 72خىل تىلنى بىلگەن، 39خىل تىلنى راۋان سۆزلىيەلىگەن.» [22] ياشاۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى پەقەت مېڭىسىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنىلا ئىشلىتىپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىكەن. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىلغاندا مېڭىنى ئۈنۈملۈك ئاچقىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسى مۇتەخەسسىس ـ ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتقان جەلپكار تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئەقىلنى پۈتۈنلەي ئەجابىي نەرسە دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. باشقىلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھىيلە ـ مىكىر، سىياسىي نەيرەڭلەرمۇ ئەقىل جۈملىسىگە كىرىدۇ. دېموكراتىيىلەشمىگەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدا ھىيلە ـ مىكىر ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەقلى ـ ھوشىنى سەگەك تۇتمىغان بىخۇد كىشىلەر بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ. بۇنداق ئۇسسۇل ئويناشنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نورمال ئىش دەپ قاراپ قالىدۇ. بەزى ئادەملەر ئەقىللىق بولغىنى بىلەن قارا نىيەت كېلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بابلاش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش كويىدا يۈرىدۇ. بەزى ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا «جىن» تولا بولىدۇ. تۈيدۈرماي سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ. كاللىسىدا يەنە قانداق «ئويۇن» لارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. قاراقورساق نادانلار كۆپ ھالدا قورسىقىدا «جىن» بار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئارىفنامە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 4 ـ ، 5 ـ (قوشما)سان) ناملىق ئەسىرىدە: « ئەقلى قارا! نادان ۋە بىلىمسىزلەر، كۆڭلى قارا! ئەقلى ۋە بىلىمى بولغان ۋىجدانسىزلارغا قارىتىلىدۇ»دېگەن. زور ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىن ئېزىشى ئاپەت خاراكتېرلىك زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ ھوقۇق ـ مەرتىۋىسى ئۆسكەنسېرى جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان خەۋپ ـ خەتىرى شۇنچە زور بولىدۇ. بەلكىم مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ خالىي بىر خانىدا ئۆزئارا قۇلاق قېقىشىپ تۈزۈشكەن ئىستراتېگىيىسى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى بەلگىلەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك ئاجىزلار ھامان كۈچلۈكلەرنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا ياشايدۇ. ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ئەقىلگە مۇراجىئەت قىلىش!!! بىزگە نىسبەتەن شوئارغا ئايلىنىپ كەتكەن «ئەقىل رىقابىتى» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ ئارقىسىغا تولىمۇ چوڭقۇر مەنالارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چۈشىنىشىنىڭ ئۆزى بىر ئەقىل. ھازىرقى دۇنيادىكى ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ماھىيەتتە ئەقىل رىقابىتى بولغاچقا، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەر دىققەت نەزىرىنى كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارغا قارىتىپ، قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەقىل بۇلىقىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە جىددىي ئىزدىنىش ۋە سەپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. جۇڭگودا ساپا مائارىپىنىڭ كۈچەپ تەكىتلىنىشىمۇ، دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى قوزغىتىپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئاساسىدا ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت.

ھاياتلىقلا بولىدىكەن رىقابەت بولىدۇ. رىقابەتنىڭ رەھىمسىزلىكى تاللىنىش ۋە شاللىنىشتا . مەۋجۇدلۇق ۋە مەھكۇملۇق كۈرىشىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. بۇ نۇقتىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەندىلا ئاڭ ئويغاق ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئاڭنىڭ ئويغىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئەقىل دەرۋازىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئۆز تەبىئىتىدىكى بايلىقلاردىن پايدىلانماسلىق تولىمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە ، ئەلۋەتتە.

ئەقىلدىن قانچە ياتلاشقانسېرى نادانلىق شۇنچە باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. « ئىت غالجىرلاشسا قۇيرۇقىنى تالايدۇ، ئادەم نادانلاشسا ئۆز قوۋمىنى غاجايدۇ» دېگەندەك، « نادان كىشىلەر ئۆز ئارا كۆتىنى كولىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىشىدۇ، مېغىزىنى باشقىلارغا بېرىش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.» [23] نادانلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ئىلغارلىق چەتكە قېقىلىپ، ھەقىقەت بويۇن قىسىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئاۋامنىڭ ئىرادىسى ۋە جاسارىتى سۇسلايدۇ. چۈشكۈن نىجاسەتكە ئامراق بولغىنىدەك، روھى كېرەكتىن چىققان ئادەملەرمۇ ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدۇ. نادانلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەت ئەزالىرىدا ئەقىل ئىسراپچىلىقى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە بولىدۇ. بۇنداق «سىياسىي مەدەنىيلىك» بولمىغان، ئەقىل كار قىلمايدىغان زاماندا ياشاش زىيالىيلار ئۈچۈن ئەڭ زور بەختسىزلىك بولۇپ، ئۇلار ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ؛ بۇنداق جەمئىيەتتە «سىياسىي يانچۇقچى»لار بازار تېپىپ ، ھەق ـ ناھەق تۈيغۇسى ئۆلگەن ، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان جان باقتى ئىجتىمائىي گاس ـ گاچىلار(مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئاۋۇپ كېتىدۇ. نادانلاشقان ئاۋام ئەمەلىيەتتە ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى يوقاتقان، زەئىپلەشكەن روھلار توپى بولۇپ، بۇنداق ئاجىز ـ چۈشكۈن روھ گېزى كەلگەندە زامانىۋىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بىر تېپىككىگە يارىمايدۇ؟!

ئېينىشتېين: « ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ئومۇمەن قاشاڭ كېلىدۇ» دېسە، گراسىئەن: « ئەمما دېگەن كۆپ باشلىق غەلىتە مەخلۇق، ئۇنىڭدا يامان غەرەز تېرىيدىغان بىرمۇنچە كۆز ۋە كەلسە ـ كەلمەس تۆھمەت تارقىتىدىغان كۆپلىگەن تىل بار» [24] دېگەن. كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق، بىراق ئاممىۋى ئىدىيە ۋە ئاممىۋى ئېقىملارنىڭ توغرا بوپكېتىشى ناتايىن. بولۇپمۇ تۈرلۈك پىكىر ـ ئېقىم تەڭ مەۋجۇد بولمىغان، ئەركىن بەھس ـ مۇنازىرىلەردىن

مۇستەسنا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ قارىشىنىڭ بىر خىل بوپكېتىشىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇ، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. چۈنكى يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيىلەر ئالدى بىلەن شەخسلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئاندىن ئومۇملىشىدۇ. شۇڭا كۆپ ھالدا ھەقىقەت ئازساندىكى كىشىلەر تەرەپتە بولىدۇ. كىشىلەر نەچچە ئەسىرلەپ چوقۇنۇپ كەلگەن «يەرمەركەز» تەلىماتى ئاخىرقى ھېسابتا خاتا بولۇپ چىقمىدىمۇ؟ كىم بىلىدۇ ھېلىمۇ قانچىلىغان خاتا قاراش، ئىدىيە ۋە نەزەرىيىنى توغرا دەپ قاراپ، ۋاقىت ۋە زېھنىمىزنى قانچىلىك خورىتىۋاتقانلىقىمىزنى بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئېقىمغا قارا ـ قويۇق ئەگىشىش، نوپۇزلۇقلارغا زىيادە چوقۇنۇش ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ زىيادە سۇسلاپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. پەقەت مۇستەقىللىق خاراكتېرى كۈچلۈك، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئەقلى ساز كىشىلەرلا ئۆزىگە خاس يېڭىچە بىر يولنى ئاچالايدۇ، ھاياتنىڭ قەنتىنى چاقالايدۇ.' ئەقلىنىڭ نېپىلىكىنى تونۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى سۆيۈشتە.« ھايات دەرىخىدىن يېتىلگەن ئەقىل ـ ئىدراك مېۋىسىنى، ۋاقىت داۋىنىدا ھاسىل بولغان ھېكمەت ـ پاراسەت خەزىنىسىنى ئىگىلەش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشتىكى زۆرۈر ئۆتكەلدۇر.»[25] بىز ئەقىل نۇرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزنى پاكلاپ نۇرلاندۇرالىساق، كۆز ئالدىمىزنىڭ يورۇپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز، نادانلىققا خاتىمە بېرىپ، مەۋجۇدلۇقنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلالايمىز.

2008 ـ يىل 11 ـ نويابىر، قورغاس

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] جاۋسىياۋ: «گىگانت جۇڭگونىڭ يېنىدىكى پەتەك ياپونىيە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 1 ـ سان.

[2] جۇئان ئېنرىكۇير: « تېخنىكا بايلىق پەرقىنى زورايتىۋەتتى»، «تەرمىلەر»ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 3 ـ سان.

[3] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»2005 ـ يىل 30 ـ ماي سانى .

[4] ئابدۇقادىر جالالىددىن: « بىلىمنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەبىرى»، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 6 ـ سان.

[5] ماتۇر روزى: « يېڭى ماتارىپ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ماي نەشرى، 21 ـ بەت.

[6] «بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى»، « تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 12 ـ سان. جەمىلە ئەلى تەرجىمىسى.

[7] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن. 1999 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 172 ـ بەت.

[8].[9].[10] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «بىلىمنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەبىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 6 ـ سان.

[11] مورتىمىر ئادلېر: «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل يانۋار نەشرى، 8 ـ بەت. ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى.

[12] «باللارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2004 ـ يىل فېۋرال نەشرى، 24 ـ بەت. مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى.

[13] بالتاسارگراسىئەن: «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئاپرېل نەشرى، 228 ـ بەت. ئوبۇل ئىسلام تەرجىمىسى.

[14]، [15] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « قۇتادغۇ بىلىك»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان. مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نويابىر نەشرى، 45 ـ ، 57 ـ ، 45 ـ ، 60 ـ ، 64 ـ ، 66 ـ ، 52 ـ بەتلەر.

[16] ماتۇر روزى: « يېڭى ماتارىپ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ماي نەشرى، 35 ـ ، 36 ـ بەتلەر.

[17] ليۇ فاڭ: «فرانسۇزلار باللىرىنى قانداق تەربىيىلەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 152 ـ ، 153 ـ بەتلەر. ئۆمەرجان مۇھەممەت تەرجىمىسى.

[18] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئارىفنامە» ، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 4 ـ .5 ـ (قوشما)سان؛ يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان « يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 346 ـ بەت.

[19] مورتىمىر ئادلېر: « غەربنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل مارت نەشرى، 11 ـ بەت. ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى.

[20] ئەسەد سۇلايمان: « 20 ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غىرىبلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ ، 3 ـ (قوشما)سان.

[21] « بىلىم ــ كۈچ» ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 5 ـ سان 31 ـ بەت.

[22] يۇقىرىقى ژۇرنال 2007 ـ يىل 5 ـ سان 5 ـ بەت.

[23] ئىمىر مۇھەممەت بېگىمارىي: « مەسلىھەت»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006 ـ يىل ماي 2 ـ نەشرى، 116 ـ بەت.

[24] بالتاسارگراسىئەن: « ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئاپرېل نەشرى، 89 ـ بەت. ئوبۇل ئىسلام تەرجىمىسى.

[25] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل ئاۋغۇست نەشرى، 9 ـ بەت.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى (M1)

بۇ سان 2008 ـ يىل 1 ـ نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ نويابىردا نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن(M3). بىكىتكۈچى: قۇربان مامۇت(ئالىي مۇھەررىر)



«شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن»، «ھېسام ھەققىدە قىسسە»، «چىرايلىق چۈمبەل» قاتارلىق رومانلار؛ «ئاخىرقى كۈنلەر»، «ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «تارىخنىڭ كۆزى ـ مۇسا سايرامى» قاتارلىق پوۋېستلار توپلاملىرى؛ «سالچىنىڭ ئوغلى»، «ئاھ، يانتۇ سۈرەت»، «سومكىمدىكى جېدەل»، «كۆزلەر سۆزلەيدۇ»، «ئايالىمنىڭ دوستى»، «كارۋات ئاستىدىكى ئەر»، «ماخمۇت مۇھەممەت ھەجۋىي ھېكايىلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى؛ «ئورغۇراق»، «ئالتۇن مۇنار»، «چەشمىلەر» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى؛ «ھېسام چاقچاقلىرى» (ئون كىتاب، ئالتىسى ئۇيغۇرچە، تۆتى خەنزۇچە)، «تېيىپجان ئېلىيېۋ چاقچاقلىرى»، «دۇردانە لەتىپىلەر» قاتارلىق كىتابلار؛ «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر» قاتارلىق ئەسلىمە كىتابلار؛ «كۆكۈل ئىزھارىم» ناملىق پوبلىستىك ماقالىلەر توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى، شائىر ماخمۇت مۇھەممەت ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كەچ قايتىش

رەسسام: غازى ئەھمەد


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008 ـ يىل 6 ـ سان (ئومۇمىي 294 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：新疆日报　印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局
邮发代号：58—22　定价：5 元

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 5 يۈەن